国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION
دۆلەتنىڭ نەشر
فوندى تۈرى

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (26)

# قەشقەر

# قول ھۈنەرۋەنچىلىكى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

دۆلەت نەشرىياتچىلىق فوندىنىڭ ياردەم
مەبلىغىگە ئېرىشكەن ئەسەر

国家出版基金资助项目

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (26)

# قەشقەر

# قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئادىل مۇھەممەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **رىزۋانگۈل ئابلىمىت**
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: **تاھىر تالىپ**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رىزۋانگۈل ئابلەت**

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (26)

# قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

تۈزگۈچىلەر: **ئابدۇكېرىم رەھمان**
**ئادىل مۇھەممەت**

---


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 9.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2012- يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2012- يىلى 7- ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1

---

ISBN 978 —7 — 5373 —2707—7
باھاسى: 29.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927—0998

# «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: ليۇ چاڭمىڭ
مىجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمىدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم راخمان
ئادىل مۇھەممەت
نيې گۇاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

# 《喀什噶尔》系列丛书编委会

总策划：**司马义·铁力瓦尔地**

主　任：**刘长明**
**米吉提·卡德尔**

副主任：**张新泰**
**古力先·吐拉洪**
**依明·艾合买提**
**赵新尉**
**木太力甫·托合提**

委　员：**阿布都克力木·热合曼**
**阿迪力·穆罕默德**
**聂光玉**
**克力木江·阿布都热依木**
**阿布拉江·色依提**
**艾尔肯·艾麦提**

主　编：**阿迪力·穆罕默德**

# كىرىش سۆز

قەشقەر ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 15- ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن؛ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت - سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «مېۋە - چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا - ئۇسسۇل

ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى؛ قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى

ئۆزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربىنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، سىياسىي - ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان - سېپىرلار توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ

قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيەلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.



2009 ـ يىلى 1 ـ يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# نەشرىياتتىن

«‹يىپەك يولى› دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەق-قىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىۋاتقان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيەسى، ئېكسپېدىتسىيەسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي جۇغراپىيەسى، كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئېلىمىز مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى» دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىلى 1 - ماي، قەشقەر

# تۈزگۈچىدىن

قەشقەر ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى «يىپەك يولى»دىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناپ كەلگەن. قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭدا قەدىمكى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى، ھىندى دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى، ئىككى دەريا ۋادىسى مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان ۋە ئالاقە ئورناتقان، بولۇپمۇ خەن دەۋرىگە كەلگەندە يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ - قەشقەر دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت جەم بولغان جايغا ئايلانغان، غەربىي يۇرت مەدەنىيەت - سەنئىتى ئاجايىپ رەڭدار بولغانىدى.

قەشقەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مىللەت - قوۋملارنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى، ئۆزئارا بېرىش - كېلىشلىرى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى، تەسىر كۆرستىشلىرى مۇشۇ بېپايان زېمىندا ئىشقا ئاشقان ھەمدە قەشقەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت - سەنئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قەشقەرنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلانغان تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا قەشقەردە ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە خاس بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەر بۇيۇملىرى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۆزگىچە سەنئەت ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن. قەشقەر بولسا ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتى جۇغلاشقان جاي بولۇپ، قەشقەر قەدىمدىن ھازىرغىچە، ئىلىمىزدىن چەت ئەللەرگىچە ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەدەنىيەت - سەنئەت مەركىزىگە ئايلانغان. شۇڭا، قەشقەرنىڭ قەدىمكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش قەشقەرنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلانغان تارىخ، مەدەنىيەت - سەنئەت تەرەققىياتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتابتا قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، ئولتۇراقلىشىش ۋە قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىغا ئائىت ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى؛ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، چالغۇ - ئەسۋاب ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئائىت ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىندى ھەمدە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تەتقىقاتىغا ئائىت بىر قىسىم ماتېرىياللار قوشۇمچە قىلىندى.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدە قىسقىچە بايان........ 1

ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئائىت قول ھۈنەرۋەنچىلىكى........................................ 20

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىقتا ئائىت ھۈنەر بۇيۇملىرى.......... 20

2. ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىقتا ئائىت ھۈنەر بۇيۇملىرى........ 22

3. ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ئائىت ھۈنەر بۇيۇملىرى.......................... 23

ئۈچىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىغا ئائىت ھۈنەرۋەنچىلىكى........................................ 26

تۆتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناش - ترانسپورتقا ئائىت ھۈنەرۋەنچىلىكى........................................ 40

بەشىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەككە ئائىت ھۈنەرۋەنچىلىكى 45

1. باش كىيىم.................................... 45

2. ئىچ كىيىملەر.................................. 63

3. تاشقى كىيىملەر................................ 64

4. ئاياغ كىيىملەر................................ 66

5. قوشۇمچە كىيىملەر.............................. 69

6. قەدىمكى كىيىم - كېچەكلىرى....................... 73

ئالتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەككە ئائىت ھۈنەرۋەنچىلىكى 76

يەتتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشقا ئائىت قول ھۈنەرۋەنچىلىكى...... 111

سەككىزىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكى.......... 173

توققۇزىنچى باب قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى.......................... 185

**قوشۇمچە**(1): قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ياغاچچىلىق ۋە تامچىلىق كەسپى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى.......................................... 201

**قوشۇمچە** (2): قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى.................... 206

**قوشۇمچە** (3): قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھۈنەرۋەنچىلىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى... 215

**قوشۇمچە** (4): قەشقەر شەھىرى كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدىكى قەدىمىي كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە ۋە داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ................................... 229

**قوشۇمچە** (5): يېڭىسار پىچىقى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى 242

**قوشۇمچە**(6): چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى................................. 258

**قوشۇمچە** (7): ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - كەسپ رىسالىلىرى........ 267

**قوشۇمچە** (8): پايدىلانغان مەنبەلەر........................ 280

## بىرىنچى باب

# ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدە قىسقىچە بايان

خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ھەر خىل ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلار ئىچىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن يەنە بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بار. بۇ بولسىمۇ يۇرت ئارىلاپ ھۈنەر مەشغۇلاتى ئېلىپ بارىدىغان ھەر خىل ئۇستىكارلار گۇرۇھىدىن ئىبارەت. ئۇلار ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنىدۇر. تاغلىق رايونلار ئىقتىسادىدىكى ئۇۋچىلىق قوراللىرى ۋە كانچىلىق قوراللىرىنىڭ ياسىلىشى؛ بېلىقچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىدىكى كېمە - قولۋاق ۋە بېلىق تورلىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىدىكى ئات - ئۇلاغ جابدۇقلىرى، تېرە- خۇرۇم ئىشلەش قوراللىرى ۋە هارۋىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى؛ دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىدىكى خىلمۇخىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قوراللىرىدىن تارتىپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەر خىل قورالارنىڭ ياسىلىشىغىچە ھەممىسى ئەنە شۇ خەلق ئارىسىدىكى ئۇستىكارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قول ھۈنەر - تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كۈچىگە ئايلاندى.

ئۇستىكارلارنىڭ كەسپىي ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى قەدىمكى

دەۋرلەردىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەينى دەۋردە تېخى باشقا ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىدىن ئايرىلىپ چىقمىغان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيەلىك بايلىقلار ئىچىدە قەدىمكى كونا ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە تەئەللۇق ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ناھايىتى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە يازما تارىختىن ئاۋۋالقى كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن مىس، بىرونزا دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت خارابىلىرى تېپىلدى.

دەل كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىنسانلار ياۋايىلىق باسقۇچىدىن مەدەنىيەتلىك باسقۇچقا قەدەم قويغان، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بارلىققا كەلگەن دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى بويىچە ئېيتقاندا، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىققا يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، جاھالەت دەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدىن ياۋايىلىق دەۋرى (ۋارۋارلىق)گىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ كۆپلىگەن خارابىلاردىن ھەر خىل ئۇسۇلدا ياسالغان سىپتا تاش قوراللار (قىرغۇچى قورال، چاقماق تاشتىن ياسالغان پىچاق، سۆڭەك يىڭنە ۋە ئوقيا باشقى......) ھەمدە گېئومېتىرىك سىزىقچىلار بىلەن نەقىشلەنگەن نۇرغۇن ساپال قاچىلار (نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى قېلىپتا بېسىلىپ چىققان، بەزىلىرى سىزىلغان، بەزى ساپاللاردىكى رەڭلىك سىزىقچىلار يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجان شەكلىدە)، بېلىق، ياۋايى ھايۋان، جۇملىدىن ياۋا توڭگۇز، ياۋا بۇغا، ياۋا قوي قاتارلىقلارنىڭ سۆڭەكلىرى تېپىلدى. بۇ مەدەنىيەت ئىزلىرى ئەينى چاغدىكى بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا، قۇملۇقلىرىغا ۋە دەريا ئەتراپىغا ماكانلاشقان يەنە بىر قىسىم قەبىلىلەر گەرچە ئوۋچىلىق

ۋە بېلىقچىلىق ئىگىلىكىدە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنى كۆندۈرۈشكە باشلىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىگىلىككە مۇناسىپ قوراللارنى ياسايدىغان ئىپتىدائىي ئۇستىكارلارنىڭمۇ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[1].

ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاتلار ئوتتۇرا ئاسيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تارالغان، شۇ سەۋەبتىن ئاتنى ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيالىق كۆچمەن چارۋىچىلار كۆندۈرگەن دېگىلى بولىدۇ. ئات كىشىلەرنىڭ ھارۋىغا قېتىش، ترانسپورت، ئۇرۇش قىلىش، كۆچۈش ئىشلىرىغا سېلىنىپ، بىر مەزگىل «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت دەۋرى بارلىققا كەلگەنىدى. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ، ئوتتۇرا ئاسيانىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي قىسمىنى ئاساس قىلغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كەلدى.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ئىنسانلار ساپال قاچا ئىشلىتىشنى بىلگەن. ساپال قاچىلارغا رەڭلىك سىزىقچىلار ئارقىلىق ھەر خىل گېئومېتىرىك شەكىللەر چېقىرىلغان ۋە رەسىملەر ئويۇلغان. شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بۇ مەدەنىيەت ئىزلىرى بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكلىرىگە خاس بولغان كۆپ خىل قوراللارنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرى تاشنى يونۇپ سىلىقدايدىغان مەخسۇس ئۇستىكارلار (تاشچىلار)نى يېتىشتۈرۈپ چىقتى؛ رەڭلىك ساپال قاچىلار دەۋرى بولسا ئۆزىنىڭ ئۇستىكارلىرى بولغان كۇلالچىلارنى يېتىشتۈردى؛ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر خىل دېھقانچىلىق

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 118 -، 122 - بەتلەر.

قوراللىرىنى ياسايدىغان (كۆپىنچە ياغاچتىن) ياغاچچىلارنى يېتىشتۈردى؛ مىس ۋە تۆمۈرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۆتكۈر ۋە مۇستەھكەم قوراللارنى ياساش تېخنىكىسى بارلىققا كېلىپ، مىسكەر ۋە تۆمۈرچى ئۇستىكارلار گۇرۇھى يېتىشىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇستىكارلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشتە ئوينىغان رولى ئىنتايىن زور بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆزگە خاس ھۈنەر ئادەتلىرى قول سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەڭ ياخشى پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىدى.

خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئۇستىكارلارنىڭ ھۈنەر ماھارىتىگە ئائىت كۆپلىگەن ئەپسانە - رىۋايەت ۋە ھېكايىلەر بار. ئۇنىڭدا ئۇستىكارلارنىڭ تېخنىكىسى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيەلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان رىۋايەتلەر بار.

ياغاچچىلىق كەسپىنىڭ ئىش تۈرى ئوخشاشمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئائىت ئادەتلەرمۇ پەرقلىق بولىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردىلا ياغاچچىلىق كەسپىدە «نەپىس ھۈنەر» ۋە «يىرىك ھۈنەر» («ئاق ئىش» ۋە «قارا ئىش») دەپ ئىككى خىل ئىش تۈرى شەكىللەنگەن. ئالدىنقىسىدا ئاساسەن ئىنچىكە ۋە نەپىسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ياغاچ سايمانلار (ئىشىك، دېرىزە، ئۆي جاھازلىرى، ساندۇق، ياغاچ ئويما قاتارلىقلار)نى ياساش ئاساس قىلىنسا، كېيىنكىسىدە دېھقانچىلىق قوراللىرى (كەتمەن، گۈرجەك، بوقۇسا، بوغاز ھارۋا...... قاتارلىقلار)نى ياساش ئاساس قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسپلەردىن كۇلالچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك، زەركەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق (بۆزچىلىك، كىگىز - گىلەمچىلىك......) موزدۇزلۇق...... قاتارلىق ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگە خاس ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر خىل مەدەنىيەت تىپىگە ۋەكىللىك

قىلىدۇ.

كۇلالچىلىق سەنئىتى ئىپتىدائىي ساپالچىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئانىمىزم (ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق) جەمئىيىتىنىڭ كەشپىياتى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي جەھەتتىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، تاش قوراللار ۋە كۇلالچىلىق سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسەك ئەھمىيەتلىك بىر تەرەققىيات باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئانىلىق سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا ئاياللارنىڭ تەشكىللىگۈچى ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچى ئاساسىي كۈچ بولغانلىقىدۇر. شۇڭلاشقا، شۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشى بولغان قورال - سايمان ياساش، تېرىقچىلىق، ساپالچىلىق، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ۋە كۆندۈرۈش، ئوزۇقلۇق تەييارلاش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي ئاياللار ئورۇندايتتى، بولۇپمۇ ساپالچىلىق سەنئىتى ئاياللارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، قەدىمكى ئەپسانىلەر ئىچىدە ئايال ئىلاھلارنىڭ ئىجادكارلىق روھى مەدھىيەلەنگەن ھېكايىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەپسانىشۇناسلىقتا، «...... ئاياللارنى ئىلاھىيلاشتۇرۇش ئەرلەرنى ئىلاھىيلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن بولغان. مېتال پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا سەنئەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى بىرىنچى تۈركۈم ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ئىلاھلارغا ئەمەس، بەلكى ئايال ئىلاھلارغا مەنسۇپتۇر» دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەلۋەتتە ئاشۇ ئانىمىزملىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلىگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، كۇلالچىلىق سەنئىتىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئادەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. كۇلالچىلىقنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. شۇ سەۋەبتىن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ئىچىدە ساپال بۇيۇملار ھەممىدىن كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ. دەرۋەقە، ئىلىم - پەن تېخى تەرەققىي قىلمىغان ئۆتمۈش زامانلاردا تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى ماتېرىيالى مول، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش

سەرپىياتى ئاز، تېخنىكىلىق مەشغۇلاتى يەكۈنگەل بولغان لايدىن ياسالغان. خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان بۇنداق ھۈنەر ـ سەنئەت ئەنئەنىسى ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تېخىمۇ نەپىسلەشتى. ھازىرقى زامان كۈلالچىلىق سەنئىتىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان خىلمۇخىل فارفۇر بۇيۇملار ئەنە شۇ خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى كۈلالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدىن ئىبارەت[1].

خەلق ئارىسىدىكى ھۈنەر ـ كەسىپ ئادىتىنىڭ ئېتىقاد خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولغان ئىپتىدائىي ئىلاھىيەتچىلىك قارىشىنىڭ تەسىرى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرى سىرتقى مۇھىتنىڭ كۈچىگە بېقىنغان ھەمدە تەبىئەتنىڭ «كۈچى»نى چۈشىنىشكە قادىر بولالمىغان. شۇ سەۋەبتىن تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋەھىمە پەيدا بولغان. ئەنە شۇ ۋەھىمىدىن ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا «ئىلاھ» ھاسىل بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىلاھ» بىر خىل ئاڭ فورمىسى بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنى بېقىندۇرىدىغان سىرتقى كۈچنىڭ ئىنسانلارنىڭ ساددا ھېسسىياتىدىكى ئابستراكت چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولغان كونكرېت ئوبرازى ھېسابلىناتتى. ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قارام كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈمىدىنى، شۇ سەۋەبتىن ئەنە شۇنداق «ئىلاھ» لارغا بېغىشلىدى ۋە ئۆز غايىسىنى شۇ «ئىلاھ» نىڭ كۈچى بىلەن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. بۇ يەردىكى «ئىلاھ» ئىپتىدائىي ئەمگەك نەتىجىسىنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەمگەك قورالىغا ئىگە بولغان ئىنتايىن رېئال شەخسلەردۇر.

دېمەك، ھەرقايسى ھۈنەر ـ كەسىپكە باغلىق بولغان «ئىلاھ»لارمۇ شۇ خىل ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلۇشى سۈپىتىدە كاسىپلارنى ئۆزىگە رام قىلىپ تۇرىدىغان روھىي مەبۇددۇر.

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 124 ـ ، 126 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى كۆپ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مىتالچىلىقنىڭ رولى ناھايىتى زور بولدى. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللاردا مىتالچىلىق دەۋرىگە (ئاساسەن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە) كىرگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار دەسلەپ تۆمۈردىن ئوقيا باشاقلىرىنى، قىلىچ، خەنجەر، ساۋۇت، دۇبۇلغا، نەيزە، چىش (دېھقانچىلىق قورالى)، يۇگەن، ئۈزەڭگە، پالتا، ھەرە، ئۈشكە، رەندە، ئىسكىنە، دەرەش، قازان، داڭقان قاتارلىق كۆپ خىل قوراللارنى ياسىغان. ھەتتا ئالتۇن ئېرىتىپ، ئالتۇن چاپان، ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر قاتارلىق نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان ئالتايدىن تېپىلغان ساۋۇتلار بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر[①].

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك كۆركەم. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت سەھنىسىدىكى پارلاپ تۇرغان گۈلدۇر.

كەشتىچىلىك، گۈل چېكىش، كىمخاب، زەرباب، سەرگەز، ماتا، ئەتلەس، كىگىز، شىرداق، گىلەم توقۇش قاتارلىقلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ھۈنەر ـ سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئۇلارغا ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا ماتېرىياللىرى ۋە ئىشلەش ئۇسلۇبلىرى جەھەتتە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆڭلەك، چاپان، ياغلىق، ياستۇق، تەكىيە، بەلباغ، ئىشتان ـ دېرىزە پەردىلىرى، خۇرجۇن، ھەر خىل ئورۇن ـ كۆرپە ياپقۇچلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق قويۇق مىللىي ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا شەھەر مەدەنىيىتى

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 118 ـ، 129 ـ بەتلەر.

بۇرۇن باشلانغاچقا، ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرىنى ياساش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇرلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە خېلى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلاردا توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، كەشتىچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، قۇيمىچىلىق، مىسكەرلىك، كۇلالچىلىق، زەرگەرلىك، گەجچىلىك، جۇۋازچىلىق، بىناكارلىق قاتارلىق ھۈنەر-كەسپلەر ئالاھىدە ئومۇملاشقان. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن ياسالغان ھەرقانداق بىر بۇيۇم كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ھۈنەر - كەسپكە تولىمۇ ھېرىسمەن خەلق بولغاچقا، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە ھۈنەر ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ خاسىيتىنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. ئۇلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە «ئوغۇل بالىغا 72 تۈرلۈك ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىر قىسىم ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە بىر قىسىم ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىلىرىدە ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدە ئالاھىدە مەلۇماتلار بار. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 260 نەچچە خىل ھۈنەر - كەسپ تۈرلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم[①].

ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ پۈتكۈل جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە جەم قىلغاندىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان ۋە قەدىمكى ئەنئەنىلىرى ھېسابلىنىدىغان چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىققا ئائىت بۇيۇملارنى ياساشنى ئادەت، كەسىپ قىلغان. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىن باشلانغان ھۈنەر - كەسىپ ئادەتلىرى ۋە ھۈنەر - كەسىپ سەنئەت بۇيۇملىرى خېلى مول ساقلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - كەسىپ ئادەتلىرى ۋە ھۈنەرۋەنچىلىككە

---

[①] ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005- يىلى 4 - ئاي نەشرى، 30 - ، 31 - بەتلەر.

ئائىت مۇنتىزىم ماتېرىياللار كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەيياھلار، ئارخېئولوگ، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر قىسىم مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس ئا. لېكوك 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى بىرقانچە قېتىم گېرمانىيەنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن. ئۇ بۇ بىرنەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا، 1916 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ كىتاب نەشر قىلدۇرغان. بىرىنچى كىتابى بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ (ئاساسلىقى زىننەت بۇيۇملىرى) سۈرەتلىك ئالبومى ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى كىتابلىرىدا ئاپتور كۆچا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىملىرى (تىككۈچىلىك ھۈنىرى)، دولانلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى (جۈملىدىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكى) ۋە تۇرالغۇ ئۆيلىرى (بىناكارلىق) توغرۇلۇق بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ[1].

ئۇيغۇرلار قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە ماكانلاشقان. غەرب ۋە شەرق مىللەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى بۇنداق قولاي شارائىت ئۇلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە سودا ئىگىلىكىنىڭ بۇرۇنراق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن.

ئۇيغۇرلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىدىن قالسىلا كۆلىمى ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ بولغان بىر خىل قوشۇمچە ئىگىلىك شەكلىدۇر.

رايونىمىزدىن تېپىلغان قول ھۈنەر ـ كەسىپكە ئائىت

---

[1] ل. ئا. چېۋىر: «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر»، «نائۇكا» نەشرىياتى، موسكۋا، 1990 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 17 ـ بەت. (پەخىردىن ھېسامىدىن: «چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «مىراس» ژۇرنىلى 2001ـ يىلى 3ـ سان، 27ـ، 28ـ بەتلەردىكى نەقىل.

ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن قارىغاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ، بىرقەدەر سىلىقلاشقان قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا كۆچۈشتىن ئىلگىرى، قول ھۈنەر ئىگىلىكى تېخى باشقا ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىدىن تولۇق ئايرىلىپ چىقمىغانلىقى مەلۇم. پەقەت شەھەرلەشكەن ئولتۇراق ھايات ئېھتىياجى قول ھۈنەر - كەسپىنىڭ بىر خىل مۇقىم ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئاساس بولغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇرۇنقى دەۋرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ تېز راۋاجلانغاندى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، سۇلالىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار ئاساسەن قەدىمكى ئەنئەنە بويىچە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاز ساندىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىغىلا ئىگە بولغان ۋە ئۇلار بىرقەدەر نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدىلىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قول ھۈنەرۋەنلىرىگە يۆلەنگەنىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، تەرەققىي تاپقان ئىسلام قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاكتىپ تەسىرى ئاستىدا، قاراخانىيلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاراخانىيلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، تۈر جەھەتتىن كۆپىيىپ، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ كۆركەملەشتى ۋە بىر قىسىم قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى يىپەك يولى سودىسى ئارقىلىق غەرب ۋە شەرققە تارالدى. قەشقەر، سەئىدىيە، خوتەن ۋە ماۋارائۇننەھردىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، ئوترار، بالاساغۇن قاتارلىق شەھەرلەر يىرىك قول ھۈنەر مەركەزلىرىگە ئايلاندى. بۇ شەھەرلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بىرقەدەر تىپىك ئۈلگىلىرىدىن كاھىشچىلىق، نەققاشلىق، تاش ئويمىچىلىق، فارفۇرچىلىق، ئەينەكچىلىك، قازانچىلىق، تۆمۈرچىلىك،

كۇلالچىلىق، مىسكەرلىك، زەرگەرلىك، ياغاچچىلىق، چىغىرىقچىلىق، باپكارلىق، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، تۇماقچىلىق، كۆنچىلىك، كەشتىچىلىك، بوياقچىلىق، سوپۇنچىلىق، تاشچىلىق، چىشچىلىق، تۆگمەنچىلىك، تاقىچىلىق، قۇيمىچىلىق، تۇنىكىسازلىق، قۇلۇپسازلىق، پىلىچىلىك، قاشتاش ئويمىچىلىقى، پىچاقچىلىق، چالغۇچىلىق، باققالچىلىق، جۇۋچىلىق، ساتىراشلىق، قاساپلىق، سەرراچلىق، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، شامچىلىق...... قاتارلىق نەچچە ئونلىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى. ھەتتا بەزى قول ھۈنەرلەر كۆلەملىشىپ، «ئىشخانا» دەپ ئاتالغان قول ھۈنەر كارخانىلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قەشقەر شەھىرىنى ئالساق، شەھەر ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تۇرمۇش ئاساسى قىلغان بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىلا بۇ شەھەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىنىڭ يىرىك مەركىزى بولۇپ قالغان. شەھەردىكى خېلى كۆپلىگەن كوچا، مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى مەلۇم ھۈنەر- كەسىپنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، «ئەۋرىشىمكا كوچىسى» «دوپپا بازىرى»، «كەتمەن بازىرى»، «شامچى كوچىسى»، «پىلىچى مەھەللىسى»، «ئەگلەكچى كوچىسى»، «تاۋاقچى مەھەللىسى»، «سوپۇنچى مەھەللىسى»، «موزدۇز مەھەللىسى»، «بوياقچى مەھەللىسى»، «قاسقان بازىرى»، «زەرگەرلەر كوچىسى»، «تاغارچى كوچىسى»، «قوناق بازىرى»، «ئېگەرچى كوچىسى»، «چاپان بازىرى»، «كوزىچى يار بېشى»، «ساندۇق بازىرى»...... دېگەنگە ئوخشاش.

بولۇپمۇ ئەينەكچىلىك قاراخانىيلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە پارلاق ئورۇن تۇتىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەر داۋامىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى نۇرغۇن ئەينەكچىلىك دۇكانلىرى، نۇرغۇنلىغان ئەينەك قاچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پارچىلىرى بايقالدى. ئەينەك قاچىلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى يېمەك - ئىچمەك قاچىلىرى، ئەينەكتىن ياسالغان چىنە - تەخسە، ئېگىز پۇتلۇق جام (قەدەھ)، بوتۇلكا، كومزەك، دۇۋەت، قەلەمدان، ئەتىر قۇتىسى، زىنەت

بۇيۇملىرى، فارفۇر بۇيۇملار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى رەڭسىز ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ، بەزىلىرى يېشىل، كۆك، هاۋا رەڭ، قىزغۇچ ئەينەكلەردىن ياسالغانىدى. بۇ ئەينەك بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە ھەل بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل نەقىشلەرنى سىزغاندىن سىرت، يەنە قول ياكى ئەينەك سىملار بىلەن ھەر خىل قاپارتمىلىق گۈل نەقىشلىرى چىقىرىلغان. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى» ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ 30 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى «سۆسەر قەدىمكى قەلئە» خارابىسىدىن كۆپلىگەن ئەينەك بۇيۇم پارچىلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاچ يېشىل، ئاچ سېرىق، كۆك، قىزغۇچ رەڭلىكلىرىمۇ بار[1]. مارالبېشىدىكى «توققۇزساراي خارابىسى» دىن تېپىلغان ئاچ سېرىق رەڭدىكى قەدەھ ئىنتايىن سىپتا، چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەردىلا قەشقەردە دېرىزىگە ئىشلىتىلىدىغان ئەينەكلەر ياسىلىشقا باشلىغان. تەكشى يۈزلۈك دېرىزە ئەينىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردىن كۆپلەپ تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەڭلىك ئەينەكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئوردا ـ قەسىرلەرنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەن. ئەينەكچىلىككە ئوخشاش ئىنچىكە ھۈنەر ـ تېخنىكىنى تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنىڭ شۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ خېلى گۈللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئوتتۇرا ئەسىردە تېخىمۇ گۈللەنگەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن جانلىنىۋاتقان ئۆزلەشتۈرۈش مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن ئىبارەت سىرتقى تەسىردىن باشقا، يەنە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئىسلام

[1] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، 283 ـ بەت.

مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ئىنېرتسىيە كۈچىدىن ئىبارەت ئىچكى تەلەپ مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى، يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى ئۇيغۇر ئىسلام مېمارچىلىقى ئەينەكچىلىك، سىرچىلىق، ياغاچچىلىق، بېزەكچىلىك، ھۆسنخەتچىلىك، كۇلالچىلىق، كىگىز - گىلەمچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىغا ھەممىدىن كۆپ ئېھتىياجلىق ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە كۇلالچىلىق (ساپالچىلىق)مۇ تازا يۈكسەلگەن. ئارخېئولوگلار قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى بارلىق شەھەر خارابىلىرىدىن زور مىقداردا خۇمدان ۋە ساپالچىلىق ئەسۋابلىرىنى تاپتى. بۇ دەۋردىكى ساپال بۇيۇملار رەڭلىك ۋە رەڭسىز دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان. رەڭلىك (سىرلانغان) ساپال بۇيۇملارغا ھەر خىل گېئومېتىرىك شەكىللەر، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، ئۇچار قۇشلارنىڭ رەسىملىرى، شۇنداقلا ئەرەب يېزىقىدىكى ھۆسنخەت ئۈلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن. سىرلانمىغان (رەڭسىز) ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى سۈيۈقلۇق قاچىلىنىدىغان ھەر خىل كومزەكلەر ۋە تاماق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاچا - قۇچىلار بولۇپ، ئۇ ئاۋام خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، بۇنداق بۇيۇملارغىمۇ قاپارتما نەقىشلەر ئىشلەنگەن. شەرقىي قاراخانىيلار تەۋەلىكىدە پاختا ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى گۈللەنگەن بولۇپ، ئاق شايى رەخت ۋە گۈللۈك رەختلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭ چىقارغانىدى. «شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پىلىچىلىك تېخنىكىسى غەربكە تارالغاندىن باشلاپ، غەربىي يۇرتتا يىپەك توقۇمىچىلىق ئىنتايىن گۈللەنگەنىدى». «قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇڭ سۇلالىسىغا توشۇلغان تاۋارلار ئىچىدە ‹غوز (ئۇيغۇر) كىمخابى› ۋە ‹غەرب كىمخابى› بار ئىدى». («سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى»)[1]. مارالبېشى ناھىيەسىدىكى «توققۇزساراي خارابىسى»دىن ئىنتايىن نەپىس توقۇلغان پاختا، يۇڭ، يىپەك توقۇلمىلار تېپىلدى. خارابىنىڭ 9 - ئەسىرگە تەۋە توپا

[1] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى، 290 - بەت.

قاتلىمىدىن تېپىلغان يوڭ گىلەم ۋە گۈللۈك يوڭ گىلەم ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان BT ـ 374 نومۇرلۇق بۇ گۈللۈك يوڭ گىلەم دۇكان ئىشلىتىلمەي ئالدىغا ئاتىدىغان موكا ۋە قايتىدىغان ئەسۋابلار بىلەن توقۇلغان بولۇپ، ئۆرۈش يىپ ئارىلىقى تەخمىنەن 3 مىللىمېتىر، زىچلىقى 4 تال/ سانتىمېتىر، ئارقاق ئارىلىقى تەخمىنەن 1 مىللىمېتىر، زىچلىقى 11 تال/ سانتىمېتىر. ئۇ قىزىل، كۆك گۈللەر چىقىرىلغان، گۈل چېچەكلىرى سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك بولۇپ، گۈل بەرگى جىگەر رەڭ ياكى يېشىل يىپلار بىلەن توقۇلۇپ، ئىستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدىغان قىلىنغان[1].

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قول سانائەت ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، بولۇپمۇ بۇ دەۋردە كانچىلىق بىلەن مېتالچىلىق كەسپى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى. كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، سەئىدىيە، خوتەن، بۈگۈر قاتارلىق جايلار شۇ مەزگىلدە كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق كەسپلىرىنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ، بۇ رايونلاردا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي، تۆمۈر، قاشتاش، تۇز، سىماب، نۆشۇدۇر، گۈڭگۈرت قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى قېزىلاتتى ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى. بۇ كان مەھسۇلاتلىرىدىن كەتمەن، گۈرجەك، ئورغاق، ساپان چىشى قاتارلىق ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەشتىن باشقا، يەنە ھەرە، ئۈشكە، رەندە، پالتا، تۈگمەن تېشىنىڭ ئوقى، ھەر خىل ئۆلچەملىك مىخ، تاقا قاتارلىق ھۈنەر ـ كەسىپ قوراللىرى، قىلىچ، نەيزە، خەنجەر، ئايپالتا، ئوقيا ئوقىنىڭ بېشى، قالقان، دۇبۇلغا، مىلتىق قاتارلىق قورال ـ ياراغلارنى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەيتتى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق ئاساسەن خانلىقنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، خان كاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كان سودىگەرلىرىگە ئىجارىگە بېرىش ياكى سېتىپ بېرىش

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 76 ـ ، 78 ـ بەتلەر.

ئۇسۇلىنى قوللانغان. كانلارنى ئىجارىگە ئالغان مەزگىلدە، ئىجارىگە ئالغۇچى سودىگەرنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ خالىغانچە قېزىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئۇلار ئىشچىلارنى ياللاپ ناھايىتى ئەرزان باھادا ئىشلىتەتتى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن كانچىلىق ۋە مېتاللچىلىق كەسپى، بۇ دەۋرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس بولدى. بۇ دەۋردە ھۈنەر ئىشلەپچىقىرىش بىر تەرەپتىن كارخانىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى نەپىسلىككە ۋە يۇقىرى سەۋىيەگە قاراپ يۈزلەندى. بۇ چاغدا، توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، خارەتچىلىك (ياغاچچىلىق)، تاش ئويمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك، زەرگەرلىك، تىككۈچىلىك، باقمىچىلىق، جۇۋازچىلىق، سوپۇنچىلىق، ساتىراشلىق، چاقچۇقچىلىق (كۇلالچىلىق)، قازانچىلىق، موزدۇزلۇق، كاھىشچىلىق، پىچاقچىلىق، قولۇپسازلىق قاتارلىق نەچچە ئون خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خېلى يۇقىرى سەۋىيەدە راۋاجلاندى. ھەتتا بۇ دەۋردە خېلى سۈپەتلىك ئالتۇن پۇل (تىللا) ياسىلىپ، خەلقئارا سودا ئوبوروتىغا قاتناشتۇرۇلغان. سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن ياسالغان تىللالارنىڭ شىنجاڭدىن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، كەشمىر رايونلىرىدىن خېلى كۆپلەپ تېپىلغانلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزگە دەلىل بولىدۇ[1].

20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن:

1 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، يەنى ئازادلىققىچە بولغان دەۋر

ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچتا ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەر ئىگىلىكى كۆلەم جەھەتتىن كېڭەيدى، تۈر جەھەتتىن كۆپەيدى، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ نەپىسلىككە قاراپ يۈزلەندى. يېڭى سودا

---

[1] ليۇزىنشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 773 ـ بەت.

بازارلىرىنى ئىچىپ، مەركىزىي شەھەر سودىسى بىلەن چار بازار (يېزا بازارلىرى) سودىسىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولدى، بولۇپمۇ مۇشۇ يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغان چار بازارچىلىق سودا ئىگىلىكى ئالاھىدە جانلىنىپ، ھەپتىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە بازار بولىدىغان سودا تورى شەكىللەندى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قول ھۈنەر تۈرى 350 خىلدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنداق كۆپ خىل ھۈنەر تۈرى ئىچىدە رايون ئىچى ۋە سىرتىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغىنى كانچىلىق ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، تېرە - يۇڭ، كۆن - خۇرۇمچىلىق، توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2 - باسقۇچ: 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل جۇڭگو خەلقى تولۇق ئازادلىققا ئېرىشىپ، ھەممە تەرەپلەردە يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بىر تەرەپتىن چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىر باج - سېلىق ۋە بازار كاساتچىلىقى تۈپەيلىدىن قەددى پۈكۈلگەن ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، قايتىدىن قەددىنى رۇسلىدى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياج ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ۋىلايەت - شەھەرلەردە قول سانائەت بىرلەشمىلىرى قۇرۇلۇپ، قول ھۈنەر ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىلدى. بۇ يىللاردا ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئىككى لىنىيە بويىچە، يەنى شەھەرلەردە ھەرقايسى قول ھۈنەر تۈرلىرى بويىچە ھۈنەرۋەن - كاسىپلار گۇرۇھى (جەمئىيىتى) ۋە يېزا - كەنتلەردە قوشۇمچە قول ھۈنەرۋەنلەر ئىگىلىكى زىچ گەۋدىلىشىپ بازار سودىسىنى جانلاندۇردى.

بولۇپمۇ 1983 - يىلى ئېچىلغان پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي

كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يولغا قويۇلغان ئىسلاھات، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن خەلقئارا بازاردا رىقابەتلىشەلەيدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. ھۈنەر ـ كەسىپ مەھسۇلاتلىرىدا ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق، قول ئەمگىكى بىلەن ماشىنا كۈچى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەچكە، ھۈنەرۋەنچىلىك مىللىي ئىگىلىكتە تۇتقان ئورنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى گىلەمچىلىك ھۈنىرى، قاشتاش ئويمىچىلىقى، ئەتلەسنى گەۋدە قىلغان يىپەك توقۇمىچىلىقى، قەشقەرنىڭ زەرگەرلىك، مىسكەرلىك قاتارلىق نەپىس بوٍيۇملار ھۈنىرى، دوپپىچىلىق، تۇماقچىلىق ھۈنىرى، ساندۇقچىلىق، سىرچىلىق، نەققاشلىق قاتارلىق گۈزەل سەنئەت كەسىپلىرى، يېڭىسارنىڭ تىغچىلىق (پىچاقچىلىق) ھۈنىرى، كۇچانىڭ ئەلتېرىچىلىك كەسپى...... قاتارلىق مىللىي ھۈنەر ـ كەسىپلەر ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى نامايان قىلىپ، بازار ئىگىلىكىدە پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان تۆۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى[1].

بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئۈزۈلكىسىز ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى، ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ماددىيلاشقان كۆرۈنۈشى، مۇئەييەن جۇغراپىيەلىك مۇھىت ئىچىدىكى ھاياتلىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ۋە سىمۋوللۇق بەلگىسى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يارقىن كۆزنىكى. پەقەت ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىقنىڭ مېۋىسى بولغان خەلقنىڭ بۇ ھۈنەر ـ سەنئەت ئىختىرالىرىنى توغرا تونۇغاندا، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى «مەدەنىيەت ئىناقلىقى» نى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

قول ھۈنەر ئىگىلىكى ھەم ئىقتىسادىي، ھەم ئىجتىمائىي، ھەم

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 72 ـ ، 78 ـ ، 103 ـ ، 104 ـ ، 107 ـ ، 109 ـ بەتلەر.

ئېستېتىك ئۈنۈم يارىتىدىغان ئالاھىدە بىر خىل تېخنىكىلىق سەنئەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مۇھىم قىممىتى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلىشىدۇ:

1. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى ئەۋلادلار قەلبىدە يالقۇنجىتىدىغان دومناپېچ. بۇ پېچ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى نامايان بولۇپ، يېڭى سەنئەت پىرامىدالىرى بارلىققا كېلىدۇ. ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىق بەدىلىدىن تۇغۇلغان بۇ گۈزەل سىمالار كىشىلەردە ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ.

2. قول ھۈنەرۋەنچىلىك مىللىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى ۋە جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

3. قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى قوغداش، قۇتقۇزۇش ۋە ئېچىش دۆلەت ۋە خەلقنى بۇرۇنراق ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك يولى.

4. مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۈگۈنكى كۈندە ساياھەتچىلىك كەسپىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ياردەمچى قوشۇنى ۋە ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان مۇھىم كۆزنەك.

5. ئەنئەنىۋى ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇۋاتقان ئىستىقباللىق تۈرلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە ئىسلاھ قىلىش خەلقئارا سودىنى جانلاندۇرۇپ، بازار ئىگىلىكىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىدۇ ۋە مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىدۇ.

6. ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھەرقايسى ئىلىم - پەن ساھەلىرىنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، پەنلەر قۇرۇلۇشىنى سىستېمىلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئالايلۇق، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھەرقايسى قول ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس رىسالىلىرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېستېتىكا، ئارخىتېكتورلۇق، گېئومېترىيە، فىزىكا، خىمىيە،

رەڭـــشۇناسلىق، رەســـاملىق، ئويمىچىلىـــق قاتـــارلىق پەنلەرمـــۇ قـــول ھۈنەرۋەنچىلىكــدىن تېگــشلىك ئــوزۇق ئېلىــپ ئــۆزىنى تولۇقلايــدۇ ۋە ئەمەلىي، نەزەرىيەۋى كۆچكە ئىگە بولىدۇ.

دېـمەك، ئەنئەنـۋى قـول ھۈنەرۋەنچىلىـك ئىنـسانىيەتنىڭ غەيرىـي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر تەركىبىـي قىـسمى سۈپىتىدە، بىـر مىللەتنىڭ ماددىيلاشقان روھى دېيىش مۇمكىن. يىغىـپ ئېيتقانـدا، قـول ھۈنەر - كەسپى ئاۋام خەلقنىڭ بىـر خىـل «پەن - تېخنىكا ئـۆگىنىش مەكتىپـى»، «ئەدەپ - ئەخـلاق مەكتىپـى»، «ئەمەلـي مەشـغۇلات ئىقتىــدارىنى يېتىلــدۈرۈش مەكتىپــى»، «ئىجــادىيەت - كەشــپىيات مەكتىپى»، «سەنئەت مەكتىپى» بولۇشتەك كۆپ خىـل ئىقتىـدارغا ئىـگە بولۇپ، ئۇنىڭغا خەلقىمىزنىڭ بىلىم زاپاسلىرى مۇجەسسەملەشكەن. شۇڭا ئـۇنى خەلـق ئارىـسىدىكى تېخنىكا بىلىملىرىنىـڭ ئىـسكىلاتى دېيىـشكە بولىدۇ.

تۆۋەنــدە بىــز قەشــقەردىكى ئۇيغــۇرلار ئارىــسىدا بىــرقەدەر كەڭ ئومۇملاشــقان ئەنئەنــۋى قــول ھــۈنەرۋەنچىلىكلەر ھەققىــدە قىــسقىچە توختىلىمىز.

# ئىككىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشقا ئائىت قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىققا ئائىت ھۈنەر بۇيۇملىرى

**كېيىك قاپقىنى (مۈڭگۈز قاپقان):** كېيىك قاپقىنى ئادەتتە تاغلاردا ياشايدىغان بۆكەن، ئۆچكە، بۇغا، كېيىك قاتارلىق ھايۋانلارنى مەخسۇس ئوۋلاش ئۈچۈن ياسالغان ئالاھىدە بىر خىل ئوۋچىلىق قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كېيىك قاپقىنى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، كېيىك مۈڭگۈزىدىن ياسىلىدۇ، يەنى كېيىك مۈڭگۈزىنى قوقاستا قىزىتىپ يۇمشىتىپ، ئەتراپىغا چىش چىقىرىپ، چۆرىسىنى ياي شەكلىدە ئېگىپ زەي بىلەن تارتىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ياسىلىدۇ. زەيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچ بالداقتىن تۇتقۇ بېكىتىلىپ، ئىلچۇق ياساپ، تۇتقۇسىنى قىل ئارغامچىغا باغلاپ، ئاستى تەرەپكە ئورەك كولاپ كېيىكنىڭ ماڭىدىغان يولىغا قۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە بۇنداق قاپقانلارنىڭ ئايلانمىسى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، تۆمۈر قاپقان. بۇ خىل قاپقان ئادەتتە تۆمۈرنى بىرقانچە قېتىم تاۋلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا چىش چىقىرىلىپ، يان تۆمۈرنى جۈپ قىلىپ ئاي شەكلىدە ئېگىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئاستى تەرىپىگە بولسا ئوۋ چۈشكەندىن كېيىن دەرھال ئېتىلىپ ئوۋنى چىڭ قىسىپ تۇرۇش ئۈچۈن تۆمۈردىن قۇلاق ئىشلىنىدۇ.

قوۋلاق قوتاز يوڭىدىن ئىشلەنگەن 10 مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچىغا باغلىنىپ، كېيىكلەرنىڭ ئۆتەر يولىغا قۇرۇپ قويۇلىدۇ ھەمدە قاپقان بىلەن ئارغامچا توپىغا بوش كۆمۈلۈپ، ئىزلار پاك - پاكىز ئۆچۈرۈۋېتىلىدۇ. ئادەتتە بۇ خىل قاپقانلارغا كېيىك، بۆكەن چۈشكەندىن تاشقىرى، بەزىدە بۆرە، تۈلكىلەرمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خىل قاپقانلارغا چۈشۈپ قالغان ھەرقانداق ئوۋ قاپقاننىڭ ئىگىسى يېتىپ كەلمىگۈچە ئەسلا بوشىنالمايدۇ. قاپقاننى ئارغامچا تارتىپ تۇرغاچقا، ھايۋانلار ئۇنى سۆرەپمۇ قاچالمايدۇ.

**ئۇششاق ھايۋانلارنى تۇتىدىغان قاپقان:** بۇ خىل قاپقانلار ئادەتتىكى قاپقانلارغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان، كىچىكلىتىلگەن قاپقانلار بولۇپ، مۇڭگۈز قاپقان ۋە تۆمۈر قاپقانلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئادەتتە ئارغامچىلارغا باغلانمايدۇ، بۇ خىل قاپقانلارغا ئادەتتە توشقان، كىرپە، داۋغان قاتارلىق ھايۋانلارمۇ چۈشۈپ قالىدۇ.

**ئۈچار قۇشلار قىسمىقى:** بۇ خىل قىسماقلار ئادەتتە ياغاچ قىسماق، تۆمۈر قىسماق، باسقاق، باسماق، چەتمەك قاتارلىق بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ياغاچ ۋە تۆمۈر قىسماقلار كېيىك قاپقىنىدىن ئۆزگەرتىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئادەتتە ئىلچۇقى يېنىغا مەخسۇس دانچۇق بېكىتىلىدۇ. قىسماقنىڭ ئىككى يېنىدىكى كەرمەككە زەي يىپ، قىل يىپ ياكى رېزىنكە بېكىتىلىپ، دەستە ئارقىلىق بۇراپ چىڭىتىلىپ، قىسماقنىڭ تۇتۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ.

**سوغان:** سوغان ئادەتتە ئەتىياز پەسلىدە ئۆردەكلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئوۋچىلىق قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ ياسىلىشى نىسبەتەن ئاددىي، ئىشلىتىلىش ئۇنۇمى يۇقىرى بىر خىل قورال ھېسابلىنىدۇ. سوغان ئادەتتە 1 — 1.5 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بارماقچىلىك توملۇقتىكى ئىككى تال يۇلغۇن ياغىچى ۋە 50 — 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پارچە سوغان يىپىدىن ياسىلىدۇ، يەنى ئىككى تال يۇلغۇن ياغىچىنىڭ بىر ئۇچى قوزۇق شەكلىدە ئۇچلىنىپ، سۇ ئاستىدىكى لايغا چىڭ سانجىلىدۇ، يۇلغۇننىڭ ئىككى ئۇچىغا سوغان يىپى چىڭ چىگىلىدۇ، ئوتتۇرىسىغا بولسا كىلمەك ئورۇلۇپ، سۇ يۈزىدىن 5 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قۇرۇلىدۇ. ئادەتتە سوغان كەچتە سۇ

يۇزىگە قۇرۇلىدۇ. كېچىسى كۆللەرگە چۈشكەن ئۆردەكلەر ئۇزۇپ كېلىپ بېشى كىلمەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىپ ئۇچالماي قالىدۇ، ئەتىسى سوغانچىلار ئۆردەكلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ.

**چاشقان قىسمىقى (تاختىمۇشۇك):** بۇ خىل قىسماق ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلارنى تۇتىدىغان قاپقان ۋە قىسماقلارغا تۇپتىن ئوخشاشمايدۇ. قەدىمدە بۇ خىل زىيانداشلارنى تۇتىدىغان مەخسۇس تاختىمۇشۇك ياسالغان. بۇ خىل تاختىمۇشۇك ئادەتتە كىچىك ساندۇقتەك ياسىلىپ، ئاستىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويۇلىدۇ، تۆشۈكنىڭ ئۈستىدىكى چاشقاننىڭ ئېغىزى يەتكۈدەك يېرىگە چاشقان قىسمىقى بېكىتىلىدۇ. قىسماقنىڭ ئەتراپى تۆمۈر سىملارغا پۇرژىنا بېكىتىپ ياسىلىدۇ. تاختىمۇشۇك ئادەتتە ئۆينىڭ بۇلۇڭ-كۈلرىغا قويۇلىدۇ. بۇ خىل تاختىمۇشۇكنىڭ چاشقان تۇتۇش ئۈنۈمى ئادەتتىكى چاشقان قىسماقلىرىغا قارىغاندا ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

**يىلان ئۇۋلاش:** بۇ ئوۋچىلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يىلان ئوۋچىلىقنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى — كېسەل داۋالاش. يىلان گۆشى، يىلان تۇخۇمى ئارقىلىق كېسەللەرنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، ساغلاملىق دورىلىرىنى ياساش ئۇچۇن بولىدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرى «ئىنساندىكى بارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىك ئاملى ‹ئۆلۈك يەل› (ياللۇغ)، ئۆلۈك يەلنى پاقا - يىلان يەيدۇ» دەپ قارايدىغان بولغاچقا، مەخسۇس يىلان ئوۋلايدىغان ئاي، كۈنلەرنى ساناپ، شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە چۆللەردە يىلان ئۇۋىسىغا قوللىرىنى تىقىپ، تىرىك يىلانلارنى تۇتۇۋېرىدۇ. ئۇلار تاللىغان مۇشۇ مەزگىل يىلانلارنىڭ ئادەم چاقمايدىغان زەھەرسىز مەزگىلى بولۇپ، مەخسۇس يىلان ئوۋلايدىغان ئوۋچىلار بۇنداق «ئوۇ پەسلى» نى ياخشى بىلىدۇ. مەكىتتىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا مەخسۇس يىلان ئوۋلاپ جان باقىدىغان ئوۋچىلارمۇ بار.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىقتا ئىشلەتكەن ھۈنەر بۇيۇملىرى

بېلىقچىلىق سايمانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئۇيغۇرلار بىلىق تۇتۇشتا ئاساسەن گۆلمە (تور)، كېمە، مانجا، ساچقاق، ئىلغا (گىلما)، مانتۇ قاتارلىق سايمانلاردىن پايدىلىنىدۇ.

**گۆلمە:** بۇ تورقۇ يىپىدا توقۇلىدۇ (ياۋا كەندىر، لوپنۇر كەندىرى، چىگىنىڭ بىر خىلى). تورقۇ يىپى ئەۋرىشىم، يۇمشاق، پۇختا، سۇدا ئاسان چىرىمەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

**كېمە:** توغراق ياغىچىدىن ئىچى ئويۇپ ياسىلىدۇ (ئۇنى يەرلىك خەلق كوڭتەي، تاپان دەيدۇ).

**ساچقاق:** ئۇزۇن ياغاچ ساپقا بېكىتىلگەن، ئىككى تەرىپىگە تەتۈر تىل چىقىرىلغان نەشتەر شەكىللىك تىغ.

**ئىلغا:** ئۇزۇن ياغاچ ساپقا بېكىتىلگەن قارماق شەكىللىك تىغ.

**مانتۇ:** مەخسۇس بېلىقنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان ياغاچ توقماق.

## 3. ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت ھۈنەر بۇيۇملىرى

**دېھقانچىلىق سايمانلىرى:** قوش، بوقۇسا، سۆرەتمە تاختاي (سۆرەم)، تارماق، تۇلۇق، كەتمەن، ئورغاق، ئوتىغۇچ، ئارا، كۈرەك، غەلۋىر، ئۆتكەمە، موما ياغاچ، شامالدۇرغۇچ، سوقا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### كەتمەن

كەتمەن ئۇيغۇرلارغا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان دېھقانچىلىق قورالى بولۇپ، ئادەتتە تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. يۈزىگە ھەر خىل گۈل چىقىرىلىپ، ئىككى تەرىپىگە ئىككى قۇلاق قويۇلىدۇ. يۈزى يۇملاق كېلىدۇ، ئارقا تەرىپىگە چۆلدا چىقىرىلىپ ياغاچ بىلەن ساپلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ جىسمانىي كۈچى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ كەتمەنلەرمۇ چوڭ - كىچىك سوقۇلىدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ كەتمەنلىرى شەكىل جەھەتتىن ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلىنىدۇ.

**ياغاچ ئارا (چاپچا)**

ياغاچ ئارا قىزىل يۇلغۇندىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ بەش تال قولى بولىدۇ. ئاساسەن بۇغداي، ئارپا قاتارلىقلارنى شامالدا سورۇپ، سامىنىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە ئوت - چۆپ يىغىش ئىشلىرىدىمۇ ئىشلىتىدۇ.

**ئورغاق**

ئورغاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق قورالى بولۇپ، بۇغداي، ئارپا، تېرىق، قوناق ئورۇشتا ياكى ئوت - چۆپ ئورۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. يۈزى ھىلال ئاي شەكلىدە بولۇپ، تۆمۈردىن ياسىلىدۇ، دەستىسى ياغاچتىن بولىدۇ.

**ياغاچ گۈرجەك**

ياغاچ گۈرجەكنىڭ شەكلى ھازىرقى تۆمۈردىن ياسالغان گۈرجەكلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بېشى ۋە ساپ قىسمى پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغان. ئاساسەن خامان سورۇشتا، بۇغدايلارنى چەشلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆتكەمە ۋە غەلۋىر**

ئۆتكەمە ۋە غەلۋىرنىڭ قاسقىنى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. قاسقاننىڭ ئاستىنقى تەرىپىگە ئۈچەيدىن ياسالغان يىپتىن تور توقۇلىدۇ. ئادەتتە ئۆتكەمىنىڭ تۆشۈكلىرى چوڭراق، غەلۋىرنىڭ تۆشۈكلىرى كىچىكرەك بولىدۇ. ئۆتكەمە ئاساسەن بۇغداي ۋە ئارپىلارنى چاردىن ئايرىشتا ئىشلىتىلىدۇ. چاردىن ئايرىلغان بۇغداي ياكى ئارپا غەلۋىردە تاسقىلىش ئارقىلىق ئۆگۈت قىلىنىدۇ.

**تارتقۇ**

تارتقۇ تۆت چاسا كەلگەن كىچىكرەك بىر تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىغا

تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا ياغاچتىن ساپ بېكىتىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە يېرى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئاساسەن خاماندىكى بۇغداي، ئارپىلارنى، تۈگمەندە تارتقان ئۇنلارنى بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**بوقۇسا**

بوقۇسا ياغاچتىن ياسىلىپ، ئۇچىغا چويۇندىن قۇيۇلغان ياكى تۆمۈردىن سوقۇلغان چىش بېكىتىلىدۇ. بوقۇسانىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، باش قىسمىغا چىش بېكىتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇزۇنچاقراق ياسىلىدۇ. باش قىسمىدا بىر چوڭ تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر دانە ئۇزۇن كالتەك بېكىتىلىدۇ. كالتەكنىڭ ئۇچىغا بويۇنتۇرۇق ياكى باشقا سايمانلار بېكىتىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھايۋانلارغا سۆرىتىلىدۇ. ئۈستۈنكى قىسمىغا بىر تۆشۈك ئېچىلىپ ئۇنىڭغا بىر تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ. بوقۇسا يەر ئاغدۇرۇش، يەر يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**يارغۇنچاق**

سۇ تۈگمىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ بۇغداي، قوناق ۋە باشقا دانلىقلارنى ئېزىپ يارما تەييارلايدىغان ئائىلە سايمىنى.

ئۇ مەخسۇس قورام تاشلارنى يونۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئاستى ۋە ئۈستى بۆلەكتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر - بىرىگە چاپلاشقان يۈزى سىلىقلىنىدۇ. ئوتتۇرىسىغا ياغاچتىن ئوق بېكىتىلىدۇ. ئۈستى يۈزىنىڭ چەت تەرىپىگە ئايلاندۇرىدىغان ياغاچ قول ئورنىتىلىدۇ. تاش چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، كەڭلىكى 40 — 50 سانتىمېتىر.

# ئۈچىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىغا ئائىت ھۈنەرۋەنچىلىكى

**ساتما شەكىللىك ئۆيلەر**

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار قۇم بارخانلىرى ئەتراپىدىكى يېڭى بوستانلىقلاردا پائالىيەت قىلغاندا، قۇم ۋە يۇمشاق تۇپىلىق يەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «ساتما»لارنى كەشىپ قىلغان. ساتمىلار تۈزلەڭ جايلارغا تەييارلانغان. بۇنىڭدا تۆت بادرىنى كىگىز ئورنىدەك دائىرىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە قوزۇقسىمان قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى چوڭ - كىچىك بادرا - ياغاچلار بىلەن چېتىپ، ئەتراپىنى تال- چىۋىقلاردا ئالماپ توقۇپ، ئۈستىگە شاخ - شۇمبا سېلىپ چۈمكەپ تەييارلانغان. بەزىلەر ساتمىلارنىڭ ئەتراپىنى كاكىل بىلەن سۇۋاپ قويغان. بۇ خىل ئۆيلەر شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىشتا بايقالدى. مەسىلەن، نىيە خارابىسى قاتارلىق جايلاردىن بۇنداق ساتمىلار بايقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۈگۈنكى كۈندە تارىم ۋادىسىدىكى ئايرىم جايلاردا بۇ خىل ئۆيلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قەدىمكى زاماندا ساتمىلار يەنە «چىتلاق» شەكلىدىمۇ ياسالغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ( I توم 420 - بەت) تە «چىت — قومۇش ۋە تىكەندىن قىلىنغان چىت» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنداق چىتلاردىن قوتان، ئاپتاپخانا ۋە ئۆي تەييارلاش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىشلاردا بۇنداق چىتلاردىن تەييارلانغان تۇرالغۇ جايلار خارابىسى تېپىلدى. شۇنىڭ

بىلەن بىرگە، قەدىمكى زاماندا ئەسلىي «چىت» بىلەن قاشالاپ توپا - لاي بىلەن تام - سېپىل سوقۇپ قەلئە - شەھەر ياساش دېگەن مەنىدىمۇ ئىستېمال قىلىنغان.

«ساتما» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ كىچىكرەكلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەنە «كاپا» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئەرەب تىلىدىكى «كەبە» دىن كەلگەن بولسا كېرەك. قىزىق يېرى شۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «ساتما» دېگەن نام قەدىمكى ئارىيان تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، تەكشى ئۆگزىلىك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ئارىيان تىلىدا «ساتما» (Satma)[1] دېيىلگەن. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان قىسىملىرى گەمە بىلەن ساتمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، دەسلەپ سوقما تاملىق ئۆيلەرنى، ئاندىن لاي تاملىق ئۆيلەرنى (لاي تامنى «ئەنجان تام» دەپمۇ ئاتايدىغان ئەھۋال بار، ئۇنىڭدىن كېيىن چالما تاملىق ئۆيلەرنى، بۇلاردىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ خىش تاملىق، كېسەك تاملىق ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرغان. بۇگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدا سوقما تام، چالما تام، لاي تاملىق ئۆي سېلىشنىڭ ئىزنالىرى ھېلىھەم يېزا - قىشلاق، سەھرا رايونلىرىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

دېھقانلارنىڭ ئاساسلىق مەشغۇلاتى تېرىقچىلىق بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كۆپ قولى ئەپچىل، ئىشچان دېھقانلار باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلارنى بىرگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئىگىلىك شەكلى دەل ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىدا مەلۇم دائىرىدە باغ بىنا قىلىنغان بولىدۇ. ھويلىسىنىڭ ئايرىم يېرىدە چوڭ - كىچىك چارۋىلار ئۈچۈن ئېغىل - قوتان تەييارلىنىدۇ. بىر يەرگە توخۇ، ئۆردەك، توشقان كاتەكلىرى، ئۆگزىلەردە كەپتەر قۇملىرى، بالكون،

---

[1] «ساتما» دېگەن سۆز «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (I توم 564 - بەت) تە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «كېچىسى باغنى كۆرۈش ئۈچۈن، دەرەخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان قاراۋۇللۇق ساتمىسى» دېيىلگەن.

پېشايۋان، ئايۋان - ساراي، لىم - خادىلىرىغا يانداشتۇرۇلۇپ پاختەك - قارلىغاچ ئۇۋىسى، كوۋۇك تەييارلاپ بېرىلىدۇ. هويلا ئەتراپىدا ئۈجمە دەرىخى، ئۆرۈك دەرىخى قاتارلىقلارغا قارىغۇشقاچ ئۇچۇن ئۇۋىلىق جاي ياساپ بېرىلىدۇ. ئاساسلىق تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ يېنىدا هۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى بولىدۇ. هويلا، قورۇق دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى، ئېغىل - قوتانلار، هاجەتخانىلارنىڭ ئۈستىدە بالكونلار بولۇپ، ئۇلارغا چارۋىلارنىڭ يېمەكلىكى بولغان ئوت - سامان، يەم - خەشەك قويۇلىدۇ. دۇكان، چايخانا، پېشايۋان سۇپىلىرىنىڭ ئاستى گەمە قىلىنىپ قىشلىق يەل - يېمىش، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش - چامغۇر ۋە باشقا ئائىلە سايمانلىرى ساقلىنىدۇ[1].

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيىتى ۋە ماددىي تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق هۈنەر - سەنئىتىنى ئۈزۈلكسىز تەرەققىي قىلدۇردى هەم ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي مۇهىت، ياشاش شارائىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ماس هالدا بارلىققا كەلگەن بىناكارلىق سەنئىتى تېپىدىكى ئۇلتۇراق ئۆي ئادەتلىرىنى ساقلاپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى، ۋارىسلىق قىلدى.

مورا ئوچاق — جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى «مورا ئوچاق» نى كەشىپ قىلىپ، بۇنىڭدىن كۆپ تەرەپلىمىلىك پايدىلىنىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلتۇراق ئۆي ئادەتلىرىدە بۇ كەڭ ئومۇملاشقان. مورا ئوچاق مۇنداق بولىدۇ: ئۆينىڭ تۆر تېمىغا مورا چىقىرىلىدۇ. مورىنىڭ پەس تەرىپى كەگرەك ئېلىنىپ، ئۇ يەرگە تونۇر شەكلىدە ئوچاق سېلىنىدۇ. بۇ ئوچاق «ئوچاق تونۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوچاقتا ئوتۇن قالىنىدۇ. تاماقتا تۇتۇش قىلماستىن بۇرۇن، «ئوچاق تونۇرى» غا لايىق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. تاماق هازىرلىقى تۈگىگەندە، قازان ئېسىلىپ ئوت قالىنىدۇ. ئوچاق ئالدىغا ئۆرە مىس چۆگۈن قويۇپ چاي قاينىتىلىدۇ. تاماق پىشقىچە «ئوچاق تونۇرى» قىزىپ تەييار بولىدۇ. قازاننى چۈشۈرۈپ

---

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ تۇرالغۇ جاي تارىخى هەققىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيىتى» 2004- يىللىق (ئومۇمىي 38 - سان)، 56-، 57-، 60 - بەتلەر.

ئوچاققا تۈز سېپىلىپ نان يېقىلىدۇ. تاماقنى يەپ بولغۇچە نان پىشىدۇ. دېمەك، مورا ئوچاق يۇقىرىقىدەك تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشتىن تاشقىرى، يەنە قىش كۈنلىرى ئىسسىنىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مورا ئوچاق تەشمە مورا، چاپلىما مورا، قاڭشار مورا، قىشلىق مورا ئوچاق دەپ ھەرقايسى پەسىللەرگە قاراپ ئايرىم ياسىلىدۇ. مورا ئوچاقنىڭ ئالدى تەرىپى 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتە نېپىز كېسەك بىلەن مېھراب شەكلىدە قاپارتمىلىق قىلىپ ياسىلىدۇ. بۇ «مورا بېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. «مورا بېشى» نىڭ ئۈستىگە «جىنچىراغ» (سۇ يېغى ئىشلىتىدىغان چىراغدان) قويۇلىدۇ (ھازىر ئېلېكتىرلىشىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ «بەرلىك جىنچىراغ» لار ئەمەلدىن قالماقتا). «مورا بېشى» ئالاھىدە تېخنىكا بىلەن ياسالغاچقا، ئۆيگە يارىشىدۇ.

## ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى نەقىش ۋە كاھىش

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆي - ئىمارەتلەرگە نەقىش ئويۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆي - ئىمارەت نەقىشلىرى شەكىل جەھەتتىن سىر ياكى رەڭ بىلەن سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەر، گەج نەقىشلىرى، قاپارتما نەقىشلەر، ئويما نەقىش قاتارلىق بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

رەڭلىك رەسىم شەكلىدىكى نەقىشلەر كۆپرەك مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىگە، مېھرابنىڭ گىرۋەكلىرىگە، تەكچىنىڭ ئەتراپىغا، ئۆينىڭ ئۈستىدىكى خا ياغاچ، لىم ۋە پارامانلىرىغا، ئايۋان - ساراي، پېشايۋانلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جايلىرىغا سىر ياكى رەڭ بىلەن ئۆزگە خاس شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا كۆركەم ۋە ئوبرازلىق قىلىپ سىزىلىدۇ. ئۇنىڭغا كۆپرەك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ماس كېلىدىغان ھەر خىل مەنزىرىلەر، گۈللەر، قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ شەكلى...... قاتارلىقلار سىزىلىدۇ. ئادەمنىڭ سۈرىتىنى نەقىش قىلىپ سىزىش ئادىتى يوق. چۈنكى، خەلق ئارىسىدا «ئادەمنىڭ سۈرىتى سىزىلسا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۇ سۈرەت جان تەلەپ قىلىدۇ» دەيدىغان دىنىي قاراش ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدە گەج نەقىشلىرى ھەممىدىن كەڭ

تارقالغان بولۇپ، ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆيلىرىنى گەجخا قىلىدۇ، يەنى پىشۇرۇلغان ھاك ئۇنىغا مەلۇم ئۆلچەم بىلەن تۇخۇمنىڭ ئېقى، توزغاق، ئاز مىقداردا قۇم شېكەر، قۇم ياكى سېمونت ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۆي تاملىرىنى سۇۋۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا گەج نەقىشلىرى ئىشلىنىدۇ. بۇنداق نەقىشلەرنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى بىر ئورگاننى نۇقتا قىلىپ ئىككى يانغا ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملاشسا، يەنە بەزىلىرى يۇمىلاق، تۆت چاسا، ئۈچ بۇرجەك، روجا شەكىللىك، بادام شەكىللىك، يۇلتۇز، ئاي، نۇر شەكىللىك بولىدۇ. ئومۇمەن، بۇ نەقىشلەرنىڭ ئېلېمېنتلىرى گېئومېتىرىك شەكىلدىكى مۇرەككەپ سىزىقلار بىلەن بىر - بىرىگە ماس كەلتۈرۈلگەن ھالدا ئارىلىقلىرى رەتلىك ۋە جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ۋە سۆيۈندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى نەقىش ئۇسلۇبلىرى ئىچىدە گىرۋەك نەقشى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە شەكلى بىلەن باشقا نەقىش تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. گىرۋەك نەقشى كۆپىنچە مۇنار، گۇمبەز، تۈۋرۈك، ئىشىك قاتارلىقلارغا قاپارتما شەكىلدە ئويۇلىدۇ. ئۇ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ، شەۋلان، كۆپۈشەك، كەكلىك قېشى، قەنخش، توقۇناق، زەنجىر، بادامچە، پىلتە، ناۋا، غۇنچە، زۇنجى، نەمۇيان، سۇفەر، ئانار، چېچەك، مودەن، ئۈزۈم، شەددە، سولا، يورۇق، پەنجە، زەمەس، ئېسلىما، سەبدە، گۈلشەن، قوشقۇراق، نەستە، كەلكۈن، بېلىق قاسىرىقى، رېشات، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ھەشقىپېچەك، ساندۇقچە، گېزەك، تالا، يوپۇرماق، تۇمارچە، زەنجىر، پەتنۇسچە، قىيپاش زەنجىر، گۈل - گىياھ قاتارلىقلارنى سۈرەت قىلغان ئاساستا ئىشلىنىدۇ ۋە نەقىش تۈرىمۇ مۇشۇ نام بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. گىرۋەك نەقشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان كاھىش ئاساسەن يېشىل ۋە زەڭگەر رەڭدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىنەپشە رەڭ، ھال رەڭ، ئاق رەڭ قاتارلىق كۆپ خىل رەڭلىك كاھىش ۋە قاپارتما چىقىرىلغان

كاھىشلارمۇ بار. كاھىش مەخسۇس خۇمداندا پىشۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، رەڭگى ئۆڭمەسلىك ۋە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. كاھىش كۆپىنچە مەخسۇس مەسچىت، جامە، زىيارەتگاھلىقلار، گۈمبەزلەر ۋە بۈيۈك زاتلارنىڭ مازارلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق كاھىشلارغا گۈل چېكىلىدۇ. كاھىشلار ئۈچ بۇرجەك، تۆت بۇرجەك، ئالتە بۇرجەك ۋە رومبا شەكىللىك ياسىلىپ، ئۇلارنى ماس ھالدا گىرەلەشتۈرۈپ تىزىش ئارقىلىق ھەر خىل نەقىشلەر ھاسىل قىلىنىدۇ. خىشلارنى ھەر خىل شەكىلدە ياساپ گېئومېتىرىك شەكىلدە تىزىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىغان بۇنداق نەقىشلەر بىناغا كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك تۈس كىرگۈزىدۇ.

**مېھرابچە نەقىشلەر**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىدە مېھرابچە نەقىشلەرنىڭ ئىشلىنىدىغان ئورنى كۆپ، جەلپكارلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇر نەققاشلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدۇ. مېھرابچە شەكىل قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى چېدىر، گۈمبەز شەكىللىرىدىن تەرەققىي قىلىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارلىققا كەلگەن «مىڭئۆي»لەرنىڭ قۇرۇلما شەكلىمۇ مېھرابچە شەكىللەرگە قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن، ئىسلام مېمارچىلىقىنىڭ ھەر جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىشى ئاستىدا، مېھرابچە شەكىل مەسچىت، مەدرىسە، مازار قۇرۇلۇشلىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ، قويۇق ئىسلام تۈسىنى پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆيلەرگىچە كەڭ ئومۇملىشىپ، ئىمارەتنىڭ سىرتقى شەكلى بىلەن ماسلاشقان ھالدا ئىشىك بېشى، دېرىزە بېشىغا گەج ۋە خىش ئارقىلىق مېھرابچە نەقىش چۈشۈرۈلگەندىن تاشقىرى، تام يۈزلىرىگىمۇ نەقىش ئورنىدا ئىشلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي نەققاشلىق سەنئىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان نەقىش

شەكلىگە ئايلانغان. مېھرابچە نەقىشلەرنى ئىشلەشتە مېھراب ئىچىگە ئاساسىي نەقىش (گۈل - گىياھ نەقىشلىرى ياكى گېئومېترىيىلىك شەكىللەر) جايلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئوڭ ۋە سول بۇرجەكلىرىگە بۇلۇڭ نەقىشلىرى ۋە گىرۋەك نەقىشلىرى بىر - بىرىگە ماس ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەربىر مېھراب ئۆز ئالدىغا بىر پۈتۈن نۇسخا بولۇپ شەكىللىنىپ، باشقا نۇسخىلار بىلەن پاراللېل ھالدا گىرەلەشتۇرۇلىدۇ، چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

مېھرابچە نەقىشلەر ئاساسەن ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تام، تەكچە، مورا، مېھراب قاتارلىق جايلىرىغا ئىشلىنىپ، ھەر خىل مۇرەككەپ گېئومېتىرىيىلىك سىزىقلار ۋە گۈل - گىياھ نۇسخىلىرى بىلەن بېرىكىپ كېلىدۇ. مېھرابچە نەقىشلەرنىڭ كۆپچىلىكى قاپارتما شەكىلدە بولۇپ، كۆك، يېشىل، ئاق (گەجىنىڭ ئەسلىي رەڭگى) قاتارلىق رەڭلەردە ئاددىي قىلىپ بېزىلىدۇ. ئوچۇق رەڭلەر ئىشلىتىلمەيدۇ. مېھرابچە نەقىش ئۈچۈن تاللانغان رەڭلەر ئاددىي، رەڭ پەرقى كۈچلۈك، ئەمما بىر - بىرىگە ماسلاشقان بولغاچقا، ئىمارەتلەرگە ھەيۋەتلىك تۈس كىرگۈزۈپ، كىشىگە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مېھرابچە نەقىش ئۇسلۇبى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى زامان بىناكارلىق سەنئىتىدە كەڭ قوللىنىلماقتا.

مېھرابچە نەقىشلەردە قويۇق مىللىي ئۇسلۇب گەۋدىلەنگەچكە، ئۇ يالغۇز ئۆي - ئىمارەتلەرنى كۆركەملەشتۈرۈشكە خىزمەت قىلىپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگىمۇ سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىدىن كېپىنەك تونىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئالدى پېشىگە ۋە بۆرەكچە ياقا گىرۋەكلىرىگە مېھرابچە شەكىللىك نەقىشلەر كەشتىلەنگەن. ئۇيغۇر كۇلالچىلىق سەنئىتىدە ئىشلەنگەن ھەر خىل قاچا - قومۇچلارنىڭ گىرۋەكلىرىدىمۇ مېھرابچە شەكىللىك نەقىشلەر ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال بىزگە مېھرابچە نەقىشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى بىلەن بىر

گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

**مۇنار**

مۇنار ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى. مۇنار قەدىمكى دەۋرلەردە كۆزىتىش ۋە خەۋەرلىشىش مەقسىتىدە ياسالغان تۇر (تۇرا) لار ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان.

دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قەلئە، سېپىل دەرۋازىلىرىنىڭ يېنىغا ۋە شەھەرلەر ئارىسىدىكى دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇنداق ئېگىز تۇرالار شىنجاڭدا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزى جايلاردا ئۇنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، قومۇل رايونىدا تۇر (تۇرا) نامى بىلەن ئاتالغان يۈزدىن ئارتۇق مەھەللە ياكى يۇرت بار. تۇرا ئاساسەن قەدىمكى زاماننىڭ خەۋەرلىشىش پونكىتى بولۇپ، دۈشمەننىڭ شەپىسى كۆرۈنگەن ھامان تۇرا ئۈستىگە ئوت يېقىپ، ئۇنىڭدىن چىققان تۈتۈن ئارقىلىق ئۇ تۇرادىن بۇ تۇراغا...... شۇنداق قىلىپ ئوردىغا خەۋەر يەتكۈزگەن. بۇنداقچە ئېيتقاندا تۇر (تۇرا)لار قەدىمكى زاماننىڭ تېلېفون ياكى تېلېگراممىسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان. كېيىن تۇرالار تەرەققىي قىلىپ، كۆزىتىش مۇنارى، بۇددا مۇنارى، پەشتاق مۇنارى (ئەزان ئېيتىش مۇنارى)، مەنزىرە مۇنارى ۋە خاتىرە مۇنارى قاتارلىق مۇنار شەكىللىرى پەيدا بولغان.

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بىناكارلىقىمىزدىكى مۇنار سەنئىتى بۇددا تۈسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، بۇددا مۇنارىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق بۇددا مۇنارلىرى كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك ياسالغان بولۇپ، تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تەخمىنەن 10.62 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۈستى يۇمىلاق بۇددا مۇنارى، يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تۆت بۇت تەكچىسىگە 100 بۇت قويۇلغان بۇددا مۇنارى قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ئورنىنى مەسچىت، مەدرىسە، مازارلارغا ئورنىتىلىدىغان

پەشتاق مۇنارى ئىگىلەپ، ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى تەرەققىي قىلدى. پەشتاق مۇنارى بۇددا مۇنارىغا ئوخشاشمىغان هالدا ئۇستى يېرىم ئاي شەكىللىك بولۇپ، تۆت ئەتراپىغا بۆرەكچە كۇنگۈرە قويۇلىدۇ. ئۇ ئاساسەن مەسچىت، مەدرىسە ۋە مازار دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىغا ياسىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەزان مۇنارى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەنزىرە مۇنارى جامە، مەسچىت ۋە خاسىيەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا ياسىلىدۇ. ئۇ شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن پەشتاق مۇنارىغا ئوخشىشىدۇ. ئەمما رولى جەھەتتە پەشتاق مۇنارىدەك ئەزان ئېيتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇش ھەمدە ئىمارەتنىڭ پۇختا بولۇشىغا تۈۋرۈك بولۇشتەك رولى بار.

خاتىرە مۇنارى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسىلىدۇ. تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ مۇنار تۇرا شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 44 مېتىر، ئاستىنىڭ دىيامېتىرى 10 مېتىر، مۇنارنىڭ ئىچىگە 72 ئايلانما پەلەمپەي ياسالغان. بۇ مۇنار 1777 ـ يىلى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى سۇلايمان ۋاڭ تەرىپىدىن دادىسىغا بولغان هۆرمەت يۈزىسىدىن ياسالغان. شۇڭا كىشىلەر سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ مۇنار پۈتۈنلەي خىش بىلەن ياسالغان بولۇپ، خىشلارنى گېئومېتىرىك شەكىلدە بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ تىزىش ئارقىلىق خىلمۇخىل گۈللەر، تاغلار، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ شەكلى قاتارلىق ئون نەچچە خىل نەقىش چىقىرىلغان. بۇ مۇنار ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

**كاڭ**

بۇ هاۋا كىلىماتى بىرقەدەر سوغۇق رايونلاردا قىش كۈنى ئىسسىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان قۇرۇلما. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئالدى بىلەن ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە بىر سۇپا ياسىلىدۇ. سۇپا ئۈستىگە خام كېسەك بىلەن تۈتۈن يولى چىقىرىلىدۇ. بىر بۇلۇڭغا مورا چىقىرىلىدۇ، ئاندىن تۈتۈن يولىنىڭ ئۈستىگە لايتاختا يېپىلىدۇ،

لايىتاختىننىڭ ئۈستى ئىنچىكە سۇۋاق بىلەن سۇۋۇلىدۇ. ئوچاققا قالانغان ئوتنىڭ تۈتۈنى تۈتۈن يولى ئارقىلىق مورىغا بېرىپ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. تۈتۈن ئارقىلىق لايىتاختىنى قىزىپ ئۆينى ئىسسىتىدۇ. كاڭنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئوچاق ياكى پىلتە سېلىنىدۇ.

كاڭغا كىگىز، پالاس ياكى گىلەم سېلىنىدۇ. قىش كۈنلىرى، بولۇپمۇ ئۇششاق بالىلىرى بار ئائىلىلەردە كاڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەل ئاغرىقى، رېماتىزىم قاتارلىق سوغۇق يەلدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللەر ئۈچۈن كاڭدا يېتىپ - قوپۇشنىڭ شىپالىق رولى چوڭ.

**تۆيۈز تام (توقۇلما تام)**

ئۇيغۇرلار ئاساسەن ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولغان قۇرغاق رايونلارغا ماكانلاشقاچقا، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىمۇ مۇشۇنداق تەبىئىي شارائىتقا ماس ھالدا قۇرۇلغان. گەرچە ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، جۇغراپىيەلىك شارائىتنىڭ ئوخشاشماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلمىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدىكى رايون پەرقى بولۇشى سەۋەبلىك، ئۆي قۇرۇلما شەكىللىرى شەرتلىك ھالدا بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىلى، ئۆگزىسى تۈز، چاسا شەكىللىك كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر بولۇپ، بۇ ئۆيلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆل - يېغىن ئاز رايونلاردا، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايوننىڭ تۇپرىقى ناھايىتى بوش، قۇمساڭغۇ، تۆت پەسىل ناھايىتى روشەن، قۇم - بوران كۆپ، بىر قىسىم يەر ئاستى سۇ ئورنى نىسبەتەن يۇقىرىراق بولغان جايلىرىدا تۇپراقنىڭ زەيلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى. كىشىلەر ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ تەرەپنى ئالاھىدە ئويلىشىپ توقۇما تاملىق ئۆي، كېسەك تاملىق ئۆي، لاي تاملىق ئۆي قاتارلىق قۇرۇلۇش شەكلىنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ توقۇم تاملىق ئۆي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس كەشپىياتى بولۇپ، بۇنداق

ئۆينىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى زەگۇندە، تۈۋرۈك، چېتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرمىلاش ئۇسۇلى ياكى ئەركەك - چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قۇراشتۇرۇلغانلىقىدا. بۇ خىل ئۆي يەر تەۋرىسىمۇ، ياكى ئۆي ئورنىدىن زەي چىقىپ كەتسىمۇ ئاسان ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ. تۇپرىقى زەي، بوش ۋە يەر تەۋرەش بەلبېغىغا يېقىن رايونلارغا تازا ماس كېلىدۇ[1].

بۇنداق ئۆيلەرنى ياساشتا ئۆينىڭ ئۇلى قاڭ بىلەن چىڭدىلىدۇ، شارائىتى بار جايلاردا ئۆينىڭ ئۇلىغا تاش ياكى پىششىق خىش قويۇلىدۇ. پىششىق خىش ئۈستىگە موملانغان قوش زەگۇندە چاسلاپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خام كېسەك تام قوپۇرۇلىدۇ. بەزى ئۆيلەرگە تام ئارىسىغا ئارىلاپ ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلىدۇ. ئۆينىڭ ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلىدۇ. ئادەتتە ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ يەتتە تال، توققۇز تال، 11 تال مەزمۇت ياغاچ (لىم) قويۇلىدۇ. لىم ياغاچ ئارىلىقى ئەھۋالغا قاراپ 40 — 60 سانتىمېتىرغىچە كەڭلىكتە بولىدۇ. لىم ياغاچ ئارىلىقى ۋاسا جۇپ ياكى ۋاسدەميان قىلىپ يېپىلىدۇ. ۋاسا بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى تال سۆگەت بادرىسىنى ئوتتۇرىدىن تىلىپ ئوخشاش چوڭلۇقتا ياسىلىدۇ. بالا بېشى دېيىلىدىغان ئارىلىقىغا جەگە ياغىچى، جەگە بىلەن ۋاسا ئارىلىقىغا ناۋا ياغىچى، پارامان ياغىچى قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بورا سېلىپ، پاخال بىلەن چۆمكىگەندىن كېيىن قارا لاي بىلەن تەكشى باستۇرۇلىدۇ. قارا لاي بېسىلغاندىن كېيىن، سامان ئارىلاشتۇرۇلغان كاكىل لاي بىلەن تەكشى سۇۋىلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىمۇ قارا سۇۋاق ۋە سىلىق سۇۋاق قىلىنىدۇ. ئۆينىڭ قىبلە تەرىپىگە ئورۇن - كۆرپە يىغىلىدىغان مېھراب (يەرلىك تىلدا «مەرەب» دېيىلىدۇ) ئويۇلىدۇ. قالغان تاملىرىغا 1 كىۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا بىرقانچە تەكچە ياساپ، ئۇنىڭغا چىنە - قاچا ۋە زىننەت بۇيۇملىرى تىزىلىدۇ. دېھقان ئائىلىلىرى يەنە تەكچىلىرىگە قىشلىق قوغۇن - تاۋۇز، كاۋىلارنى تىزىپ ساقلايدۇ.

---

[1] ئابدۇراخمان ئىبراھىم: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق ئامىللار»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2003 - يىلى 2 - سان، 59 - بەت.

بۇنداق چاسا شەكىللىك ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ھالدا مېھمان ئۆي، ئايۋان ياكى دەھلىز، ياتاق ئۆي ۋە ئاشخانىغا بۆلۈنىدۇ. مېھمان ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىگە قازناق ئۆي سېلىنىدۇ. قازناق تازىلىق ئۆيى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى كولىنىپ ئەۋرەز ياسىلىدۇ. «ئەۋرەز» يەرلىك ئۇسۇلدا يۇندى ـ سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئورنى ھېسابلىنىدۇ. دەھلىزگە تۈۋرۈك ۋە زەگۈندە قويۇلۇپ، زەگۈندە بىلەن پارالېل تەكشىلىكتە سۇپا ياكى كاڭ ئورنىتىلىدۇ. مېھمانخانا ئۆيدىن باشقا ئۆيلەرگە ئاساسەن دېرىزە قويۇلماي ئۈستىدىن تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. ئۆينىڭ ئىشىكى ئاساسەن جەنۇب تەرەپكە قارىتىلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەڭ سۇپا سېلىپ ئۈستى پېشايۋان قىلىنىدۇ. پېشايۋان ئالدىغا ئۈزۈم بارىڭى ياسىلىپ، پېشايۋانغا ياماشتۇرۇلىدۇ. ھەرقانداق ئۆينىڭ ئالدى كەڭ ھويلا بولۇپ، ھويلىنىڭ ئىشىكى (دەرۋازا) چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتا ئومۇمەن كۈنگەي جاينى تاللايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئىتىگە ئىگە. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا قەدىمكى مىللىي ئەنئەنە ئاساسىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئىسلام مېمارچىلىق ئۇسلۇبىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئومۇملىششقا باشلىدى، بولۇپمۇ جامە، مەسچىت، مازار، زىيارەتگاھلارنىڭ ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا بۇ خۇسۇسىيەت روشەن ئەكس ئەتتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مېمارچىلىقىدىكى مۇنار، گۈمبەز، قۇببە، مېھراب، بالابېشى، ئىشكبېشى، تەكچە ئويۇقى، مورا، پېشايۋان، تۈۋرۈكلەرنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە رەڭ تاللاشتىكى ئېستېتىك قارىشىنى قويۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى بېيىتتى.

دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىك چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بولۇپ، دولانلار ئولتۇراقلاشقان دولان، تىزناپ دەريا بويلىرى، ئاقسۇ، تارىم دەريا ۋادىلىرى چەكسىز كەتكەن ئېپتىدائىي توغراق ئورمان ۋە يايلاق بولغان. دولانلارنىڭ ماددىي

تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولغاچقا، دولانلار قوشنا جايلار ۋە ئەجدادلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئەنئەنىسىنى دوراپ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى تەدرىجىي ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسى قىلغان، بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا ئولتۇراق قۇرۇلۇشىدا زور دەرىجىدە يېڭىلىنىش بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى تەبىئىي شارائىت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئولتۇراق جايلار مانا ئەمدى يېڭى بىر تۇرمۇش شارائىتىغا ماس ھالدا ئۆزگەرگەن. ئىلگىرى ئۇلار توغراق ياغاچلارنى ئۆزئارا باغلاپ «لاگقا» ياساپ، تۇرالغۇ جاي قىلغان (بۇ ئۆيلەر ياغاچتىن ياسالغان بولغاچقا، دولانلارنى سىرتتىن كەلگەنلەر «ياغاچ ئۆيلۈك دولان»، «18 مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولان» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان. كېيىن بۇ ناملار دولانلار ئىچىدىمۇ ئادەتكە ئايلانغان) بولسا، كېيىن «قوشام» ئۆيلەر (بۇ ئۆيلەر مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق جايلاردا «تۆيۈزە»، «توقۇلما» تام ياكى «تۆيۈزە تاملىق ئۆي»، «توقۇلما تاملىق ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بارلىققا كەلگەن.[①] بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تام ئۇلىغا زەگۇندە (تام ئۇلىغا قويۇلغان ياغاچ لىمدىن ئىبارەت بولۇپ، قوشام ئۆيلەردە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك، ئايرىش تۈۋرۈكلەر قويۇلىدۇ. توپا تاملىق ئۆيلەردە ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىلايدۇ. ئۆي تېمىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە يەر تەۋرەشكە تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ) قويۇلىدۇ. زەگۇندىنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك، تۈۋرۈك ئارىلىقىغا ئاراش تۈۋرۈك، ئاراش تۈۋرۈك ئارىلىقىغا چېتىق (تۈۋرۈكلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تامنىڭ مۇقىملىقىنى ئاشۇرىدۇ)، قىيپاش چېتىق ئورنىتىلىدۇ. چېتىق بىلەن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق ئارقىلىق توقۇلىدۇ، ئاندىن ئىككى تەرىپى كاكىل لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ. قېلىنلىقى ئادەتتە 10 سانتىمېتىر (بەزىدە 15 — 20 سانتىمېتىر) كېلىدۇ. لىم بىلەن تۈۋرۈكلەر ئۆزئارا تۇرۇملىنىدۇ. ئۆگزىسى ۋاسا، ۋاسا

---

[①] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، 130 - بەت.

ئۈستىگە بورا ياكى تال چىۋىقتىن توقۇلغان چىتلاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان، سامان ئۈستىگە لاي، توپا، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق يېپىلغان بولۇپ، بۇ نىيە قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان «قوشام» ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى[1] بىلەن ئوخشاش. «كىرىوران قەدىمكى شەھىرىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، تۈۋرۈك بىلەن سوقۇما، زەگۈندە، چىتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇملاش ئۇسۇلى بىلەن ياكى ئەركەك - چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان». بۇ خىل قۇرۇلما، يەنى «قوشام» ئۆي ياساش ئۇسۇلى مەكىتتىكى «قوشام» (توقۇلما) ئۆي ياساش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. بۇ خىل ئۆي پەقەت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان نىيە، كىرىوران ۋە مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق جايلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان بىناكارلىق شەكلىدۇر. «ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئىشلىتىلىشچانلىقى مۇشۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىغا ئاساسەن تاللانغان ھەمدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ھالىتىگە يەتكەن[2].

---

[1] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 138 -، 139 -، 143 - بەتلەر.

[2] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 143 - بەت.

# تۆتىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناش - تىرانسپورتقا ئائىت ھۈنەرۋەنچىلىكى

### ھارۋا ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ھارۋا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قاتناش قوراللىرى ئىچىدە يىرىك قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ. ھارۋا ياسالغان ماتېرىيالىغا قاراپ ياغاچ ھارۋا، كۆتەك ھارۋا؛ چاق شەكلىگە قاراپ يارىيار ھارۋا، غالتەك ھارۋا دەپ ئىككى خىل؛ قوشۇلىدىغان ئۇلاغ تۈرىگە قاراپ ئات ھارۋا، كالا ھارۋا، ئېشەك ھارۋا دەپ ئۈچ خىل ئاتىلىدۇ.

**يارىيار ھارۋا:** بۇنىڭ چاقى يوغان، ئېگىز بولۇپ، ئۇ سۆگەت ياغىچىدىن قاسقان شەكلىدە ئېگىپ ياسىلىدۇ. گۇگىلىرىمۇ ئۇزۇن، گۇگىغا ئارىلىقمۇ كەڭ كېلىدۇ. يارىيار ھارۋىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى يېنىك، تەننەرخى تۆۋەن، چاقنىڭ ئايلىنىش كۆلىمى كەڭ، شۇڭا يول ئاۋۇيدۇ. ئەمما، كۆتەك ھارۋىدەك پۇختا ئەمەس. يارىيار ھارۋىنىڭ چاقىنىڭ ئېگىز، يوغانلىقى، ئايلىنىش كۆلىمىنىڭ كەڭلىكىگە ئاساسەن، ئۇ تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئېگىز ھارۋا» دەپ ئاتالغان. تېپىللار ياساپ ئىشلەتكەن ئېگىز چاقلىق ھارۋىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىر شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

**غالتەك ھارۋا:** بۇ توغراقنىڭ يوغان بېشىنى ھەرىلەپ غالتەك قىلىش ياكى قېلىن ئۈچ تال شالنى جىپسلاپ، ئاندىن قاسقان شەكلىدە چۆرۈلدۈرۈپ ھەرىلەپ غالتەك قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. غالتەك ھارۋا ئاساسەن ئېتىزغا قىغ، ئوغۇت توشۇش، تۈگمەنگە ئۈگۈت ئاپىرىش

قاتارلىق يېقىن ئارىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئادەتتە كالا ياكى ئېشەك قوشۇلىدۇ.

**كۆتەك هارۋا:** بۇنىڭ ياسىلىشى بىرقەدەر مۇرەككەپ، تەننەرخىمۇ ئۆرە. ئۇ ئۇجمە ياغىچى ياكى شۇنىڭدەك چىڭ ياغاچتىن تىلىنغان شالنى تەخمىنەن 35 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، مۇۋاپىق كەڭلىك ۋە قېلىنلىقتا يا شەكلىدە تۇغراپ قاسقان شەكلىدە چېتىپ ياسىلىدۇ. چاقنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 160 سانتىمېتىر بولۇپ، گۇڭگىلىرى قېلىن كېلىدۇ. بېشى پۇتەي ياغاچ تۇڭغا ئوخشاش ئىككى باشتىن چەمبەرلەنگەن بولۇپ، ئىچىگە چويۇن چوم ئېلىنىدۇ. چاق مەلۇم تومۇلۇقتىكى تۆمۈر ئوققا مىندۇرۇلىدۇ. ئوقنىڭ ئۈستىگە يەنە مەلۇم تومۇلۇقتىكى ياغاچ قويۇلۇپ، ئىككى باشتىن چىڭ چەمبەرلىنىدۇ. شۇڭا، كۆتەك هارۋا يارىيار هارۋا، غالتەك هارۋىلارغا قارىغاندا پۇختا، تەخمىنەن يېرىم توننىدىن ئارتۇق يۈك كۆتۈرىدۇ.

**تۆمۈر هارۋا:** تۆمۈر هارۋىنىڭ ياسىلىشى كۆتەك هارۋىغا ئوخشاش. بىر پەرقى، چاق ئۈلتىڭىغا تەخمىنەن 1.5 — 2 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تۆمۈر تارتىلىپ، ياڭاق چوڭلۇقىدىكى مودۇر باش تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلاپ تاشلىنىدۇ. هەربىر مىخ ئارىلىقى تەخمىنەن 7 — 8 سانتىمېتىر ياكى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئادەتتە 1 تونىنغا يېقىن يۈك كۆتۈرىدۇ.

**ئات ۋە كالا هارۋىسى:** ئادەتتە تۆمۈر هارۋىغا ئات، كالا هارۋىسىغا كالا قوشۇلىدىغان پەرقىگە قاراپ «ئات هارۋىسى»، «كالا هارۋىسى» دەپ ئايرىلغان. مەيلى ئات هارۋىسى ياكى كالا هارۋىسى بولسۇن، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان ئات ياكى كالا سانى هارۋىغا بېسىلىدىغان يۈك ئېغىرلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. تۆمۈر هارۋىغا ئادەتتە 3 — 4كە قەدەر ئات قوشۇلىدۇ. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا بەش ئات قوشۇلىدۇ. كالا هارۋىسىغا ئادەتتە ئۈچ كالا قوشۇلىدۇ. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا تۆت كالا قوشۇلىدۇ. يارىيار هارۋىغا ئادەتتە بىر ئات ياكى بىرلا كالا قوشۇلىدۇ.

**ئېشەك هارۋىسى:** ئېشەك هارۋىسىنىڭ ياسىلىشى كۆتەك هارۋىغا ئوخشاش. پەرقى، چاقى كۆتەك هارۋىغا قارىغاندا كىچىك، شوتىلىرىمۇ

ئىنچىكىرەك كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كېيىنرەك پەيدا بولغان يەنە بىر خىل قاتناش قورالى بولۇپ، ئۇ «مەپە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا مەخسۇس ئادەم توشۇلىدۇ. ئادەتتە شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپلىرىغا قاتنايدۇ. ئالاھىدە زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالغان تەقدىردە ئۇزۇن يولغىمۇ قاتنايدۇ. مەپىنىڭ ياسىلىشى ئادەتتىكى ھارۋىغا ئوخشاش. پەرقى، ئېشەك ھارۋىدىن ئېگىزرەك، كۆتەك ھارۋىدىن پەسرەك، ئۈستى يا شەكلىدە يېپىقلىق كېلىدۇ. مەپىگە ئادەتتە بىرلا ئات قوشۇلىدۇ، ئەمما ئاتنىڭ جابدۇقلىرى ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، بوينىغا كىچىك تۇچ قوڭغۇراقلار ئېسىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، «تارانچى ھارۋىسى»، «خادىك» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى خىل ھارۋا ئومۇملاشقان.

**تارانچى ھارۋىسى:** ئۇ ئاساسەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە مۇھىم تىرانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. شۇڭا «تارانچى ھارۋىسى» دەپ ئاتالغان. چۈنكى 30 ـ، 40 ـ يىللاردا ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۆز دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن «تارانچى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تارانچى ھارۋىسىنىڭ ئادەتتىكى ھارۋىدىن بىر پەرقى: ئېگىز ـ پەسلىكى مەپىگە ئوخشاش، ئەمما مەپىدىن ئۇزۇن، كەڭ، ئادەتتىكى ھارۋىدىن كالتە، تارراق كېلىدۇ (چاقى تۆمۈر ھارۋىنىڭ چاقىدەك ياسىلىدۇ). شۇنىڭدەك بىرلا ئات قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدا مەخسۇس ھەر خىل ئەشيا، كۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەر توشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ تېپىك ئالاھىدىلىكى بۇ خىل ھارۋا يولغا چىققاندا، ئادەتتە ئاز دېگەندە 3 — 4 تى، كۆپ دېگەندە 8 — 10 نى بىر يۈرۈش قىلىنىپ ئىككىلا ئادەم باشقۇرۇپ ماڭىدۇ، بىرى باشتىكى ھارۋىدا ماڭسا، ئىككىنچىسى ئەڭ ئاخىرقى ھارۋىدا ماڭىدۇ. ئوتتۇرىدىكى ھارۋىلار باشتىكى ھارۋىغا ئەگىشىپ يولىدىن، قاتاردىن چىقمايدۇ. ئاشۇنداق ئىككى ياكى ئۈچ يۈرۈش ھارۋا بىرگە يولغا چىقىدۇ. بۇ ئۆز دەۋرىنىڭ شارائىتىدا ئىلغار

تىرانسپورت ۋاستىسى بولۇپ، ھازىرقى پويىز ۋاگونلىرى، ئاپتوموبىل كالونلىرىغا ئوخشاش رول ئوينىغان.

**خادىك:** خادىك ھارۋا ئىككى خىل بولۇپ، تۆت چاقلىق ئۇزۇن كېلىدۇ. چاقى تارانچى ھارۋىسىنىڭ چاقىدەك، ئەمما چاقىنىڭ تاپىنى تار، توم، گۇڭگىلىرى ئۇزۇن، شالاڭراق، بېشى چاققان كېلىدۇ. خادىك ھارۋىنىڭ بىر خىلى ھەرىكەتچان ئىككى شوتىلىق، يەنە بىر خىلى ھەرىكەتچان بىر شوتىلىق كېلىدۇ. شوتا ئالدى چاق ئوقىغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئارقا چاق بىلەن ئالدى چاق ئىككى ياندىن ئايرىم تۆمۈر بالداق بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە تۈز ياكى ئۇلۇق شەكىللىك تۆپىلىك ياسىلىدۇ.

ئىككى شوتىلىقىغا بىر ئات قوشۇلىدۇ. بۇ ئاساسەن شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم كىرا قىلىشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بۇ ئۆز دەۋرىدە ھازىرقى كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ ۋە تاكسىنىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن. بىر شوتىلىققا ئىككى ئات قوشۇلۇپ، ئاساسلىقى يېزا - قىشلاق، تاغ - ئېدىرلاردىن ئاشلىق، ئوت - سامان، ياغاچ - تاش توشۇشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. خادىك ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئومۇملاشقان.

يەنە «پوچتا» ياكى «پەيتۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قاتناش قورالى بولۇپ، بۇنىڭدىن كونا جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران ئەمەلدارلار، بايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭغىمۇ ئات قوشۇلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، 40 - يىللاردىن كېيىن رېزىنكە چاقلىق ھارۋا ئومۇملىششقا باشلىدى. ئۇنىڭ چاقى ئاپتوموبىل چاقى بولغاچقا كىشىلەر «يەل چاق ھارۋا» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ خىلدىكى ھارۋا ئۇرۇمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، ناھىيە، يېزا - قىشلاقلاردا تا ھازىرغا قەدەر تىرانسپورت ساھەسىدە يەنىلا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. 60 - يىللاردىن كېيىن كىچىك تىپتىكى يېنىك رېزىنكە چاقلىق ھارۋا ئومۇملىشىپ كەڭ يېزا - قىشلاق ھەتتا شەھەرلەردىمۇ ئۇنىۋېرسال قاتناش - تىرانسپورت ۋاستىسىگە ئايلىنىپ

قالدى. ھازىر يېزا - قىشلاقلاردا ھەر ئائىلىدە دېگۈدەك بىردىن مۇشۇنداق ھارۋا بار[①].

ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ قاتنىشىدا ئاساسلىق قاتناش قوراللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

**كېمە:** ئۇيغۇرلار كېمىدىن بېلىقچىلىق قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغاندىن تاشقىرى، قاتناش قورالى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. كېمە چوڭ، ئىچى ئويمان، قورساقلىق، چوڭقۇر كېلىدۇ. بۇ چوڭ توغراق ياغىچىدىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ئاساسلىقى دەريادىن ئۆتۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. مۇنداق كېمىدە ئادەتتە ئادەم ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۈك، ھارۋا قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈشتە چېتىق كېمە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئادەم ئۆتكۈزۈلىدىغان كېمىدىن 3 — 4 نى قاتار چېتىپ ئۈستىگە تاختاي مىخلاپ ياسىلىدۇ، ئۈستى تۈز كېلىدۇ.

**سال:** بۇ ئاساسلىقى دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي قاتناش قورالى بولۇپ، ئادەتتە ئادەم، ئوتۇن قاتارلىقلار توشۇلىدۇ. سال ئادەتتە 2 — 3 تال ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ياغاچ قاتار چېتىلىپ ياسىلىدۇ.

**لەيلىمە كۆۋرۈك:** بۇ بىرقانچە سال ياكى كېمىنى قاتار قىلىپ چېتىپ، ئۈستىگە ياغاچ تاختاي مىخلاپ، قىرغاققا باغلاپ ياسالغان ۋاقىتلىق لەيلىمە كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ دەريا - ئېقىن بويلىرىغا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار كەلكۈن پەسلى (ھەر يىلى 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە) دىن قىش، كېلەر يىلى ئەتىياز پەسلى (شۇ يىلى 10 - ئايدىن كېلەر يىلى 5 - ئايغىچە) گىچە دەريا يولى (مۇقىم بېكىتىلگەن دەريا كېچىكى) غا سالىدىغان پەسىللىك كۆۋرۈك.

---

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 215 - ، 216 - بەتلەر.

بەشىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەككە ئائىت ھۈنەرۋەنچىلىكى

## 1. باش كىيىم

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيەلىك شەرت - شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە گۈزەللىك قارىشى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە روشەن مىللىي پەرق كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇيغۇرلار تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشمىغان باش كىيىملەرنى كىيىشكە، ئاياللىرى ئومۇمەن بېشىغا ياغلىق سېلىشقا ياكى تۇماق - دوپپا كىيىشكە ئادەتلەنگەن. باش كىيىمسىز يۇرۇشنى يامان كۆرىدۇ، بولۇپمۇ نەزىر - چىراغقا بارغاندا، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، چوقۇم باش كىيىم كىيىشى شەرت. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا، ئومۇمەن ئاممىۋى مۇراسىملارغا باش كىيىمسىز بېرىش بىر خىل ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

رايون پەرقى، كەسپىي پەرق ۋە ياش قۇرام پەرقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى ناھايىتى كۆپ خىللىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن كىيگەن باش كىيىمگە قاراپ شۇ كىشىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ياش قۇرامىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى شەكلى ۋە ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بىرقانچە خىل بولىدۇ.

### بۆك

بۆك ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تەركىب بولۇپ، بۆك كىيىش چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇھىم ئادىتىدۇر. بۆك قەدىمكى دەۋرلەردە «بۆك» (بۆرك تۆپە) دەپ ئاتالغان. بۆكنىڭ قىشلىقى ۋە يازلىقى بولۇپ، قىشلىقى تۇماق، يازلىقى دوپپا دەپ ئاتىلىدۇ. تۇماق ھەر خىل بولۇپ، قۇلاقچا، كۇلا، قالپاق دەپ، دوپپا سىدام دوپپا، گۈللۈك دوپپا، گىلەم دوپپا، كەشتە دوپپا، ئۈنچە دوپپا، قاداق دوپپا، تاج دوپپا، مەرۋايىت دوپپا، دۇخاۋا دوپپا، شاپاق دوپپا دەپ بىرنەچچە تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇيغۇرلار قىشتا ھەر خىل تېرىدىن ئىشلەنگەن تۇماقلارنى كىيىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئەر - ئاياللار ئوخشاشلا يازدىمۇ تۇماق كىيىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. بۇنىڭ باشنى سالقىن تۇتۇش، ئىسسىق ئۆتۈشتىن ساقلاش خۇسۇسىيىتى بار. ئەرلەر ئەتىياز، ياز، كۈزلەردە كۆپىنچە دوپپا كىيىدۇ. ياشانغان ئاياللارمۇ ئادەتتە رومال ئۈستىگە بىرئاز ساددىراق گۈل - كەشتە چېكىلگەن ئايالچە دوپپىلارنى كىيىدۇ. ياش قىز - چوكانلار روماللىق ياكى رومالسىز ھەر خىل رەڭدار ئايالچە دوپپىلارنى كىيىدۇ، بولۇپمۇ ھېيت - بايراملاردا تېخىمۇ رەڭدار دوپپىلار بىلەن ياسىنىدۇ. ھازىر بەزى ئەرلەر ئۆزىنىڭ ياسىنىش ئارزۇسى بويىچە ھەممە پەسىلدە شلەپە كىيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرماقتا. ئايرىم ئاياللارمۇ ھەر خىل مودا شلەپىلەر بىلەن ياسىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا ئەكس ئەتكەن تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولغان يازلىق باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر دوپپىلىرى نۇسخىسىنىڭ كۆپ خىللىقلىقى، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ

ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى كىيىشنى ئۆزىنىڭ ئادەتلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ: بادام دوپپا، تاشكەنت دوپپا، گىلەم دوپپا، مەنپۇ دوپپا، تۇگۈچ مەنپۇ دوپپا، ئۈنچە دوپپا، كالۇۋتۇن دوپپا، ئىلمە گۈللۈك دوپپا، چىمەن دوپپا، تور باسقان دوپپا، مارجان دوپپا، سىدام دۇخاۋا دوپپا، شاپاق دوپپا قاتارلىق 100 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ دوپپىلار نوقۇل باش كىيىملا بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە بىر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقىنى بادام دوپپا بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. بادام دوپپىنىڭ تۈرلىرىمۇ بىرقانچە خىل بولۇپ، ھەممىسىگە تۆت دانە بادام شەكىللىك يېرىم ئاي نۇسخىسى چۈشۈرۈلىدۇ ۋە جىيەكنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن گۈمبەز شەكىللىك گۈل جۇلالىق ئاق مەشۇت بىلەن نەقىش قىلىنىدۇ. بۇ گوياكى ئاي ئەتراپىدا جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارنى ئەسلىتىدۇ. گۈللۈك ۋە زەر باسقان دوپپىلار ئاياللارغا خاس بولۇپ، ئۇنىڭ نۇسخىلىرىمۇ كۆزنى چاقنىتىدۇ.

قىزىل ۋە يېشىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن سىدام دوپپىلار كۆپرەك شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ دوپپىلارنىڭ رەڭگى ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەجدادلىرىمىز بۇرۇن ياراتقان تۇماق ۋە دوپپىلار 60 خىلدىن كۆپ بولۇپ، بۇگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ماتېرىياللارنىڭ رەڭگى، ئالاھىدىلىكى ۋە گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بويىچە ئايرىغاندا 200 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى دەلىللەنمەكتە.

دوپپا ۋە تۇماقلار ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان يالغۇز كىيىم قاتارىدا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، يەنە دوستلار، ئاشىق - مەشۇقلار ئۆزئارا سوۋغات سۈپىتىدە بىر - بىرىگە تەقدىم قىلىنىدىغان، ئەل ئىچىدىكى تۆھپىكارلار ۋە مەشھۇر زاتلارغا تون كىيدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەردە تون بىلەن بىرگە دوپپىنىمۇ بىباھا بۇيۇم

سۈپىتىدە تەقدىم ئېتىدىغان ياخشى ئادەت ھېلىغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

دوپپا، تۇماقلارنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

**بادام دوپپا:** بۇ بادام ئۇرۇقىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىنى رەخت ئۈستىگە كەشتىلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. رەختى ئاساسىي جەھەتتىن تاۋار - دۇردۇندىن بولۇپ، تەكتى قارا، كەشتە گۈلى ئاق بولىدۇ. كىيگۈچىگە ناھايىتى سالاپەت، پاكلىق، ئوچۇق - يورۇقلۇق تۇيغۇسى بېرىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان دوپپىسى بولۇپ، چوڭلارغا، ياشلارغا ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ.

**زەر دوپپا:** بۇ ئالتۇن رەڭلىك يىپەك رەختكە كۈمۈش رەڭلىك يىپتا ھەر خىل گۈل چېكىپ تەييارلانغان دوپپا بولۇپ، قىزلار ۋە ئوتتۇرا ياش ئاياللارغا ماس كېلىدۇ.

**چىمەن دوپپا:** بۇ ئادەتتە ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ كىيىدىغان دوپپا بولۇپ، سۇس يېشىل ۋە ئېقىش يېشىل، سىدام تاۋار - دۇردۇنلاردىن تىكىلىدۇ. دوپپا تالاسىغا بۇغداينىڭ شەكلىدىن ئۆزگەرتىلگەن باشاق، ياپراقلىرىنى گېئومېترىك سىزىقچىلار بويىچە كەشتىلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. كۆپىنچە زىيالىيلار ۋە زىيالىيلارغا ئوخشاش ياسىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار كۆپ كىيىدۇ.

**شاپاق دوپپا:** ئەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش ئەرلەرنىڭ يازدا كىيىدىغان دوپپىسى بولۇپ، ئەستەرلەنگەن ئاق خەسىنى ئۇششاق سىيرىش ۋە گېزىكىگە مەشۇت يىپتا دولقۇنلاۋاتقان چېچەك تۇيغۇسىنى بېرىدىغان بىرنەچچە تال سادىدا گۈل نۇسخىسى ئىشلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇ دوپپىنى يەنە قىشتا ھەر خىل تۇماقلارنىڭ ئەستىرىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تۇماق ئىچىگە كىيىدۇ. شاپاق دوپپا قوغۇن - تاۋۇزنىڭ ئىككى پارچە قىلىنغان شاپىقىغا تەقلىد قىلىپ كەشىپ قىلىنغان باش كىيىمى بولۇپ، تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن دەۋرلەرگە مەنسۇپ.

**ئۈنچە دوپپا:** تېشى دۇخاۋا ياكى دۇخاۋىسىمان رەختلەردىن ئىشلىنىدۇ، دوپپا تالاسىغا ھەر خىل ئۈنچە - مارجانلارنى تىزىش

ئارقىلىق كۆپ خىل گۈل - كەشتە ئۆرنەكلىرىنى ھاسىل قىلىپ تەييارلىنىدۇ. قىز - چوكانلار كۆپ كىيىدۇ.

**گىلەم دوپپا:** بۇ دوپپا تېشىنى گىلەم توقۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاش ئىلمە كەشتە ماھارىتى بىلەن كەشتىلەپ ئىشلىنىدىغان دوپپىدۇر. بۇ دوپپىنىڭ ئەمگەك سەرپىياتى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بازارلاردا كۆپ بولىسمۇ ھەقىقىي قول بىلەن ئىشلەنگەنلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ياش قىز - چوكانلار ناھايىتى ئەتىۋارلاپ كىيىدۇ.

**مەنپۇ دوپپا:** ھەر خىل مەخمەللەردىن گىرۋىكىگە ياكى جىيەكىگە تۆت گۈرۈپپا، تۆپىلىكىگە تۆت گۈرۈپپا چاسا ياكى يۇمىلاق شەكىللىك گۈل - چېچەكلەر كەشتىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئاياللارغا مۇناسىپ كېلىدۇ.

**ئالتۇن قاداق دوپپا:** بۇ ئۆتمۈشتىن تارتىپ بىر قىسىم پۇلدار ئاياللار ئۈچۈن ساپ ئالتۇندىن ھەر خىل چېچەك نۇسخىلىرىغا تەقلىد قىلىپ ياسىغان قاداقلارنى تەييارلاپ، دوپپا گىرۋىكى ۋە تۆپىلىكىگە تىزىش ئارقىلىق تەييارلايدىغان دوپپا بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاياللار بۇ دوپپىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى. ئارىلىقتا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۆسۈشى ئالتۇن قاداق دوپپىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ نۆۋەتتە نۇرغۇن ئاياللار، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھاللىق ئائىلە ئاياللىرى ئالاھىدە زاكاز قىلدۇرۇپ، توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام ۋە زىياپەت سورۇنلىرىدا ئالتۇن قاداق دوپپا بىلەن ياسىنىدىغان ۋە ئەزىزلىرىگە تەقدىم قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە.

**بەش تالا دوپپا:** بۇ دوپپا ئاساسىي جەھەتتىن بەش تالانىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بىلەن تەييارلىنىدۇ. بۇ دوپپا بالىلارغا ئاتاپ غەيرىي ۋە رومانتىك گۈل نۇسخىلىرىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بالىلارنى ئىنتايىن ئوماق، سېھىرلىك ۋە جۇشقۇن كۆرسىتىدۇ.

**سەرپۇش دوپپا:** بۇ بىر خىل ئېگىز گېزەكلىك دوپپا بولۇپ «سەللە

دوپپا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دىنىي ئۆلىمالار، ئاخۇن - موللىلار ئىسسىق كۈنلەردە بۇ دوپپىنى كىيىپ، ئۈستىگە ئاق خەسە ياكى داكىدىن تەييارلانغان سەللە ئوراپ ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ.

**ئاق دوپپا:** بۇ گىرىكى چوڭقۇرراق، تۆپىلىكى كەڭرەك ئېلىنىدىغان شاپاق دوپپىغا ئوخشاپ كېتىدىغان دوپپا بولۇپ، ئەرلەر ھەر ۋاقىت ۋە ناماز سورۇنلىرىدا كىيىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا دوپپا - تۇماقلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دوپپىلاردىن يەنە تاج دوپپا، كىرىيە دوپپىسى (مەللە دوپپا)، تۇرپان دوپپىسى، قومۇل دوپپىسى، ئاتۇش دوپپىسى، ئىلى سىدام دوپپىسى، ئىلى گۈللۈك دوپپىسى قاتارلىقلار بار. تۇماقلاردىن ئاق تۇماق، سەرپۇش تۇماق، پاپاخ تۇماق، كولا تۇماق، قاسقان گىرەك تۇماق، قەشقەر تۇمىقى، يېڭىسار تۇمىقى، خوتەن تۇمىقى، سالۋار تۇماق، سۆسەر تۇماق، كەمچەت تۇماق، قۇندۇز تۇماق، تۈلكە تۇماق، بۆلغۇن تۇماق، مالىخاي تۇماق، كىگىز قالپاق، چىغ قالپاق، كەتمەن شەپكە، تالا شەپكە، قاسقان شەپكە، قۇلاقچا، نوركا قۇلاقچا..... قاتارلىقلار بار.

بىرنىڭ دوپپا كىيىشىمىزدە ھەر خىل ئوخشاشماسلىق مەۋجۇت. خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ ئەرلىرىمىز دوپپىنىڭ تالا قىرىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئەرلەر بۇنىڭ ئەكسىچە دوپپىنىڭ چاسا ھالىتىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىۋاتىدۇ. ئاياللىرىمىز خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دوپپىنىڭ چاسا ھالىتىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىۋاتىدۇ. بۇ خىل كىيىنىش ئەر - ئاياللارنىڭ دوپپا كىيىشتىكى جىنسىي پەرقىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى دەيدىغان توغرا بولمىغان قاراشلارمۇ بار. لېكىن، يېقىندىن بېرى ئاياللاردىمۇ بەزىلىرى قىرىنى، بەزىلىرى چاسا ھالىتىنى پېشانىسىگە توغرىلاپ كىيىدىغان ئوخشاشماسلىق پەيدا بولماقتا. ھەتتا يەنە ئەر- ئاياللاردا ئوخشاشلا دوپپىنىڭ قىرىنى ئوڭ چېكىسى ياكى سول چېكىسىگە سىڭايان قىلىپ كىيىدىغان ئادەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ كىيىنىشتىكى تەرتىپسىزلىك بولۇپ، بۇنداق ياسىنىش داۋاملىشىۋەرسە،

بىزنىڭ دوپپىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈزەل ئوبرازىغا ھەم مىللىتىمىزنىڭ ياسىنىش گۈزەللىكى ۋە ساپاسىغا ئوخشىمىغان يامان ئىللەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

تۇماق ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى بولۇپ، ئاساسەن تېرىدىن ئىشلىنىدۇ. نۇسخا جەھەتتىن ئاق تۇماق، سالۋار تۇماق، سوغا تۇماق، كۇلا تۇماق، دۇمچە، كەمچەت تۇماق، بەگچە تۇماق، كۆرپە تۇماق، قارا كۆرپە تۇماق، قۇلاقچا، ھاكىم تۇماق، كۆرەك تۇماق، ئەلتېرە تۇماق، غىجىم تۇماق، جىيەك تۇماق، پىپى تۇماق، زىغزىق تۇماق، سەللا تۇماق، بۆك تۇماق، تەلپەك ۋە يېڭىسار تۇمىقى، كېرىيە تۇمىقى، ساغان تۇمىقى، ھەربىيچە تۇماق، سۆسەر تۇماق، قاما تۇماق قاتارلىق ئون نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. ھەرقايسى خىلدىكى تۇماقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، نەپىس ۋە كۆركەم ئىشلەنگەن. بۇ تۇماقلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشلانغان يۇمشاق تېرىدىن ئىشلىنىپ، ئېغىز گىرۋىكىگە سۇپەتلىك كۆرپىدىن چوڭ - كىچىك زىغزىق تۇتۇلغان، بەزى تۇماقلارنىڭ ئۈستىگە قارا ياكى باشقا رەڭلىك رەختلەردىن بىر قەۋەت تاشلىق تۇتۇلۇپ ئەستىرىگە تېرە ئېلىنغان. ھەر خىل تۇماقلارنىڭ ئۆزىگە خاس قېلىپى بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇماقچىلىقنى كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ يۈكسەك ماھارىتى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇيغۇر دولان تۇماقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 20 — 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئايالλارنىڭ تۇمىقى پەرقلىق بولۇپ، كۆپرەك ياشانغان ئاياللار ياكى بىرقەدەر مەرتىۋىلىك ئاياللار ھەر خىل مۇراسىملارغا قاتناشقاندا تۇماق كىيىدۇ. بۇ «قاما تۇماق» دېيىلىپ، ئۈستى قارا مەخمەل ياكى قارا دۇخاۋا بىلەن قاپلىنىدۇ. قاسقىنىغا بۆرەكچە شەكىلدە 3 — 4 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئەتىۋارلىق قامىدىن گىرۋەك ئورنىتىلىدۇ. ئىچىگە يۇمشاق ئەلتېرىدىن ئەستەرلىك ئېلىنىدۇ. بۇ تۇماقنىڭ تەننەرخى خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ھاللىق شەھەر ئاياللىرى ئىچىدە كۆپرەك ئومۇملاشقان.

«قۇلاقچا» مۇ ئۇيغۇرلار كىيىنچە قوبۇل قىلغان ھازىرقى زامان قىشلىق باش كىيىملىرىدىن بىرى. بىراق، يېزا - قىشلاقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى تۇماقلىرى يەنىلا ئاساسلىق باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ.

قوشۇمچە:

## قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا دوپپا

ھەممىگە ئايانكى، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى پۈتكۈل شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ماھىرلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، كىيىم - كېچەكنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بويىچە ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىقنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. بىز تۆۋەندە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ كۆزگە چېلىقارلىق، ئۆزگىچە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەرۋەنچىلىكىدىن دوپپا ۋە دوپپىچىلىق بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقىمىز.

قەشقەر رايونىدا دوپپا كىيىش ئىنتايىن ئومۇملاشقان بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى، ياش پەرقى، ھۈنەر - كەسىپ ئايرىمىسى، پەسىل - مۇراسىم ئايرىمىسى قاتارلىقلار بويىچە ئوخشاش بولمىغان شەكىل، رەڭ ۋە نۇسخىدىكى دوپپىلار مەيدانغا چىققان. بۇلاردىن مۇھىملىرى ۋە تىپىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

**غۇنچە دوپپا**

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ، تېگى ھاۋا رەڭ ياكى كۆك رەڭ تاۋاردىن تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ تالالىرىغا تىكىلگەن گۈللىرى قېنىق يېشىل يىپەك يىپ بىلەن، ئەۋرىشىم يوپۇرماقلىرى سۇسراق يېشىل يىپ بىلەن چېكىلىدۇ. يوپۇرماقلارنىڭ ئەتراپىدىكى گۈللەر قىزىل، كۆك، شاپتۇل چېچەكى قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. بۇ خىل دوپپا ئاياللارغا

خاس بولۇپ، دوپپىنىڭ جىيەكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىپ، گىرۋىكىدىكى گۈللىرى ئۈستىدىكى گۈللىرىدىن ئۆلگە ئېلىپ چېكىلىدۇ.

**بادام دوپپا**

بادام دوپپا قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ كىيىلىدىغان دوپپا تۈرى بولۇپ، تۈر جەھەتتىن ئاق بادام دوپپا، تور بادام دوپپا، چۆچۈرە بادام دوپپا، قوش بادام دوپپا، مارجانلىق بادام دوپپا، زەر باسقان بادام دوپپا قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاق مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن بادام دوپپىنى ئەرلەر، مارجانلىق بادام دوپپا، زەر باسقان بادام دوپپىلارنى قىز - ئاياللار كىيىشىدۇ. رايون ئايرىمىسى جەھەتتىن، قەشقەر بادام دوپپىسى، سەئىدىيە بادام دوپپىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بادام دوپپىنىڭ تېگى قارا نېپىز رەختتىن (ئاياللارنىڭكى كۆپىنچە قىزىل دۇخاۋىدىن بولىدۇ) ئىشلىنىدىغان بولۇپ، ئۈستىگە ئاق مەشۇتتىن بادامنىڭ سەل كۆپتۈرۈلگەن شەكلى كەشتىلىنىپ، ئاق ۋە قارا رەڭ ماسلاشقان ھالەت گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بادامنىڭ شەكلى دوپپىنىڭ تۆت تەرىپىگە بىرسىنىڭ قۇيرۇقىغا يەنە بىرسىنىڭ ئۇچ تەرىپى توغرا كەلتۈرۈلۈپ كەشتىلىنىدۇ. قىز - ئاياللارنىڭ دوپپىسىغا بادامنىڭ جىيەك قىسمىنى بويلىتىپ مارجان قادىلىدۇ. دوپپىنىڭ تەگ جىيەك قىسمىغا يېرىم چەمبەر ئۇلاپ كەشتىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ھەر خىل نۇسخىدىكى شەكىللەر چىقىرىلىدۇ.

بەزىدە ئەرلەرنىڭ بادام دوپپىسىنىڭ تۆت بۇلۇڭىنىڭ بىرىنىڭ (شىمال تەرەپ بىلەن شەرق تەرەپ تۇتاشقان بۇلۇڭ) جىيەك قىسمىغا پۆپۈك چىقىرىلىدۇ. ئۇ دوپپىنىڭ ئوڭ - تەتۈر تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرىش رولىغا ئىگە. سەئىدىيە دوپپىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ قەشقەر دوپپىسىغا قارىغاندا بىرقەدەر ئېگىزرەك تىكىلىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى سەئىدىيە، پوسكام، مەكىت، مارالبېشى ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇرلار كۆپرەك كىيىشىدۇ.

### ئەرەنچە چىمەن دوپپا

چىمەن دوپپا ئىسمى - جىسمىغا لايىق تولىمۇ چىرايلىق بېزىلىپ تىكىلىدۇ. بۇ دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە بولسىمۇ تۆت تالاسى توق يېشىل يىپەك يىپ بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. دوپپىنىڭ تېگى يېشىل يىپ بىلەن تىكىلىپ، گۈل غۇنچىلىرى قوشماق بادامىلار بىلەن بېزىلىدۇ، ئۈستىدىكى گۈللىرى سۇس شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا، گىرۋىكىدىكى گۈللىرى بولسا قېنىق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى قوشماق ئاق بادام گۈللىرى ئۈنىڭغا ھۆسن قوشۇپ چۆرىدەپ تىكىلىپ، گۈل ئارىلىقى ئاق يىپەك يىپتا نازۇك قىلىپ يوپۇرماقنىڭ تارام - تارام تومۇرلىرىدەك بېزىلىدۇ. ئۇ ئەرلەرگە خاس بولۇپ، قەشقەر تەۋەسىدىكى ئەرلەر تولىمۇ ياقتۇرۇپ كىيىدۇ.

### گۈلشەن چىمەن دوپپا

بۇ دوپپىنىڭ شەكلى گىلەم دوپپىغا ئوخشىسىمۇ، ئەمما گۈللىرىنىڭ تىكىلىش تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلمىسى باشقىچە. بۇ دوپپا گېئومېتىرىيەلىك ئۇسۇلدا ئەمەس، ئادەتتىكى گۈل دوپپىلىرىدەك ئىشلىنىدۇ. دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ، گۈللىرى ناھايىتى ئوچۇق رەڭلىك يىپتا تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ تېگى ئاق تولىما رەختتىن بولۇپ، گۈللىرى ئۈچ لىنىيەگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تېگىدىكى چوڭ گۈل قېنىق قىزىل رەڭلىك بولۇپ، ئىككى ياندىكى ئېچىلغان يوپۇرماقلىرى قىزىل ئوچۇق يىپتا چېكىلىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى گۈللىرىنىڭ ھەممىسى ئاق، قوش يوپۇرماقلىرى توق يېشىل، ئىككى تەرىپىدىكى تۆت تالالىق گۈلى قېنىق شاپتۇل چېچىكى، ئوتتۇرىسىدىكى ئاچماق چېچەك يېشىل، يېنىدىكى يوپۇرماق لىنىيەلىرىنىڭ بىرى قىزىل، يەنە بىرى توق سۆسۈن رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ. دوپپىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان ئۈچىنچى لىنىيەدىكى گۈللەر ئوچۇق شاپتۇل چېچىكى رەڭدە، ئىككى ياندىكى قوش يوپۇرمىقى قېنىق ھاۋا رەڭ ۋە قېنىق يېشىل رەڭلەردە بولىدۇ. بۇ دوپپا ئەرلەر،

بولۇپمۇ ياش يىگىتلەر ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئادەملەرگە خاس بولۇپ، ئۇ ماھىر قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

### گۈل قىياق دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىللىك بولۇپ، سۇس ھاۋا رەڭ تەگلىككە ھەر خىل رەڭدىكى يىپەك يىپلار بىلەن گۈل چېكىلىدۇ. گۈللەر قىرلىق بەلگىلىرى بىلەن قۇراشتۇرۇلۇپ، دوپپىنىڭ ئۇستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈل قېنىق - سۇس رەڭلىك، ئەتراپىدىكى تۆت گۈل قېنىق ھاۋا رەڭ بىلەن چېكىلىدۇ. گۈللەرنى ئوراپ تۇرىدىغان قېنىق يوپۇرماقلار قېنىق شاپتۇل چېچەكى ھاۋا رەڭ، توق يېشىل رەڭلىك يىپلاردا چېكىلىپ، گۈللەر قارا يىپەك يىپ بىلەن تۆت تەرەپكە ئاجرىتىلىپ بېرىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. بۇ دوپپا ماھىر قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ ئەرلەر كىيىدۇ.

### چىمەنگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ، سۇس يېشىل، مايسا رەڭ تەگلىككە ھەر تۈرلۈك گۈللەر چېكىلىدۇ. گۈللەر دانە - دانە شەكىللىك ئوچۇق شاپتۇل چېچەكى ۋە قىزىل رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ. گۈللەرنىڭ تۈزۈلۈشى خۇددى كېسىلگەن لىمونغا ئوخشايدۇ. يوپۇرماقلىرى توق يېشىل، سۆسۈن ۋە ئوچۇق كۆك رەڭلىك يىپەك يىپلار بىلەن، گۈللىرى، جىيىكى ئاق، قارا يىپلار بىلەن گويا ھەرىنىڭ چىشىغا ئوخشاش ئاجرىتىلىپ بېزىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىپ، جىيەك ئۈستىگە ئايرىم - ئايرىم گۈل پارچىلىرى چېكىلىدۇ. ئۇ قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، ئەرلەرگە خاستۇر.

### توقۇلما گۈللۈك دوپپا

بۇ خىل دوپپا خۇددى گىلەمگە ئوخشايدۇ. ھەممە يېرىگە چىرايلىق رەڭلىك يىپلار بىلەن گۈل چېكىلىدۇ. دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ،

تالالىرى توق يېشىل يىپتا، ئۈستىدىكى گۈل ئاق، قىزىل، ئوچۇق شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكى يىپتا بېزىلىدۇ. ئەتراپىدىكى گۈل گېئومېترىيەلىك شەكىلدە ئوچۇق قىزىل، قېنىق يېشىل، قېنىق بېغىر رەڭ يىپلار بىلەن ئەگرى - بۈگرى قىلىپ زىننەتلىنىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى گۈللىرىنىڭ چۆرىسى ئاق، قىزىل يىپتا ئاجرىتىلىپ، ئىچى ئوچۇق قىزىل رەڭلىك يىپتا، گۈللىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەر قىزىل، توق يېشىل يىپەك يىپتا چېكىلىدۇ.

## مارجانگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ، تېگى ئاق زەر رەختتىن تىكىلىپ، گۈللىرى يوغان - يوغان، دانە - دانە قىلىپ چېكىلىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىگە ۋە گىرۋەكلىرىگە چېكىلگەن گۈل سەل سوقچاق بولۇپ، شاپتۇل چېچىكى، ئاق، قېنىق قىزىل يىپلاردا تىكىلىدۇ، گۈلنىڭ ئەتراپىدىكى يوپۇرماقلار توق يېشىل رەڭدە بولىدۇ. بۇ دوپپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى پۈتۈن گۈل، يوپۇرماقلارنىڭ ئەتراپى ئاق سەدەپ مارجان بىلەن چۆرىدەپ بىر قاتاردىن چېكىلىدۇ، شۇنىڭدەك گۈل ئۈستىگە ۋە يان تەرىپىگە ئاق يىپەكتىن يوپۇرماق پارچىسى چېكىلىدۇ. بۇ خىل دوپپا ئەرلەر، قىزلار ۋە چوكانلارغا خاس بولۇپ، قەشقەر ئۈستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

## سەدەپ يۇلتۇز گۈللۈك دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. كۆك مەخمەل تەگلىككە توق سېرىق يىپەك يىپ بىلەن گۈللەر پۈتۈن، يوغان چېكىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستى ئاق سەدەپ مارجان بىلەن بېزىلىدۇ. يۇلتۇز گۈلنىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىر بۇلۇڭغا قىزىل مارجان قادىلىدۇ. يۇلتۇزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدىغان يالغۇز مارجان يېشىل رەڭلىك بولىدۇ. يۇلتۇز گۈلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى غۇنچە گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىل مارجان تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىپ، جىيەكنىڭ ئۈستىگە ئۆركەش قىلىپ ئاق سەدەپ

مارجان تىكىلىدۇ. بۇ خىل دوپپا قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، قىزلارنىڭ يارىشىملىق باش كىيىمىدۇر.

### ئانارگۈللۈك مارجان دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. تېگى قېنىق زىغىر رەڭ مەخمەلدىن بولىدۇ. گۈللىرىنىڭ تېگى توق سېرىق ئالتۇن رەڭ يىپتا، تۆپىسىدىكى ئانار ۋە ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ئوخشاش يىپتا، گۈللىرى ئاق ئۈششاق سەدەپ مارجان بىلەن چېكىلىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى گۈلگىمۇ ئانارنىڭ يوغان شەكلى چۈشۈرۈلگەن، ئوتتۇرىسىغا گۈل چېچىكى چېكىلىدۇ.

### چەكمە قىزىل دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ تېگىدىكى توق سېرىق زەر رەختتە باشقا دوپپىلارغا گۈل تىكىش قائىدىسىدىن ئالاھىدىرەك قىلىنىپ، يوغان قىزىلگۈللەر چۈشۈرۈلىدۇ. گۈل پىششىق يىپتا، ئۇنىڭ ئەتراپى ئاق قىزىل يىپتا، چېتىدىكى گۈل قېنىق بېغىر رەڭ يىپتا، تېشىدىكى گۈللىرى قېنىق قىزىل يىپتا چېكىلىدۇ. گۈللەرنىڭ ئارىلىقى ۋە گىرۋىكىدىكى يېشىل يوپۇرماقلار ئاق يىپ بىلەن ئاجرىتىپ دانە - دانە قىلىپ تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋىكىگە قىزىلگۈل چېكىلىدۇ. گۈلنىڭ ئىچى ھاۋا رەڭ يىپتا، ئەتراپى ئوچۇق قىزىل ۋە قارا يىپتا چېكىلىدۇ. گويا قۇشنىڭ قاناتلىرىدەك يېيىلىپ تۇرغان يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى چىرايلىق تۈس بېرىپ تۇرىدۇ. دوپپىنىڭ ياي بۇرجىكىگە توق يېشىل رەڭ يىپتا قارلىغاچ قانىتىدەك ئاچىماق قىياق گۈل چېكىلىدۇ. جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ.

### ئاق گۈللۈك چىمەن دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ، گۈللىرى مۇرەككەپ ئەمەس، دوپپىنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغىچە بىر خىل ئاق گۈل چېچەك، غۇنچىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. چوڭ گۈللىرى بېغىر رەڭ، يىنىغا قويۇلغان

غۇنچىلىرى بولسا ئاق، هاۋا رەڭ بولۇپ، دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن تىكىلىدۇ.

### گۈل يوپۇرماقلىق چىمەن دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ، كۆل رەڭ تەگلىك رەختكە يىپ بىلەن سىزىقلار چېكىلىدۇ. دوپپىنىڭ بوشلۇققا چېكىلىدىغان قىسمى يوپۇرماقلار كۆرۈنۈشىگە ماسلاشقان هالدا تىكىلىپ، چۆرىسى قارا يىپ بىلەن تېگى ئاجرىتىلىدۇ. گۈللەرنىڭ ئارىلىق جىيەكلىرىگە ئاق يىپ بىلەن ئۆركەش چىقىرىلغان يوللار دوپپىغا تېخىمۇ هۆسن قوشىدۇ. ئۆركەشنىڭ ئاق يوللىرى قارا يىپ بىلەن، دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. بۇ خىل دوپپا ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

### گۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ، كۆك مەخمەلدىن تىكىلىدۇ. ئۈستىگە گۈل چېكىلىدۇ. گىرۋىكىگە ئاق يىپەك يىپ بىلەن سىزىقلار چېكىلىدۇ. گۈلنىڭ يېرىمى قىزىل، ئوتتۇرىسى سېرىق، ئاق يىپەك يىپتا، يان تەرىپىدىكى گۈل شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا، غۇنچىلىرى كۆك، سېرىق يىپلاردا بېزىلىدۇ. جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. تۆت تالالىق قىزىل يىپ بىلەن كېسىك بويىچە ئاجرىتىلغان بولۇپ، بۇ ياش يىگىتلەرگە خاستۇر.

### بادامگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ، توق سېرىق تەگلىككە بىر پۈتۈن گۈل چېكىلىدۇ. گۈل قېنىق شاپتۇل چېچىكىدە بولۇپ، تېگىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ بىخلىرى يېشىل، سۆسۈن رەڭلىك، ئىككى تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرغان بادامگۈللىرى توق سۆسۈن رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى گۈلى يېشىل، قېنىق سۆسۈن رەڭلەردە بېزىلىدۇ. جىيىكى قارا رەخت بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ.

تۆپسىدىكى گۈلنىڭ ئەتراپى ئۆركەش شەكلىدە ئاق يىپەكتە، چېتى قارا يىپەكتە ئاجرىتىلىدۇ.

### گۈل بادام دوپپا

بۇ خىل دوپپىمۇ تۆت تالالىق بولۇپ، قارا رەخت تەگلىك قىلىنىدۇ. تۆت تالالىق ئاق سېرىق يىپتا ئاجرىتىلىپ ئوخشاش ئۆلچەمدە بادام، مونچاق گۈل - چېچەكلەر چېكىلىدۇ. بادام ۋە مونچاق گۈللەر قېنىق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا، چېچەكلىرىنىڭ بىخلىرى ئاق سېرىق رەڭلىك يىپتا بېزىلىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى چاقماقلار قىزىل يىپتا چېكىلىپ، تېگى، گىرۋىكىدىكى گۈللىرى سېرىق، ئوتتۇرىسى ۋە يوپۇرماقلىرى، شۇنداقلا ياندىكى مونچاق گۈل قېنىق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك، كىچىك مونچاقلىرى ئاق سېرىق رەڭلىك يىپتا تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەلدە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. بۇ خىل دوپپا بوۋايلار ۋە بالىلارغا خاستۇر.

### ئالتۇن زەرگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ. ئۇ تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ، گويا چوغلۇق گۈلى بىر لوگىنى يېرىپ چىقىپ ئېچىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. گۈلنىڭ بەرگىلىرى، يوپۇرماقلىرى زەر يىپتا، غۇنچىلىرى كۆك، ئاق، قىزىل رەڭلىك يىپلاردا چېكىلىدۇ. گۈل زادىسى قىزىل يىپتا، گۈللىرىنىڭ ئەتراپى قىزىل، ھاۋا رەڭ، كۆك يىپەك يىپلاردا بېزىلىدۇ. جىيىكى قارا مەخمەلدە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ.

### ئانارگۈللۈك مارجان دوپپا

قېنىق كۆل رەڭ مەخمەل تەگلىك قىلىنىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىگە بىر پۈتۈن ئانارگۈلى ۋە ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى، ئانارنىڭ دانە - دانە ئۈنچىلىرى مارجانلار بىلەن گۈل كەلتۈرۈلۈپ چېكىلىدۇ. ئانارنىڭ تېگى توق سېرىق يىپتا چېكىلىپ، ئەتراپى ئاق سەدەپ مارجان بىلەن ئالاھىدە بېزىلىدۇ. دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ

تىكىلىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى چوكانلار، قىزلار ئەتىۋارلاپ كىيىدۇ.

**ئالتۇن زەرگۈللۈك دوپپا**

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە بولۇپ، تېگىگە توق يېشىل مەخمەلسىمان گۈل چېكىلىدۇ. گۈللەرنىڭ ئەتراپى چېكىت - چېكىت يۇلتۇزلاردەك بېزىلىدۇ. بۇ خىل دوپپىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ جىيەكى باشقا دوپپىلارنىڭكىدەك ئاق - قارا مەخمەل بولماي، قىزىل رەختتە كەڭ چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە گۈللىرى بىر خىل زەر يىپتا چېكىلىدۇ. دوپپا چوڭ ياشتىكى ئەرلەر ۋە ئاياللارغا خاس بولۇپ، بەزىدە چوكانلارمۇ كىيىدۇ. ئۇ قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

**نامازشامگۈل دوپپا**

بۇ خىل دوپپا يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، تېگى قېنىق شاپتۇل رەڭلىك دۇخاۋىدىن تىكىلىدۇ. ئۇستىدىكى گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان سۇس يېشىل، يەنە بىر تەرىپى قېنىق يېشىل رەڭدە چېكىلىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى ئوتقا ئوخشاش يېنىپ تۇرغان گۈل قىزىل رەڭدە بولىدۇ. ياندىكى غۇنچىسى قېنىق شاپتۇل چېچەكى يىپتا، ئۇنىڭ چۆرىسى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ. دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى ئەگرى سىزىق دوپپىنى تەبىئىي ھالدا ئىككى قىسىمغا ئاجرىتىپ تۇرىدۇ. جىيەكى دۇخاۋىدا چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. ئۇ قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، ئاياللارغا خاستۇر.

**توقۇلما قىزىلگۈل دوپپا**

بۇ توت تالالىق بولۇپ، شاپتۇل چېچەكى سىدام تاۋارغا يىپەك يىپ بىلەن، چاقماقلار ئاق چاقماقلارنىڭ ئۇستىگە قىزىل يىپەك بىلەن چېكىلىدۇ. گۈللەرنىڭ بىخلىرى سۇس يىپەكتە، يوپۇرماقلىرىنىڭ بىر تەرىپى قارا رەڭ، ئوڭ تەرىپى قىزىل، يېشىل رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى ياش چوكانلار ۋە قىزلار كىيىدۇ.

## توقۇلما گۈللۈك دوپپا

بۇ خىل دوپپىنىڭ گۈلى يېشىل رەڭدە چېكىلگەن، ئىككى سىزىق دوپپىنى تۆت تالالىق قىلىپ ئاجرىتىپ تۇرىدۇ. دوپپىنىڭ تېگىدىكى قېنىق يېشىل تاۋارغا ئاق يىپەك بىلەن چاقماقلار سىلىنىپ، دوپپىنىڭ چوققىسىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ گۈل چېكىلىدۇ. ئۈستىگە چېكىلىدىغان تىك بادامگۈلگە ئىككى ياندىن غۇنچە چىقىرىلىدۇ. گۈللىرى سۇس شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك، غۇنچىسىدىن ئايرىلىۋاتقان قىسمى سۇس قىزىل رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ. بادام گۈللىرى سۇس ھاۋا رەڭ يىپتا، ئارىلىقىدىن يېرىپ چىققان غۇنچە قىزىل يىپتا بېزىلىدۇ. باداملارنىڭ بىر تەرىپى كۆك، بىر تەرىپى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ. جىيەكى مەخمەلدە تىكىلىدۇ.

## قىزىلگۈل دوپپا

بۇ دوپپا ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە بولۇپ، تېگى ئوچۇق كۆك رەڭلىك دۇخاۋىدىن تىكىلىدۇ. بۇ دوپپىنىڭ باشقا دوپپىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئۈستى بوش قالدۇرۇلماي گۈللەر بىلەن بېزىلىدۇ. دوپپىنىڭ بىر يولىنىڭ ئوتتۇرىسى سۇس شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا، چۆرىسى قېنىق قىزىل يىپتا چېكىلىدۇ. يەنە بىر يولى سۇسراق شاپتۇل چېچىكى رەڭدە بولۇپ، چۆرىسى ئوخشاشلا قېنىق قىزىل رەڭ يىپەكتىن ئىبارەت. جىيەكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ. ئۇ قەشقەر ئۈستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، باللار، ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە قىزلارغا خاستۇر.

ئىككىنچى خىلى، بۇ خىل دوپپىنىڭ تېگىدىكى قارا رەختكە مودەنگۈلنىڭ شەكىللىرى يوغان - يوغان قىلىپ چېكىلىدۇ. ئۇلار قېنىق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا، بەرگلىرى قېنىق يېشىل يىپتا، ئىككى ياندىكى غۇنچىلىرى سۇس، قېنىق سېرىق يىپتا، بەرگلىرى قېنىق يېشىل يىپتا، ئىككى ياندىكى غۇنچىلىرى بىرى قېنىق سېرىق يىپتا، يەنە بىرى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا بېزىلىدۇ. يوپۇرماقلىرى قېنىق

ھاۋا رەڭلىك يىپتا گۈلنىڭ ئەتراپىغا تىكىلىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ، تېگى قېنىق كۆك مەخمەلدىن تىكىلىدۇ. دوپپىنىڭ تۆپىسى ۋە گىرۋىكىگە يوغان گۈل چېكىلىپ، ئەتراپىدىكى كىچىك غۇنچىلىرى، يوپۇرماقلىرى ئوچۇق يېشىل يىپتا بېزىلىدۇ. غۇنچىلار قىزىل يىپتا تىكىلىدۇ. يوپۇرماقلارنىڭ ئۈستىگە ئاق يىپەكتە كېپىنەكلەرنىڭ رەسىمى ئىشلىنىدۇ.

## چىمەنگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپىمۇ تۆت تالالىق بولۇپ، ئاق زەر رەخت تەگلىك قىلىنىدۇ، گۈللىرى قىزىل ۋە ھاۋا رەڭ يىپلاردا ناھايىتى ئوچۇق، دانە-دانە چېكىلىدۇ. ئىككى تەرىپىدىكى غۇنچىلىرى قېنىق قىزىل، بەرگلىرى ئوچۇق زىغىر رەڭ، يوپۇرماقلىرى يېشىل ۋە سۆسۈن رەڭلىك يىپلاردا بېزىلىدۇ. بۇ خىل دوپپا قىزلارغا خاس بولۇپ، قەشقەر، خوتەن ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

## مودەنگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپىمۇ تۆت تالالىق بولۇپ، دوپپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان مودەنگۈل ئوچۇق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا، ئەتراپىدىكى ئېگىلىپ تۇرغان گۈللەر ئاق يىپەكتە، ئوتتۇرىسى سۇس سۆسۈن ۋە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ. ئۈستى تەرىپىدىكى گۈل قېنىق قىزىل، يوپۇرماقلىرى ئوچۇق يېشىل، زىغىر رەڭ يىپەكلەردە بېزىلىدۇ. جىيەكى قارا مەخمەلدە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل ۋە ئاق يىپەكلەردە گۈل چېكىلىدۇ. بۇ خىل دوپپا ياش قىزلار، چوكانلارغا خاس.

قەشقەر رايونىدا كۆپ كىيىلىدىغان دوپپا تۈرلىرى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، بىر جەھەتتىن باشنى ئىسسىق ساقلاش، ئادەمگە گۈزەللىك ئاتا قىلىش رولىنى تولۇق ھازىرلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىز - ئاياللارنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى ئەر كىشىگە سوۋغات سۈپىتىدە كۆڭۈل ئىزھار

قىلىشىدىكى ئەڭ ئېسىل بۇيۇم قاتارىدا قەدىرلىنىپ كەلگەن، شۇنداقلا ئۇلاردا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى، رەڭلەرنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش سەنئىتى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن.

## 2. ئىچ كىيىملەر

ئىچ كىيىمنىڭ تۇرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىز ئىچ كىيىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

**جىلىتكە.** جىلىتكە ئۇمۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى بولۇپ، شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە كۆڭلەكنىڭ ئۇستىگە، چاپاننىڭ ئىچىگە كىيىلىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى جىلىتكە بولسۇن، كەچ كۈز، ئەتىياز پەسىللىرىدە كىيىلىدۇ. «دىۋان» دا «ئارتىغ» ئايالچە جىلىتكە، «ئىچمەك» ئەرەنچە تېرە جىلىتكە دەپ تەبىر بېرىلگەن، بىراق شەكلى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلمىگەن.

**باغىرداق — لىپتىك.** قەدىمدە ئاياللارنىڭ باغىرداق تاقايدىغانلىقى، مەدەنىيەتنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۇشەندۇرىدۇ. چۇنكى باغىرداق مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت كىيىم - كېچەك تارىخىدىلا ئەمەس، كىيىم - كېچەك غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۇگۇنكى كۇندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرماقتا. بىز بۇنىڭدىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**ئۇم ئىشتان — تامبال.** تامبال ئاساسەن پاختا رەخت، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلىدۇ. ئەرلەر ئاساسەن پاختا رەختتە تىكىلگەننى، ئاياللار پاختا ۋە تاۋار - دۇردۇندا تىكىلگەن تامباللارنى كىيەتتى.

**كۆڭلەك.** كۆڭلەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچ كىيىمنىڭ بىر تۇرى بولۇپ ياز كۇنلىرى ئاساسەن كۆڭلەك كىيىلىدۇ. شەكلى ئون نەچچە خىل بولىدۇ. بەزى كۆڭلەكلەرنىڭ ياقىسى ياكى بېلىگە لىنتا شەكىللىك بوغقۇچ

چېگىلىدۇ. بۇ «بوغماق» (كۆڭلەك بوغقۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ.

## 3. تاشقى كىيىملەر

ئۇيغۇرلاردا تاشقى كىيىم «چاپان، ئىشتان» دەپ ئاتىلىدۇ. چاپان تاشقى كىيىمنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، شەكلىگە قاراپ يەنە خاس نامىدا ئاتىلىدۇ. قەدىمدە قىشلىق ۋە يازلىق ھەر خىل ئاساسلىق كىيىملەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

**ئىچىك.** بۆلغۈن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە بۆلغۈن، سۆسەر، قاما قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن ئەلا سۈپەتلىك ئېسىل جۇۋىلارنى تىكىپ كىيگەن. بۇ ھازىرمۇ بىزنىڭ مۇھىم قىشلىق كىيىملىرىمىزدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**قۇراق — جۇۋا.** ھەر خىل ھايۋان تېرىلىرىدىن ئىچلىك قىلىنىپ تىكىلىدىغان جۇۋا. بۇ ئاساسەن بۆلغۈن، تىيىن تېرىلىرىدىن ئىچلىك قىلىنىپ تىكىلىدۇ. جۇۋا تىكىش ئۈچۈن تەييارلانغان تېرە «ئەمشەن» دېيىلىدۇ.

**قارىس يۇڭ چەكمەن چاپان.** تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن رەختتە تىكىلگەن كىيىم. ئۇ بۇرۇن ئاساسلىق قول سانائەت مەھسۇلاتى بولۇپ، يۇڭ ياكى پاختىدىن توقۇلغان چەكمەندىن تىكىلىدۇ.

**قاپتان — تون.** تونىنىڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ قانداقلىقى نامەلۇم. تونىنىڭ ياقا ۋە پېشىنىڭ شەكلىگە قارىغاندا ئۇنىڭ ئەسلىي شەكلىنى يەكتەككە ئوخشاش دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بەلباغ ئورنىدا تۆت بۇرجىكىگە گۈل ئىشلەنگەن ياغلىق چېگىلىدۇ. بۇنداق كەشتىلەش «چەكنەدى» دېيىلىدۇ. مەسىلەن، قىز چەكىن چەكنەدى، قىز كەشتە كەشتىلىدى، قىز زەر يىپ بىلەن يىپەك رەخت ئۈستىگە كەشتە تىكتى. يەنە بەزى تونلارغا چۇچا تۇتۇلىدۇ، بۇ «ساچۇ» دېيىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى بېقىنىدىن ئىزما

بېكىتىپ، توپچىلاپ قويىدىغان تونلارنىمۇ كىيگەن. بۇنداق ئىزمىلاش «چىرغۇي» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇرۇن مەيلى ئەرەنچە ياكى ئايالچە بولسۇن ئەجدادلىرىمىز قاما، كەمچەت، سۆسەر، قۇندۇز، بۆلغۈن تېرىلىرىدىن تىكىلگەن ھەر خىل قىشلىق كىيىملەرنى كىيگەن. بۇنداق تېرىلەردىن تىكىلگەن كىيىملەر ھېلىھەم ئالىي تاۋارلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

**ئوتران — ئىشتان.** پاختا رەخت، قوي تېرىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن تىكىلىدۇ. ئىشلەتكەن خام ئەشياسىغا قاراپ بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ، ئىشتانمۇ ئەرەنچە، ئايالچە بولىدۇ. ئەرەنچە ئىشتان ئايالچە ئىشتاندىن سەل كالتىراق، پۇشقىقى تارراق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئوشۇق ئۈستىگە تەڭلىشىدۇ. ئايالچە ئىشتاننىڭ پۇشقىقى كەڭرەك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئوشۇق بىلەن تەڭلىشىدۇ. شەكلى ھەر خىل بولىدۇ.

**ئۆتۈك — دەزمال.** ئەندۈۋا شەكلىدە بولىدىغان بىر پارچە تۆمۈر، كىيىمنىڭ چەكلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۇنى قىزىتىپ ياقىدۇ. مەسىلەن، ئول تونۇغ ئۈتىدى. ئۇ تونىنى دەزماللىدى، ئۇ تونىنىڭ پۈرلەشكەن جايلىرىنى تۆمۈر پارچىسى بىلەن دەزماللاپ تۈزلىدى. بۇ نەپىس تىكتۈرۈپ كىيىش بىلەنلا قالماي، كىيىم - كېچەكلەرنى تېخىمۇ يارىشىملىق ۋە چىرايلىق ئىسكەتكە كىرگۈزۈش، كىيىملەرنىڭ پۈرلەشكەن جايلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئەندۈۋا شەكىللىك دەزمالنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ساھەسىدە پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىلغارلىقى.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ بەزى خاس كىيىم - كېچەكلەر بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن. چۈنكى كىيىم - كېچەك يالغۇز بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە شۇ چاغلاردا ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ، يۇقىرى - تۆۋەن مەرتىۋىدىكىلەرنىڭ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس كىيىم - كېچەكلىرى بولغان. مەسىلەن:

**چەكرەك.** يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن يانچۇقسىز تون. بۇنى قۇللار كىيىدۇ.

**ياپتاچ ــ كېپىنەك تون.** پادىچىلار قار - يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېپىنىۋالىدىغان يەڭسىز تون.

**كەدۇك ــ باش كىيىم.** يۇڭدىن توقۇلۇپ دوبۇلغىنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان بىر خىل باش كىيىم. ئۇنىڭ ئۈزىمۇ دۇبۇلغىغا ئوخشايدۇ.

**كەرۈت ــ كىيىت.** كۆپىنچە تويدا ئىشلىتىدىغان كىيىم - كېچەك، يەنى كۇيۇ ئوغۇلنىڭ ۋە كېلىننىڭ يېقىنلىرىغا سوۋغا قىلىپ كىيدۈرىدىغان كىيىم - كېچەك.

## 4. ئاياغ كىيىملەر

ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭ رايونى مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرغاق ھاۋا ئىقلىم رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ ئايرىلىشى روشەن. شۇڭا، بۇ رايوندا ياشىغان ئۇيغۇرلار بۇ خىل مۇھىتقا ماس ھالدا، تۆت پەسىلدە كىيگىلى بولىدىغان ھەر خىل مىللىي كىيىم - كېچەكلەرنى ئىجاد قىلغان.

ھايۋان تېرىلىرىدىن ئاياغ كىيىم ئىشلەش ناھايىتى يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ. ئاياغ كىيىم خېلى بۇرۇنلا پۇتنى ئاسراش ئېھتىياجىدىن ھالقىپ، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك، نەپىسلىك ئۆلچىمى، جىنسىي ۋە پەسىل جەھەتتىكى ئۇيغۇنلۇقى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئۇيغۇرلار پەسىللەرگە ماسلاشتۇرۇپ، ئەر - ئاياللارغا خاس، بەدەن قىياپىتىگە ماس كېلىشتەك ئالاھىدە زوررۇرىيەت بىلەن يۇڭ ۋە تېرىنى ماتېرىيال قىلىپ ئاياغ كىيىمنى ئىشلەپچىققان. ئۆتۈكنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولغان. مەسىلەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ياز پەسلىدىمۇ ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىدىغان كىشىلەر ھازىرمۇ بار.

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ كېچىككەندىمۇ بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن ئۆتۈكنى ئىختىرا قىلغان، بۇ

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىمۇ تەكرار ئىسپاتلاندى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىمى ئۆتۈك، چورۇق، كەش بولۇپ، ئۆتۈك كىيىش ئادىتى هازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇ دەۋرلەردە ئاياللارچە ئۆتۈك «بۆكۈم» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئۆتۈكى ئەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ نەپىس، چېكىلگەن گۈللىرى تېخىمۇ كۆركەم ئىشلەنگەن. ئۆتۈكلەر ئىنتايىن سىپتا، نەپىس ئىشلىنىپلا قالماي، كەشتە قىلىنغان شەكىللىرى، يەنى ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقى ۋە پاشنىلىرىغا زىننەت ئۈچۈن هەر خىل تەڭگىلەر قادالغان. بۇ «تىزىلدۇرۇك» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ كىيىمى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن قىشلىق ۋە يازلىق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇخىل ئاياغ كىيىملىرى ئىچىدە ئۆتۈك ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۆتۈك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ «قەھرىمانلىق دەۋرى» دەپ ئاتالغان ئاتلىقلار مەدەنىيەت دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا موزدۇزلۇق قەدىمكى ئەنئەنىۋى قول هۈنەر كەسىپلىرى ئىچىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. ئادەتتە، ئۇيغۇر قول هۈنەرۋەنچىلىكى كۆپرەك شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن. ئەمما، موزدۇزلۇق شەھەرلەردىن تاشقىرى، يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا پۇتنى ئىسسىق ۋە نەمدىن خالىي، قۇرۇق تۇتۇشنى ساغلاملىقنىڭ مۇهىم ئامىلى دەپ هېسابلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەر ـ ئاياللار دېگۈدەك ئۆيىدىن تالاغا چىقىپلا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئۆتۈك ياكى مەسە ـ كالاچ، كېپىش كىيىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كالىچى ئۆتۈك ياكى مەسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، كۆن (بۇلغار) ياكى خۇرۇمدىن مەخسۇس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ناھايىتى ماسلاشقان، يەنى ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆيىگە گىلەم، شىرداق ياكى كىگىز سېلىپ، ئۇستىگە مېهمان كۆرپىسى سېلىپ قويىدۇ. ئۆيگە كىرگەن هەرقانداق بىر كىشىنى هۆرمەت بىلەن كۆرپە ئۇستىگە باشلايدۇ. ئۇيغۇرلاردا مېهمانغا بارسا كالاچ

(كېپىش) نى سېلىۋېتىپ، پاكىز ئۆتۈك ياكى مەسە بىلەن ئولتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۆي ئىگىسىنىڭ كىگىز - كېچەكلىرى بۇلغانمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل كالاچ ئۆتۈك ياكى مەسىنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەتتە ياشلار مەسە - كالاچ كىيمەيدۇ. بۇنداق ئىسكىلاچ مەسىنى ياشانغان مويسپىتلەر قىش - ياز دېگۇدەك پۇتىدىن ئاجراتمايدۇ. ھەرقانداق ئۆتۈك ياكى مەسە كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى يۇمشاق ئاق ماتادا پۇتىغا پايتىما ئورايدۇ. بۇ خىل پايتىما پۇتنى نەملىكتىن ساقلاپ، پۇت تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ياشلار ئادەتتە كالاچسىز ئۆتۈك كىيىدۇ. بۇ خىل ئۆتۈك نەپىس ۋە پۇختا ئىشلەنگەن بولۇپ، كۆپىنچە كالا خۇرۇمىدا تىكىلىدۇ. قونچى ئۇزۇن بولۇپ، تىزغا چىقىدۇ. رەڭگى قارا ياكى قىزغۇچ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ پاشنىسى ئېگىز (3 — 4 سانتىمېتىر)، بەزىلىرىنىڭ ئارا پاشنا (1 — 2 سانتىمېتىر) بولىدۇ. تۇمشۇقى بۆرەكچە ئارا پاشنىلىق ئۆتۈك خەلق تىلىدا ئورۇسچە ئۆتۈك دېيىلىدۇ. تۇمشۇقى يۇقىرىغا قاراپ تۇرىدىغان قۇش تۇمشۇقلۇق ئۆتۈك كاۋكازچە ئۆتۈك دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر موزدۇزلىرى ئۆتۈكنىڭ چەمىنى چاپلىغاندا، قېيىن مىخ قاقىدۇ ياكى موملانغان پىششىق يىپ بىلەن قوش بېخى قىلىپ تىكىدۇ. بەزى ئۆتۈكلەرنىڭ چەمى بىلەن پېتەكنىڭ ئارىسىغا غاچ - غاچ (غاچىلداق) قويىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆتۈك ۋە پايپاق، پېتەككە ئالاقىدار ئاتالغۇلاردىن ئوڭ خۇرۇم ئۆتۈك، تەتۈر خۇرۇم ئۆتۈك، چورۇق، تېرە پايپاق، يۇڭ پايپاق، كىگىز پايپاق، سەندەل، لىپەك، پېتەك، تىزلىق قاتارلىقلار بار.

**يىشىم — ساپما.** سوغۇق ئۆتمەسلىك ئۈچۈن ئاياغ كىيىم ئۈستىگە تىزغىچە كىيىۋالىدىغان ئۆتۈككە ئوخشاش نەرسە.

**ئىزلىك — چورۇق.** ھايۋان تېرىسىدىن قىلىنىدۇ. چورۇق ئەيلەنگەن تېرىدە ھازىرلىنىدۇ. چورۇقمۇ قىشلىق، يازلىق ئىككى خىل كېلىدۇ. قىشلىق چورۇق ئۇزۇن قونچلۇق كىگىز پايپاق ئۈستىگە تارتىلىدۇ. مەسىلەن، چارۇقلادى، چورۇق كىيدى. ئاياغ ياكى چورۇق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان تېرە «پۇچقاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**باشماق ــ كەش.** ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يازلىق ئاياغ كىيىمى بولۇپ، كۆنىدىن تىكىلىدۇ. كەش يازلىق ئاياغ سۈپىتىدە كىيىلىشتىن تاشقىرى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان سوغۇق يەلدىن كېلىپ چىققىدىغان پۇت ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەجدادلىرىمىز يەنە «كۆركە» دېگەن ياغاچ كەشنىمۇ كىيگەن.

## 5. قوشۇمچە كىيىملەر

ئاساسلىق كىيىملەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالمىسىمۇ، مەدەنىيلىك دەرىجىسى جەھەتتە ئاساسلىق كىيىملەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ. قوشۇمچە كىيىملەر ئاساسلىق كىيىملەردىن خېلى كېيىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، تۈرى ناھايىتى كۆپ. قوشۇمچە كىيىملەرنىڭ كۆپ خىل بولۇشىمۇ، شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**ئۆلانۇ ــ** بۇرۇن ئېرتىدىغان يىپەك قول ياغلىق، قويۇندا ساقلىنىدۇ.

**يالما ــ يېپىنچا، يامغۇرلۇق.** پارسلار بۇنى تۈركلەردىن قوبۇل قىلىپ «يەلمە» دەپ ئاتىغان، ئەرەبلەر پارسلاردىن قوبۇل قىلىپ «يەلمۇق» دەپ قوللانغان.

**ياقۇ ــ يامغۇرلۇق، كەزۈك ــ يامغۇرلۇق.** بۇ يامغۇرلۇقلار ئېھتىياجغا ئاساسەن، سۇغۇر تېرىسىدىن ياكى ھەر خىل گۈللۈك رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ.

**كەمەك ــ** بىر خىل گۈللۈك يىپ رەخت. بۇنىڭدىن يېپىنچا قىلىنىدۇ. قىپچاقلار بۇ رەختتىن يامغۇرلۇق تەييارلايدۇ.

**دەدەك ــ** كېلىننىڭ يات كىشىلەرگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن بېشىغا ئارتىدىغان پۈركەنجىسى.

«بورونچوق» ــ پۈركەنجە؛ «تەرىنچەك» ــ پەرەنجە؛ «ئەلىكلىك» ــ پەلەي، قولقاپ؛ «سۈۋلۇق» ــ قولياغلىق؛ «ئەتەكلىك» ــ پەشتامبال.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى بويىچە ئۆزىگە مۇناسىپ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائىتى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قول ھۈنەر توقۇمىچىلىقى، كۆن - خۇرۇمچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ ئىككى خىل مەھسۇلات ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ جۈملىدىن، ئەتراپتىكى باشقا مىللەت خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەك مەنبەسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان[1].

**پوتا باغلاش**

ئۇيغۇر ئەرلىرى بېلىگە پوتا (ئادەتتە «بەلباغ»مۇ دەيدۇ، بۇنداق بەلباغلاردىن تاۋار، دۇردۇن، دۇخاۋا، كۇلا، چىگە، كۆن، تېرە بەلباغ قاتارلىقلار بار) باغلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ئۇنى ئەرلەرگە خاس مەردانىلىك ۋە چەبدەسلىكنىڭ نىشانى دەپ بىلىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا ئەرلەرنىڭ پوتىسى ھەر خىل رەڭدىكى يىپ ياكى يىپەك رەختلەردىن ئىشلىنىدۇ. ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىردەك بولمايدۇ. تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىردىن كۆپرەك، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ياش يىگىتلەر كۆپرەك قىزىل، يېشىل ياكى گۈللۈك، ياشانغانلار قارا رەڭلىك رەختلەردىن پوتا باغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. پوتا باغلاش ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تاشقى كىيىم ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا پەيدا بولغان. بىزگە مەلۇمكى، ئەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى ئاساسەن ئۇزۇن بولۇپ، تىزنى يېپىپ تۇرىدىغان ئالدى ئوچۇق تون شەكىللىك كۆڭلەك ياكى تون بولۇپ، ئۇنىڭغا تۈگمە ياكى ئىزمە قادىمايدۇ. شۇڭا، بۇ كىيىمنى كىيگەندە بەلدىن پوتا بىلەن باغلىۋېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل تون ياكى تونچە كۆڭلەكنىڭ يانچۇقى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پوتا يەنە يانچۇق

---

[1] تۇرنىسا روزى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت مەدەنىيىتىگە نەزەر، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007 - يىللىق 1 - سان، 77 - بەت.

رولىنىمۇ ئوينايدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى دائىم بېلىدىكى پوتىسىغا نان ياكى باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تۈگۈۋالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار بەلنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بەلگە سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدۇ. پوتا باغلاش بەلنى ئاسراشنىڭ ياخشى چارىسى بولۇپ، ئۇ بەلگە سوغۇق تېگىش ۋە بەدەنگە سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. قورساق سېلىپ كېلەڭسىز سەمرىپ كېتىشنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، يالغۇز ئۇزۇن كۆڭلەك ياكى تون كىيگەن كىشىلەرلا پوتا باغلاپ قالماستىن، كالتە چاپان ياكى خالتا كۆڭلەك كىيىدىغان ياشلارمۇ پوتا باغلايدۇ. ئومۇمەن، پوتا باغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتى ۋە ئېستېتىك تەلىپى بىلەن زىچ باغلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرەپلىرىدە مەخسۇس «پوتا ئويۇنى» ئوينىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى «پوتا» ئويۇنى ئادەمنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، بۇ ئويۇن قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق ئەرلەر بېلىگە پوتىنى مەھكەم باغلاپ بىر - بىرى بىلەن چېلىشىپ، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە ئەقىل - پاراستىنى ھەمدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان قىزغىنلىقىنى نامايان قىلغان. مەشرەپلەردە بولسا ئارتىسلار بېلىگە قىزىل، قارا ۋە ھەر خىل پۆپۈكلۈك پوتا باغلاپ خەلق ئارىسىدىكى ئاشۇ روھنى سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇرلار توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ھېيت - بايراملاردا بېلىنى مەھكەم باغلايتتى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بېلىگە باغلايدىغان پوتا يىپەك، قوي يۇڭى ياكى پاختا يىپتا توقۇلاتتى. ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىردىن تۆۋەن بولمايتتى، يەنى سېمىز كىشىلەر بېلىگە ئىككى، ئورۇق كىشىنىڭ بېلىگە ئۈچ ئوراشقا يېتەتتى. بۇرۇنقى زاماندا خورۇمدا ياكى شايىدا ئالتۇن، مەرۋايىت قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك بويۇملارنى قوشۇپ خانلارغا «بىغلاق — بەلباغ»، يەنى «پوتا» ياسىلاتتى. باشقا كىشىلەرگە

مەرتىۋىسىگە ئاساسەن «پوتا» ياسىلاتتى. ياشنا چوڭراق كىشىلەر قارا، كۆك، كۇل رەڭ قاتارلىق سۇس رەختلەردە «پوتا» باغلايتتى. يېشى كىچىكلىرى بولسا قىزىل، يېشىل قاتارلىق گۈللۈك رەختلەردىن «پوتا» باغلايتتى[1].

## چۇمبەل تارتىش

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يۈزىگە چۇمبەل تارتىش ياكى باش ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئوراش ئادىتى ئالدى بىلەن زېمىن تەبىئىيتى، مىللەت تەبىئىيتى ۋە ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەلۇم شەكىللىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەبلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان.

ئېتىنىك جەھەتتىن قارىغاندا، يۈزىگە چۇمبەل تارتىش ياكى باش-كۆزىنى ياغلىق بىلەن ئورىۋېلىش قۇرغاق، قۇم - بورانلىق تەبىئەت، جۇغراپىيىلىك شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەرەب يېرىم ئارىلى قۇم - بورانلىق قۇرغاق رايون بولۇپ، كۈن نۇرى كۈچلۈك، شۇڭا ئەرەب ئاياللىرىمۇ يۈز-كۆزىنى ئاسراش ۋە قۇم - بوراندىن ئۆزىنى ساقلاش مەقسىتىدە يۈزىنى رومال بىلەن ئورىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن. كېيىنچە، بۇ ھال ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىدا «ئاياللار نا تونۇش ئەر كىشىگە يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك»، «ئاياللار يۈزىنى ئوچۇق قويۇپ تالا - تۈزگە چىقسا نامەھرەم بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش شەرىئەت پەتىۋالىرى بەلگىلەنگەن. ئۆتمۈشتە قازىكالانلار يۈزىنى ياپماي يۈرگەن ئايالنى ئۇچراتسا، تۇتۇۋېلىپ دەررە بىلەن ئۇرغان ياكى سازايى قىلغان. مۇشۇنداق دىنىي ۋاستىلەر بىلەن ئاياللارنى چۇمبەل تارتىشقا مەجبۇرلىغان.

چۇمبەل قارا قىل يىپتا توقۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 25 — 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تۆت چاسا بولۇپ، باش

---

[1] ئوبۇلقاسىم رەھمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىگە بىغلاق ياكى پوتا باغلىشى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2003- يىلى 3 - سان، 100 -، 101 - بەتلەر.

تەرىپىدە باشقا ئېلىپ قويىدىغان ئىلغۇچ يىپى بولىدۇ. ئۇنى كۆپرەك «ئاقىپىجا» دەپ ئاتىلىدىغان بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ئوراپ تۇرىدىغان پەرىجە كىيىدىغان، ياشقا چوڭراق مۆتىۋەر ئاياللار يۈزىگە ياپىدۇ. ئاقىپىجىسى يوق ئاياللار يۈزىگە چۈمبەل تارتمايدۇ. چۈمبەل ئورنىغا ئاق داكا رومال ياكى تور رومالنى بېشىغا سېلىپ، شۇ رومالنىڭ بىر تەرىپى بىلەن يۈزىنى ياپىدۇ. چۈمبەل ياكى رومال ئومۇمەن نېپىز توقۇلغاچقا، كۆرۈشكە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئەر - ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىكى يۈزىگە چۈمبەل تارتىشتىن ئىبارەت بۇ ئادەت تەدرىجىي يوقالدى ۋە يوقالماقتا.

## 6. قەدىمكى كىيىم - كېچەكلىرى

كىيىنىش ئادىتى ھاياتلىق ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۆزىنى بېزەشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ئېتنىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

كىيىنىش ئادىتى يالغۇز تارىخىي ۋارىسچانلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىيىنىش ئادەتلىرى ھازىرقىدىن ناھايىتى زور پەرق قىلىدۇ. ئالايلۇق، سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە سەنئەت كىيىملىرى ھەرقايسى رايونلارنىڭ پەرقلىق بولۇپ، قەشقەر ئاياللىرى ئەشمە چاچ، يان ماڭلاي، چېكە ماڭلاي چاچ قويغان، بېشىغا ئالتۇن نەقىشلىك قىسقا گۈللۈك تاج، گۈللۈك جىنغا قادىغان، قولىغا ئۈزۈك، بىلەزۈك سېلىپ، بوينىغا مارجان، زۇننار ئاسقان، گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك ئۈستىگە ئالدى پەش ۋە ياقىلىرىغا كالۋۇتۇن يىپ بىلەن نەقىش ئويۇلغان كەمزۇل - جىلىتكە كىيگەن، پۇتىغا گۈل پۇچقاقلىق تامبال ۋە قوش تۇمشۇقلۇق قىزىل ئۆتۈك كىيگەن. ئەرلەر بولسا تون، پەشمەت، يەكتەك، ئالدى پەشلىرى ۋە ياقا - يەڭلىرىگە گۈل

نەقىشلەنگەن كۆڭلەك، گۈل پۇچقاقلىق تامبال، قىزىل ئۆتۈك، گۈللۈك دوپپا كىيگەن، ساقال - بۇرۇت قويغان، بەللىرىگە پوتا - بەلباغ ۋە نەقىشلىك كەمەر باغلىغان، يېنىغا خەنجەر ئاسقان.

**ئۇزۇن چەكلىك تون.** قىزىل تاۋاردىن تىكىلگەن. ياقىسى ۋە يەڭلىرىنىڭ ئۇچىغا ھەر خىل مەشۇت يىپ بىلەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈللەر ۋە كانىۋايلار ئىشلىنىلگەن. ئىچى ئەستەرلىك بولۇپ، ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرى كىيىشكە ماس كېلىدۇ. تەخمىنەن بىر ئەسىرگە يېقىن تارىخقا ئىگە.

**بەقەسەم تون.** قىزىل، سېرىق يوللۇق قىلىپ توقۇلغان يوللۇق بەقەسەمدىن داكا بىلەن ئەستەرلىنىپ، شىرىق قىلىپ قولدا تىكىلگەن بولۇپ، قېتىغا قەغەزدەك قېلىنلىقتا بىلىنگۈسىز دەرىجىدە پاختا ئېلىنىپ، 1 سانتىمېتىر كەڭلىكتە شىرىق قىلىپ تىكىلگەن. چاپاننىڭ بېلى تار، ئېتىكى كەڭ، يېڭى بولسا تار ۋە ئۇزۇن، چاپاننىڭ بويى 1.20 مېتىر ئەتراپىدا، بەل 1.34 مېتىرچە، ئېتەكنىڭ كەڭلىكى 2 مېتىردىن ئارتۇق، يەڭ 85 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا تونچە ياقا سېلىنغان بولۇپ، ئوڭ تەرىپى قىسقا، كۆكرەككە كېلىدۇ، سول پەش ئۇزۇن، قولتۇققا يېتىدۇ. قولتۇق ئاستى ۋە يېقىن تەرەپكە بوغقۇچ بېكىتىلگەن.

**پەرىجە.** بۇ كىيىمنى ئاساسەن چوڭ ياشتىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى كىيىدۇ. بۇ پەرىجە قارا تاۋاردىن تىكىلىدۇ. پېشىدىن تارتىپ تاكى ياقىسىغىچە ۋە يەڭ ئۇچىغا، شۇنداقلا ئاستىنقى قىسمىغا كۆكۈشرەك رەختتىن جىيەك تۇتۇلغان. ئوڭ ۋە سول كۆكرەك ئۈستىگە يەتتە رەت 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قوۋۇرغا شەكىللىك جىيەك تۇتۇلغان. تەخمىنەن يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

**كەشتىلىك چاپان.** ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى. قىسقا ئەستەرلىك ھەم پاختىلىق قىلىپ تىكىلگەن. چاپاننىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ ھەممە يېرىگە رەڭلىك مەشۇت ۋە يىپەك تالادىن ھەر خىل گۈللەرنى چىقىرىپ كەشتىلىك قىلىپ تىكىپ چىققان.

**يەكتەك ۋە بەقەسەم تون.** ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى. يەكتەك ئاساسەن ئاق پاختا رەخت ياكى خەسىدىن ئۇزۇن قىلىپ تىكىلىدۇ. ئاساسەن چوڭ ياشتىكىلەر ياز پەسلىدە كىيىدۇ. بەقەسەم تون ئاساسەن يوللۇق بەقەسەمدىن تىكىلىدۇ. شەكلى ئاساسەن يەكتەك بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇنى چوڭ ياشتىكىلەر كىيىدۇ، بېلىنى بەلباغ بىلەن باغلايدۇ.

# ئالتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەككە ئائىت ھۈنەرۋەنچىلىكى

### نان

نان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەكلىكلىرى ئىچىدە ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئاساسلىق ئەنئەنىۋى يېمەكلىكنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناندىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ناننىڭ تۈرىمۇ كۆپەيدى. تۆۋەندە ناننىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

**1. ئۆي نېنى.** ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، ئىسسىق يۆگەپ قويۇپ بولدۇرۇلىدۇ. خېمىر بولغاندىن كېيىن 1 جىڭ ئېغىرلىقتا زۇۋۇلا ئۈزۈپ قۇرۇق ئۇنلاپ تاۋلاپ قېلىن راسلىنىدۇ. ئوتتۇرىغا چەككۈچ چېكىپ، ئۈستىگە داستىخان يېپىپ تىندۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئۆي نېنىغا ياغ چەيلىسىمۇ ياكى جىگىردەك، سىيادان ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ. تونۇر ئادەتتىكىدەك قىزىتىلىدۇ. تونۇرغا تۇز سېپىپ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. ناننىڭ ئارقىسىنى تۇز سۈيى بىلەن سۇلاپ، يەڭلىك بىلەن يېقىپ تونۇرنى توشقۇزغاندىن كېيىن، ناننىڭ يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ تونۇرنىڭ ئاغزى دۈملىنىدۇ. ئەگەر ئوت بوش بولسا داپخۇننى ئېچىپ ئوت بېلىنجىتىلىدۇ. نان قېلىن بولغىنى ئۈچۈن تونۇردا ئۇزاقراق تۇرغۇزۇپ، سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇنداق يېقىلغان ئۆي نېنىنى ئۇزاق ساقلاشقا بولىدۇ.

**2. بازار نېنى.** «ئاق نان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ نان مۇنداق

يېقىلىدۇ: خېمىرى بوشراق يۇغۇرۇلۇپ، ئۇزۇنراق تۇرغۇزۇلىدۇ. خېمىر تىنغاندىن كېيىن زۇۋۇلا قىلىنىدۇ. نان ئوتتۇرلۇق ئېچىلىپ تونۇرغا ئوتتۇرلۇق يېقىپ قايسىسى پىشسا شۇ قومۇرۇۋېلىنىدۇ. بۇ ناننىڭ ئوتتۇرىسى نېپىز، گىرۋىكى توم بولىدۇ. يۈزىگە چەككۈچ چېكىلىدۇ. ناننى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن تونۇرغا يېقىش ئالدىدا، يۈزىگە چانالغان باش پىياز ۋە كۈنجۈت سۈرۈلىدۇ. نان تونۇرغا گەزنە بىلەن يېقىلىدۇ.

بۇ خىل ناننى يېگۈچىلەر ئوتتۇرلۇق ئەكىرىپ يەيدۇ، ئۇزۇن ساقلاشقا بولمايدۇ. بۇ ناننى ئىسسىق ۋاقتىدا يېسە ناھايىتى مەززىلىك، تەملىك بولىدۇ.

**3. گىردە.** ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئۇزاق سەپەرگە چىققۇچىلار بۇ ناندىن ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ ناننىڭ يېقىلىشى مۇنداق: ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ چىڭ يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىرغا ئۇزۇنراق ئىشلەپ يۆگەپ قويۇلىدۇ. خېمىر كۆپكەندىن كېيىن، زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ تاۋلىنىدۇ. ناننىڭ گىرۋىكى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىنى ئويمان قىلىپ ياساپ، پەشخۇنغا ئوڭدىسىغا تىزىپ، يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ، كۈنجۈت سېپىپ، ئىككى ناننىڭ يۈزىنى بىر قىلىپ جۈپلەپ، داستىخان بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ. قىزىتىلغان تونۇرنىڭ ئوتىنى كۆمۈپ، داپخۇنى ئېتىپ تونۇرغا تۈز سېپىپ، تونۇرنىڭ ھاۋاسى پەس تەڭشىلىدۇ. ناننى يېقىپ بولۇپ، يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، يېرىم سائەتچە خۇيلىنىدۇ. نان قولغا چاپلاشمىسا، خۇي يېگەن بولىدۇ. خۇي يەتكەندە تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ نان يۈزىگە يەنە سۇ چېچىپ داپخۇنى ئېچىپ ئوت يېلىنجىتىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىرىدە جىگدىنى سۇغا چىلاپ، شەربەت چىقىرىپ گىردە يۈزىگە سۈركەيدۇ، بۇ خىل نان «شەربەت نان» دەپ ئاتىلىدۇ.

**4. گۆشگىردە.** بۇ خىل گىردە ئۇيغۇر خەلقى سۆيۈپ يەيدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى. گۆشگىردە مۇنداق يېقىلىدۇ: بۇنىڭ خېمىرى پېتىر بولىدۇ. لېكىن خېمىرى چىڭ ھەم تۈزلۇقراق يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ياخشى ئىشلىنىدۇ. زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ بىرئاز تىندۇرۇلىدۇ، ئاندىن جىلىت

ئېچىلىدۇ. قوي ياكى كالىنىڭ لوق گۆشى نېپىز، قوناق چوڭلۇقىدا توغرىلىپ، ئۇنىڭغا ئازراق سۇ قوشۇلىدۇ، ئاندىن توغرالغان باش پىياز، قارىمۇچ، تۇز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ يەنە قۇيرۇق ياغدىن ئازراق توغراپ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. جىلىتقا قىيما سېلىپ بولاق مانتا تۈگكەندەك تۈگۈپ، ئۈستىگە سۇ ئۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. قىزىتىلغان تونۇرنىڭ چوغلىرىنى تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىپ داپخۇننى ئېتىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە تۇز سۈيى ئۇرۇپ هاۋاسى تەڭشەلگەندىن كېيىن يېقىلىدۇ. يېقىلىپ بولغان نانىنىڭ يۈزىگە يەنە سۇ ئۇرۇلۇپ تونۇرنىڭ ئاغزى هىم يېپىلىدۇ. گىردە خۇي يېگەندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزى ۋە داپخۇن ئېچىۋېتىلىپ، ئوتنى يەلپۈپ يېلىنجىتىدۇ. گىردىنىڭ يۈزى قولغا چاپلاشمايدىغان دەرىجىدە قېتىشقاندا خۇي يېگەن بولىدۇ ۋە تونۇردىن قومۇرۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ.

5. **گۆشنان.** گۆشنى ئۇششاق توغراپ، ئۇنىڭغا ئۇششاق توغرالغان باش پىياز، سوققان زىرە، قارىمۇچ ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلۇپ ئازراق تىندۇرغاندىن كېيىن، زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ، زۇۋۇلىنىڭ گىرۋىكىنى نېپىز، ئوتتۇرىسىنى بىرئاز قېلىن قىلىپ، بىر چوڭ، بىر كىچىك جىلىتا تەييارلىنىدۇ. چوڭ جىلىتىغا قىيما تەكشى يېيىتىلىدۇ. ئۈستىگە كىچىك جىلىتا يېپىلىپ، چوڭ جىلىتىنىڭ گىرۋىكىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ پۈكۈلۈپ نان تەييارلىنىدۇ، ئاندىن تاۋا ياكى قازانغا ياغ قۇيۇپ نان ئۆرۈپ - چۆرۈپ تەكشى پىشۇرۇلىدۇ. پىشقاندا هەربىر گۆشناننى پىچاق بىلەن پارچە - پارچە قىلىپ توغراپ، لېگەنگە ئېلىپ داستىخانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل نان شورپىلىق، تەملىك، يۇمشاق بولۇپ، تولىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ.

6. **هەمەك نان.** بۇ نان «چوڭ نان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ نان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نانلىرىدىن بىرى. بۇ نان كۆپىنچە هېيتلاردا، تويلاردا داستىخانغا دەستىلەپ قويۇلۇپ، ئۈستىگە ئۇششاق ياغلىق توقاچلار قويۇلىدۇ، ئۆزى قاتتىق بولىدۇ. لېكىن چايغا سالسا تېز ئېرىيدۇ، يېيىشلىك بولىدۇ.

هەمەك نانىنىڭ خېمىرى چىڭراق يۇغۇرۇلىدۇ. ياخشى ئىشلەپ،

زۇۋۇلا ئۇزۇپ تاۋلاپ، چوڭلۇقنى چوڭراق ئەلگەكتەك قىلىپ تەييارلىنىدۇ. قىزىتىلغان تونۇرغا تۇز سېپىپ ھاۋاسىنى تەڭشەپ، ناننى گەزىنگە تەكشى قويۇپ يېقىپ، سىڭدۇرۇپ پىشۇرۇلىدۇ.

**7. توقاچ.** توقاچ ئۇيغۇر نېنىنىڭ ئالاھىدە تۈرى. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «توقاچ» دېگەن سۆزنى بۇ سۆز «توق ئادەم» دېگەن ئىبارىدىكى «توق» سۆزىدىن ياسالغان. «چۈنكى توقاچ ئادەمنى تويدۇرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلار ئائىلىلىرىدە ئۆزلىرى يېيىش ۋە مېھمانلارغا قويۇش ئۈچۈن، سەپەرگە چىققۇچىلارغا يوللۇق تۇتۇش ئۈچۈن ياكى يىراقتىكى يېقىن ئادەملىرىگە خالتا قىلىپ ئەۋەتىش ئۈچۈن توقاچ يېقىلىدۇ. خېمىر بولغاندىن كېيىن، زۇۋۇلا ئۇزۇپ پىيالىنىڭ ئاغزىچىلىك چوڭلۇقتا (ئۇنىڭدىن كىچىك بولسىمۇ بولىدۇ) توقاچ راسلىنىدۇ. ئوتتۇرىسىغا چەككۈچ (تۈكچە) چېكىپ، يۈزىگە داستىخان يېپىپ تىندۇرۇلىدۇ. تونۇرنى قىزىتىش، ناننى يېقىش ۋە پىشۇرۇش جەريانى، گىردە نانىنىڭكىدەك بولىدۇ. توقاچ پىشقاندىن كېيىن تونۇردىن قومۇرۇپ، قىزىق ۋاقتىدىلا ئېرىمىگەن قوي يېغى سۈرۈلۈپ پارقىرىتىلىدۇ. توقاچنىڭ خېمىرى سۈت، تۇخۇم، قوي يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلسا تېخىمۇ تەملىك بولىدۇ. بۇ خىل توقاچلار، قېتىپ كەتسىمۇ چايغا چىلىغان ھامان يۇمشايدۇ، ئۇزاق ۋاقىت ساقلاشقا بولىدۇ. ئوڭاي كۆكىرىپ كەتمەيدۇ.

**8. چالا نان.** ئۇنىڭ كېپەك ياكى يارمىسى ئايرىلماي ياققان نان. بۇ نان ئادەتتە ھەزىم قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئالاھىدە يېقىلىدۇ. بۇ نان بەزى يەرلەردە «جۆۋەندە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: مەلۇم نىسبەتتە ئاق ئۇن بىلەن قوناق ئۇنى ياكى كۆممىقوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر بولغاندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۇزۇپ تاۋلاپ، نان ئېچىپ يۈزىگە ئۇششاق توغرالغان پىياز سۈركىلىدۇ. قىزىتقان تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ، داپىخۇننى ئېتىپ، تونۇرنى دۈملەپ سىڭدۇرۇپ پىشۇرۇلىدۇ.

**9. زاغرا.** خاس قوناق ئۇنى بىلەن يېقىلغان نان «زاغرا» دەپ ئاتىلىدۇ. زاغرا ئۈچۈن كۆممىقوناق ياكى ئاق قوناق ئۇنى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇن قىزىق سۇ بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر سوۋۇغاندا ئۇنىڭغا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ بىرەر سائەت بولدۇرۇلىدۇ، ئاندىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ ئاق ئۇنغا دومىلىتىپ، گىرۋىكى نېپىز، ئوتتۇرىسى قېلىن قىلىپ نان راسلىنىدۇ ھەمدە قىزىتىلغان تونۇرغا يېقىپ تونۇردا ئۇزۇنراق تۇرغۇزۇلۇپ پىشۇرۇلىدۇ. زاغرىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرغاندا ئۇششاق توغرالغان پىياز، مانتا كاۋىسى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلسا زاغرا تېخىمۇ يېيىشلىك ۋە مەززىلىك بولىدۇ.

**10. قاتلىما.** قاتلىما ئۇيغۇر نانلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( I توم 672 ـ بەت) دا «قاغۇرغان» دېگەن سۆزنى «ماي بىلەن يۇغۇرۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قاتلىمىنىڭ ئۇيغۇر نانلىرى ئىچىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قاتلىما مۇنداق يېقىلىدۇ: خېمىر يۇغۇرۇپ، خېمىر تىندۇرۇلغاندىن كېيىن نوغۇچ بىلەن يۇققا يېيىلىدۇ، ئاندىن يېيىلغان خېمىرغا كۆيدۈرۈلگەن قۇيرۇق ياغ ياكى ئەبجەش ماي سۈرتۈلۈپ خېمىر تۈرۈلۈپ تۈرمە قىلىنىدۇ. تۈرمىنى تولغاپ، زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ، ھەربىر زۇۋۇلا پۇزا بىلەن ئېچىلىپ نان ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن قىزىق تونۇرغا يېقىلىدۇ ياكى دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدۇ. كۆپىنچە ئائىلىلەردە قاتلىما قازاندا ياكى تاۋىدا ياغ بىلەن ئۆرۈپ پىشۇرۇلىدۇ. تونۇر قاتلىمىسى يېيىشلىك ۋە مەززىلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار قاتلىمىنىڭ ئارىسىغا كۆيدۈرۈلگەن پىياز قىيمىسى ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

قاتلىمىنىڭ يەنە «گۆش قاتلىمىسى» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىمۇ بار. بۇنىڭ خېمىرى يۇقىرىقى قاتلىمىنىڭكىگە ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. خېمىر ئۈگرىنىڭ خېمىرىدەك چىڭ ھەم نېپىز يېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇششاق توغرالغان گۆش، نېپىز ئۇششاق چانالغان پىياز، قارىمۇچ ۋە تۇزلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان قىيمىنى سېلىپ تۈرمە تۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ، زۇۋۇلا پۇزا بىلەن ئېچىلىپ نان تەييارلىنىدۇ. بۇ خىل

قاتلىمىنى تونۇرغا يېقىپ پىشۇرسىمۇ، قازاندا ياكى تاۋىدا پىشۇرسىمۇ بولىدۇ. قاتلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى: خېمىرى قاتمۇقات بولىدۇ. يۇمشاق، يېپىشلىك، سىڭىشلىك بولىدۇ.

## سامسا

سامسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى. ئۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: گۆش ئۇششاق توغرىلىپ، ئۇنىڭغا ئازراق سۇ قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇششاق توغرالغان قۇيرۇق ياغ، توغرالغان باش پىياز، سوقۇلغان زىرە، قارىمۇچ ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىدۇ. قۇۋۋەتسىز تۇز سۈيى بىلەن پېتىر خېمىر يۇغۇرۇپ، ياخشى ئىشلەپ تىندۇرۇلىدۇ. خېمىر سەل تىنىغاندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ، پۈزا بىلەن جىلتا ئېچىپ، جىلتىغا قىيما سېلىپ ئۈزۈنچاق تۆت بۇرجەك قىلىپ سامسا تۈگۈلىدۇ. قىزىتىلغان تونۇرنىڭ داپخۇنىنى ئېتىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە تۇز سۈيى سېپىپ، ئوتنى ئوتتۇرىغا يىغىپ تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. تۈگۈلگەن سامسىنىڭ يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ، سامسىنىڭ تۈگۈلگەن تەرىپىنى تونۇرغا يېقىپ، ئۈستىگە ئازراق سۇ ئۇرۇپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، 10 مىنۇتقا قەدەر خۇيلىنىدۇ. خۇي يېگەندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ، سامسىنىڭ يۈزى قىزارغانغا قەدەر پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن مەخسۇس چۆمۈچ بىلەن ئاۋايلاپ قومۇرۇلىدۇ. بۇنداق سامسا ناھايىتى مەززىلىك ۋە تەملىك بولىدۇ. چىشلىگەن ھامان شۇررىدە يېغى ئېقىپ تۇرىدۇ.

## پولۇ

پولۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى. ئەزىز مېھمانلار ئۈچۈن بۇ تاماق قىلىنىدۇ، شۇنداقلا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق مەرىكىلەردە مېھمانلار مۇشۇ تاماق بىلەن ئۈزىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ تاماقنى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ قىلىپ يەيدۇ. بۇ تاماقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، شىپالىق رولىمۇ ناھايىتى كۆپ.

بۇ تاماق لېگەنگە ئۇسۇلۇپ قول بىلەن يېيىلىدۇ. پولۇ يېگەندە قېتىق ۋە تۇرۇپ، شوخلا ۋە مۇچ بىلەن قىلىنغان سوغۇق توغرالما بولسا تاماق تېخىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ، پولۇ بەك ياغلىق ئېتىلسىمۇ كۆڭۈلگە تەگمەيدۇ. پولۇنىڭ خۇرۇجى ياغ، گۆش، گۈرۈچ، سەۋزە، پىياز، تۇزدىن ئىبارەت. بۇ تاماق مۇنداق تەييارلىنىدۇ.

سەۋزە قەلەمچە قىلىپ توغرىلىدۇ، پىياز يالپاقلىنىدۇ، پولۇغا بېسىلىدىغان گۆش پارچىلىنىدۇ، گۈرۈچ 2 — 3 قېتىم يۇيۇلۇپ، ئىلمان سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. قازانغا ياغ قۇيۇلۇپ ئوبدان قىزىتىلغاندىن كېيىن، تۇز سۈيى بىلەن داغلىنىدۇ، ئاندىن قازانغا گۆش، پىياز سېلىنىپ قورۇلىدۇ، ئاندىن قەلەمچە قىلىنغان سەۋزە سېلىپ قورۇلىدۇ. سەۋزە قورۇلغاندىن كېيىن مەلۇم نىسبەتتە سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ، ئاندىن گۆشنى سۈزۈپ ئېلىۋېلىپ سۇغا گۈرۈچ سېلىنىدۇ. قازان دۈملىنىش ئالدىدا، ئېلىپ قويۇلغان گۆش بېسىلىپ ئاستا ئوتتا 20 — 25 مىنۇت ئەتراپىدا دۈملەنسە پولۇ پىشىدۇ.

پولۇغا ئادەتتە قوي گۆشى، كالا گۆشى، سۈرلەنگەن گۆش، توخۇ گۆشى، غاز گۆشى، قېزا قاتارلىقلار بېسىلىدۇ. بەزى يەرلەردە يەنە بېهى، تۇخۇم، گۈلە، كىشمىش ئۈزۈملەرمۇ بېسىلىدۇ. پولۇنى بەزىلەر ئەبجەش ياغ بىلەن ئېتىدۇ. بۇمۇ تەملىك بولىدۇ.

پولۇنىڭ «بەتتە» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرى بار. بۇنىڭ پولۇغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇنىڭغا گۆش بېسىلمايدۇ، گۆش ئورنىغا قورۇما قۇيۇپ يېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆرۈك غورا بولغاندا، قورۇمىغا غورا ئارىلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل قورۇما ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. بۇ خىل سەي ئارىلاشتۇرغان پولۇ ناھايىتى يېيىشلىك ھەم مەززىلىك بولىدۇ.

## كاۋاپ

ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ (ئوۋچىلىق دەۋرىدىن تارتىپ) ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى گۆش بولغانلىقى ئۈچۈن، كاۋاپ خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان. كاۋاپ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ

ئەنئەنىۋى ئالىي دەرىجىلىك تاماقلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى. ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كاۋاپنىڭ تۈرىمۇ كۆپىيىپ باردى. ھازىر ئۇيغۇرلاردا كاۋاپنىڭ بىرقانچە تۈرى بار.

**1. زىخ كاۋاپ.** بۇ كاۋاپنىڭ ئەڭ بالدۇرقى تۈرى. بۇنىڭغا يېڭى گۆش ئىشلىتىلىدۇ. كاۋاپقا گۆش ھەم قۇيرۇق ياغ باش بارماق چوڭلۇقىدا ياپىلاق توغرىلىدۇ. ئۇنىڭغا تۇخۇم، يۇمشاق چانالغان پىياز، بىرئاز ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ بىرەر سائەتچە دۇملەپ قويۇلىدۇ، ئاندىن گۆش ھەم ياغ زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ. كاۋاپدانغا ئىسسىز كۆمۈر ياكى ئوتۇن كۆمۈرى قالاپ، چوغ بولغاندا زىخنى كاۋاپدانغا تىزىپ، ئۇۋاق قىزىلمۇچ، زىرە، تۇز سېپىپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپ يۇمشاق پىشىدۇ ھەم «قۇۋۋەت دورىسى» سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ.

**2. قېرىن كاۋىپى.** بۇ خىل كاۋاپ ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ھاياتى باشلانغان دەۋرلەردە پەيدا بولغان. ئالدى بىلەن پاكىز قوم ئۈستىگە سۆكسۆك، توغراق ئوتۇنى قالىنىپ قوم قىزدۇرۇلىدۇ. قوم قىزىغاندىن كېيىن، قومنىڭ ئارىسىغا تەييارلانغان قېرىن كۆمۈلىدۇ. قېرىن مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قوي (قوزا ياكى ئوغلاق) ئۆلتۈرۈلۈپ، گۆش سۆڭەكتىن ئاجرىتىلىدۇ ھەم پارچىلىنىپ، ئۇنىڭغا تۇز، سامساق، پىياز، قارىمۇچ، زىرە قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ قېرىنى كىچىكرەك ئېچىلىپ، يۇيۇپ تازىلانغاندىن كېيىن، تەييارلانغان گۆش قېرىنغا تىقىلىپ، قېرىننىڭ ئېچىلغان يېرى تىكىلىدۇ، ئاندىن قوم ئۈستىدىكى چوغ قايرىلىپ قومنى ئېچىپ، قېرىن كۆمۈلىدۇ. قوم ئۈستىگە چوغ دۆۋىلەپ قويۇلىدۇ. قېرىن قوم ئىچىدە 2 — 3 سائەت تۇرغاندىن كېيىن پىشىدۇ. قېرىننى يېرىپ گۆش يېيىلىشكە باشلايدۇ. بۇ خىل كاۋاپ كۆپىنچە دالادا چارۋا بېقىلىۋاتقان يەردە قىلىنىدۇ.

**3. تونۇر كاۋىپى.** بۇ خىل كاۋاپ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قوي ئۆلتۈرۈلۈپ، تېرىسى سويۇلۇپ، باش ۋە پاقالچاقلىرى كېسىپ تاشلىنىدۇ. قورسىقى كىچىكرەك يېرىلىپ، قوينىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئىچى ئىسسىق سۇ بىلەن چايقىلىپ، قۇرۇق لاتا

بىلەن سۇرتۇلىدۇ، ئاندىن قوي بىر تال ياغاچقا تىكلەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. تونۇر ئوبدان قىزىغاندىن كېيىن، ئوتنىڭ چوغى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، تونۇرنىڭ داپخۇنى چىڭ ئېتىلىدۇ، تەييارلانغان گۆشنىڭ باش تەرىپىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تىكلەپ تۇرغۇزۇپ، تونۇرنىڭ ئاغزى ھور چىقمايدىغان دەرىجىدە ھەم ئېتىلىدۇ ھەم 1:30 سائەت ئوتتا قاقلىنىدۇ. گۆش قاقلىنىپ سېرىق رەڭگە كىرگەندە پىشقان بولىدۇ. گۆشنى تونۇرغا سېلىشتىن بۇرۇن تۇخۇمنىڭ سېرىقى، تۇز، سوققان زەرچىۋە، زىرە، قارىمۇچ ۋە ئاق ئۇنلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قوچۇپ، گۆشنىڭ يۈزىگە سۈركىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا كاۋاپقا تەم كىرگۈزىدۇ ھەم گۆشتىكى ياغنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. پىشقان كاۋاپ مېھمان ئالدىغا يا پۈتۈن پېتى، يا پارچىلاپ تارتىلىدۇ. تونۇر كاۋاپنىڭ قويىنىڭ پەش گۆشنى شاكىرابقا چىلاپ، قىزىق تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان تۈرىمۇ بار. بۇ خىل كاۋاپمۇ ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ.

**4. قازان كاۋىپى.** بۇ «قورۇما كاۋاپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپنى تەييارلاش ئۈچۈن، گۆش باش بارماق چوڭلۇقىدا توغرىلىدۇ، قازانغا قۇيۇلغان ياغ ئوبدان قىزىغاندا گۆشنى سېلىپ ئوبدان قورۇپ قىزارتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇۋاق تۇز، ئۇۋاق قىزىلمۇچ، سوقۇلغان زىرە سېلىنىدۇ. گۆش قورۇلغاندا قازانغا سۇ قۇيۇلمايدۇ.

**5. قىيما كاۋاپ.** قىيما كاۋاپ ئۈچۈن زىخ كاۋاپ قىلىشقا مۇۋاپىق بولمىغان گۆش ئىشلىتىلىدۇ. گۆش يۇمشاق چانىلىدۇ، ئاندىن گۆشكە تۇخۇم، تۇز، سوققان قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىدۇ. قىيما كۈمىلاچ قىلىنىپ زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ. كاۋاپدانغا ئىسسىز كۆمۈر قالىنىدۇ. كۆمۈر كۆيۈپ چوغ بولغاندا، كاۋاپدانغا زىخ تىزىپ، ئۈستىگە يۇمشاق تۇز، ئۇۋاق قىزىلمۇچ، زىرە سېپىلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپنىڭ گۆشى يۇمشاق، يېيىشلىك بولىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**6. تاۋا كاۋىپى.** بۇ خىل كاۋاپ ئۈچۈن، گۆش سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدا ياپىلاقلاپ توغرىلىدۇ. چانالغان پىياز، سوققان زىرە، قارىمۇچلارنى گۆشكە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، 10 — 20 مىنۇت تۇرغۇزۇلىدۇ. تاۋا ئوبدان قىزىتىلىپ، گۆشنى ئۇنغا مىلەپ تاۋىغا تىزىپ،

ھەر ئىككى تەرەپ سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقان كاۋاپنى تاۋىدىن ئېلىپ توغراپ، ئۈستىگە سوققان قىزىلمۇچ، تۇز سېپىپ تەخسىگە ياكى نان ئۈستىگە ئېلىپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپنىڭ تېشى چۇرۇك، ئىچى يۇمشاق، تەملىك، يېپىشلىك بولىدۇ.

**7. بېلىق كاۋىپى.** بۇ كاۋاپ دەريا، كۆل بويلىرىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ، يەنى بېلىق چىقىدىغان يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىستېمال قىلىپ كەلگەن تاماق تۈرلىرىدىن بىرى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىنى مۇشۇ كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلىدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ رايونلاردا بازار كوچىلىرى مەخسۇس بېلىق كاۋىپى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغۇچىلار ھازىرمۇ بار. بېلىق كاۋىپى مۇنداق ياسىلىدۇ: ئالدى بىلەن بېلىقنىڭ قاسىرىقى قىرىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. قاناتلىرى ۋە ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، يۇيۇپ تازىلىنىدۇ. تازىلانغان بېلىق بويىدىن ئىككى قىلىنىپ، تۇز سۈيىگە چىلاپ قويۇلىدۇ، ئاندىن يۇلغۇندىن ياسالغان ئىككى تال ئۇزۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوتۇن قالاپ چۇشۇرۇلگەن چوغقا يىراق تۇتۇپ، پات - پات ئۆرۈپ قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقاندا ساپسېرىق بولىدۇ. بۇ خىل كاۋاپ مەززىلىك بولىدۇ. قىلتىرىقلىرى ئۆۋۈلۈپ تۇرىدۇ. ھازىر مۇشۇ خىلدا تەييارلانغان بېلىق دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان بولدى.

**8. ئوغلاق كاۋىپى.** بۇ ئۇيغۇرلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئۆزلىرى چوڭ كۆرگەن كىشىلەرگە، مېھمانلارغا تەييارلايدىغان كاۋاپلارنىڭ بىرى. ئۇ قىرقىلمىغان ئوغلاق گۆشىنى تونۇردا پۈتۈن پېتى پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. تەمى ياخشى، قۇۋۋەتلىك بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كاۋاپلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا يەنە جىگەر، بۆرەك، تال قاتارلىقلارنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ، كاۋاپدانىدا پىشۇرۇپ يەيدىغان (خورۇجلىرى زىخ كاۋاپنىڭ خورۇجلىرىغا ئوخشاش) كاۋاپ تۈرلىرىمۇ بار. بۇ خىل كاۋاپلارمۇ ناھايىتى مەززىلىك، تەملىك بولىدۇ. لېكىن پىشۇرۇش ئۇسۇلىدا باشقا كاۋاپ تۈرلىرىگە ئوخشاشمايدىغان يەرلىرىمۇ بار. ئېيتايلى، تالنى كاۋاپ قىلغاندا بۇ توغرالمايدۇ. ئارىسنى يېرىپ ئىچىگە چاۋا ياغنى تىقىپ يارغان يەر يىپ بىلەن تىكىۋېتىپ

پىشۇرۇلىدۇ. جىگەر كۆزنىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكۈچىلەرگە پايدا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىيىنى پۈتۈنلەي قاچۇرۇۋەتكەندە شىپالىق رولى قالمايدۇ، شۇڭا ئۇ چالا پىشۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆردەك، غاز، توخۇ، كەپتەر، ياۋا توشقان قاتارلىقلارنى ۋە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن كاۋاپ قىلىپ يېيىش ئادىتىمۇ بار.

**9. دۇمبىجىگەر.** بۇ يېمەكلىك كۆپىنچە مال سويۇلغاندا، ياز كۈنلىرى دالاغا باراۋەتكە چىققاندا تەييارلىنىدىغان ئەنئەنىۋى تاماقلاردىن بىرى. دۇمبىجىگەر قوي ئۆلتۈرگەنلىكنىڭ نىشانى. قوي ئۆلتۈرمەي تەييار گۆش سېتىۋېلىپ مېھمان چاقىرغاندا مېھمانلارغا دۇمبىجىگەر تارتىش شەرت ئەمەس.

بۇنى مۇنداق ياسايدۇ: ئاۋۋال قۇيرۇق ياغ پىشۇرۇلىدۇ. ئۇ پىشاي دېگەندە قازانغا جىگەر سېلىنىپ 80 — 90% پىشۇرۇلىدۇ. قۇيرۇق ياغ بىلەن جىگەرنى قازاندىن ئېلىپ بىرئاز سوۋۇتقاندىن كېيىن، ئۇلارنى يالپاقلاپ توغراپ ئىككى پارچە جىگەر ئارىسىغا بىر پارچە قۇيرۇق ياغ قىستۇرۇپ، ئۈستىگە ئوۋاق تۇز، قارىمۇچلار سېپىلىپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ باشقا تاماق يېيىشتىن بۇرۇن يېيىلىدۇ. بۇ ھەرگىز كۆكتۆلگە تەگمەيدۇ. دۇمبىجىگەرنى تويغۇچە يېۋېلىش شەرت ئەمەس. ئۆي ئېگىسى تەييارلانغان دۇمبىجىگەرنى لېگەنگە تەكشى تىزىپ، مېھمانلارغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بىردىن - بىردىن ئالدۇرىدۇ. مېھمانلارمۇ پەقەت بىر تال ئېلىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

### ئۆپكە - ھېسىپ

ئۆپكە - ھېسىپ ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىرنەچچە يەردە تىلغا ئېلىنغان. بۇ تاماق مۇنداق تەييارلىنىدۇ:

**1. ئۆپكە.** ئالدى بىلەن قىرىنىدىن ئۆپكە ئاغزى (قىرىنىنىڭ بوكى) كېسىۋېلىنىپ ئۆپكە كانىيىنىڭ ئۇچىغا تىكىلىدۇ، ئاندىن ئۆپكە ئاغزى ئارقىلىق ئۆپكىگە سۈزۈك سوغۇق سۇ ماڭغۇزۇلۇپ، ئۆپكە ئاغزى بوش مۇجۇپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆپكە تومۇرلىرىدىكى قان سۇ بىلەن

ئۆپكە تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۆپكىنىڭ تومۇرلىرى ئېچىلىدۇ- دە، ئۆپكە ئاپپاق ئاقىرىدۇ. بۇ «قانسىرىتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە خېمىر يۇغۇرۇلۇپ سۇزۇك سۇغا چىلاپ مۇجۇلىدۇ. ئۇنىڭ شىرنىسى سۇغا چىقىدۇ، ئاندىن ئۇن شىرنىسى داكا بىلەن ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇن سۈيىنىڭ تۇز تەمىنى تەڭشەپ ئۆپكە ئاغزى ئارقىلىق ئۆپكىگە ماڭغۇزۇلىدۇ. ئۇن سۈيى ماڭدۇرۇلۇۋاتقاندا ياكى ئاخىرىدا ئۆپكىگە بىر جىگدەك سۇ يېغى ماڭغۇزۇلىدۇ. شۇنداقلا بىرەر تۇخۇمنى چېقىپ ماڭدۇرۇۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئاخىرىدا شىرنىسى چىقىرىۋېلىنغان خېمىرگە سوققان قىزىلمۇچ ياكى كۆكمۇچ، جىگەر ياكى گۆش قىيمىسى قوشۇپ، ئۇنى ئۆپكە ئاغزىغا («تاۋۇزەك»كە) توشقۇزۇپ ئاغزىنى بوغۇپ، ئۆپكە بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇلىدۇ. بۇ «تاۋۇزەك» دەپ ئاتىلىدۇ. قويۇلۇۋاتقان ئۆپكىنىڭ بىرەر يېرى تېشىلىپ كېتىپ ئۇ يەردىن ئۇن سۈيى چىقىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، تۆمۈرنى قىزىتىپ ئۇ يەرنى داغلىۋەتسە توختاپ قالىدۇ.

**2. ھېسىپ.** قوينىڭ ياغلىق ئۈچەيى تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇز سۈيى بىلەن پاكىز يۇيۇلىدۇ، ئاندىن جىگەر، يۈرەك، چاۋا ياغ، گۆش، سەۋزىلەر ئۇششاق توغرىلىپ ئۇنىڭغا زىرە، قارىمۇچ ۋە پاكىز يۇيۇلۇپ ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇلغان گۈرۈچ سېلىپ، سۇ قويۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ، ئاندىن قىيما ئۈچەينىڭ چوڭ بېشىدىن ۋارونكا بىلەن ياكى قول بىلەن ئۈچەيگە قويۇپ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچەينىڭ ئىككى ئۇچى باغلىنىپ ئاۋايلاپ قازانغا سېلىنىدۇ. ھېسىپنىڭ گۈرۈچى يېرىم پىشقاندا بىرقانچە يەرگە يىڭنە سانجىپ ئۈچەيدىكى سۇ ياكى ھور چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئۈچەيگە قىيما بەك چىڭ تىقىلماسلىقى لازىم، بولمىسا پىشماي تۈرۈپ يېرىلىپ كېتىدۇ. ئۆپكە - ھېسىپكە قوشۇپ، تىرىپى پاكىز قىرىۋېتىلگەن قېرىنىمۇ بىللە پىشۇرىدۇ. ھەممىسى پىشقاندىن كېيىن لېگەنگە توغراپ ئېلىنىپ مېھمان ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا ئۆپكە - ھېسىپ قويۇش بىر خىل ئىرىملىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۆپكىنى قانسىراتقاندا ئۈستىگە داستىخان يېپىپ قويۇلىدۇ ھەمدە ئۆپكىنى قانسىرىتىۋاتقان

ياكى قۇيۇۋاتقاندا، ئۆيگە باللارنىڭ كىرىپ - چىقىشى مەنئى قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئادەت تۇپەيلىدىن، ھەممە كىشى ئۆپكە قۇيالمايدۇ. يۇرت - مەھەللىلەر ئىچىدە ئۆپكە قۇيۇشنى ئۇدۇم قىلغان مۆتىۋەر ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىدۇ. بۇنداق ئەقىدە ئېھتىمال ئۆپكە - ھېسىپ قۇيۇش باشقا خىلدىكى تائاملارنى تەييارلاشقا قارىغاندا مۇرەككەپ تېخنىكىلىق ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

**چەينەك شورپىسى**

گۆش (مەيلى لوق گۆش ياكى سۆگەكلىك گۆش بولسۇن) ئۇ 3 — 4 پارچە قىلىنىپ چوگراق چىنە چەينەككە (چەينەك بولمىغاندا ئاغزى بار كۇرۇشكا بولسىمۇ بولىدۇ) سېلىپ قايناق سۇ قۇيۇپ 10 — 15 مىنۇت قاينىتىپ تۇز، كاۋاۋىچىن سېلىپ، بوش ئوتتا يېرىم سائەت ئەتراپىدا دۇملىنىدۇ. بۇنىڭغا سوقۇلغان قارىمۇچ، توغرالغان باش پىياز سېلىنىپ ئوتتا يەنە 5 مىنۇتچە قويۇپ، گۆشنى تەخسىگە، شورپىنى چىنىگە قۇيۇپ داستىخانغا قويۇلىدۇ. بەزىدە مېھمان ئالدىغا چەينەك شورپا تارتىلىدۇ. چەينەك شورپىسى ئۈچۈن ئاساسەن يېگى قوي گۆشى ئىشلىتىلىدۇ.

**قورداق**

قوي ياكى كالىنىڭ سۆگەكلىك گۆشى سەرەڭگە قېپى چوگلۇقىدا توغرىلىدۇ. قازانغا ياغ قۇيۇلىدۇ. ئوبدان قىزىغاندىن كېيىن گۆش سېلىنىپ قىزارغىچە قورۇلىدۇ، ئاندىن چوڭ - چوڭ توغرالغان شوخلا، قىزىلمۇچ ۋە پىياز سېلىپ ئېزىلدۈرۈپ قورۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەرەڭگى، سەۋزە سېلىپ بىرئاز قورۇغاندىن كېيىن، بۇلار چىلاشقۇدەك سۇ قۇيۇلۇپ، تەمىنى تەڭشەپ دورا - دەرمەك سېلىپ، پەس ئوتتا بىرەر سائەت سىم - سىم قاينىتىپ دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن لېگەن ياكى باشقا قاچىلارغا ئۇسۇلۇپ داستىخانغا ئېلىپ كېلىنىدۇ.

قەشقەر، خوتەن قاتارلىق رايونلاردا تووي - تۆكۈن بولغاندا پولۇدىن باشقا يەنە قورداقمۇ ئېتىلىدۇ. تووي قورداقى ھەر كىشىگە بىر تەخسە ياكى ئۈچ كىشىگە بىر لېگەندىن تارتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە قورداقنىڭ «نان قورداق» دېگەن تۈرىمۇ بار. بۇ خىل قورداقنىڭ سۈيى كۆپرەك بولۇپ، پىشاي دېگەندە، قېتىپ قالغان نانلارنى پارچىلاپ قورداق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىرقانچە مىنۇت دۈملىگەندىن كېيىن، لېگەن ياكى قاچىغا ئۇسۇپ يېيىلىدۇ.

## ھالۋا

ھالۋا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق مۇنداق ئېتىلىدۇ: ئېرىتىلگەن قوي يېغىنى قازانغا سېلىپ ياخشى قىزىتقاندىن كېيىن قازاننى ئوتتىن ئېلىپ ياغنى بىرئاز سوۋۇتۇپ، قازاننى يەنە ئوتقا قويۇپ ياغقا ئۇن سېلىپ قورۇلىدۇ. ناۋات ياكى قەنت قايناق سۇدا ئېرىتىلىپ دوغاپ قىلىنىپ قورۇلۇۋاتقان ئۇنغا قويۇپ پات - پات قوچۇلىدۇ. سۈيى تۈگەپ پىشقاندا ياغ پۈتۈنلەي چەلگىپ ئۈستىگە چىقىدۇ، ھالۋا پىيالە ۋە كىچىك مېۋە تەخسىلىرىگە ئۇسۇلۇپ يۇمشاق نان بىلەن مىلەپ يېيىلىدۇ. ھالۋا تاتلىق يېمەكلىك بولۇپ، تەبىئىتى ئىسسىق. شۇڭا ئەگىزى ئېشىپ كەتكەن كىشىلەر بىرقانچە قېتىم ھالۋا ئېتىپ يېسە مىجەزى تەڭشىلىدۇ.

## پوشكال

پوشكال كۆپىنچە «ئەرۋاھ» لارنى يوقلاش ئۈچۈن ياغ پۇراتقاندا ھەمدە نەزىر - چىراغلاردا قىلىنىدۇ. پوشكال مۇنداق تەييارلىنىدۇ: ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ، يۇمشاق خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، ئىسسىق يەرگە قويۇپ بولدۇرۇلىدۇ. خېمىر بولغاندىن كېيىن، ئۇششاق - ئۇششاق زۇۋۇلا ئۈزۈپ پۈزا بىلەن نېپىز ئېچىپ ئوتتۇرىغا ئىككى يەرگە پىچاق ئۇرۇلىدۇ. قازانغا ياغ قويۇپ ئوبدان قىزىتقاندىن كېيىن، پوشكالنى سېلىپ، سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ. پوشكال ناھايىتى يۇمشاق، يېيىشلىك بولىدۇ. پوشكالنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاشمايدۇ. نەزىر - چىراغلار ئۈچۈن

تەييارلىنىدىغان پوشكال يالپاقراق ھەم چوڭراق بولىدۇ. ئادەتتە ئۆيدە يېيىش ئۈچۈن سېلىنىغان پوشكال قېلىنراق ھەم كىچىكرەك بولۇپ، 100 گىرام ئۇندا 3 — 4 پوشكال تەييارلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلگەندە، چوقۇم ياغ پۇرىتىش شەرت. ياغ پۇراتقاندا پوشكال سېلىش ئادەت قىلىنغان. بەزى كىشىلەر كۆپ ھاللاردا مېھمانلار ئۈچۈن تۇخۇم پوشكىلى سالىدۇ.

تۇخۇم پوشكىلى ئەتكەندە، تۇخۇمنى قاچىغا چېقىپ قوچۇپ سۇيۇلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭغا بىرئاز ئۇۋاق تۇز سېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ سېلىنىدۇ. تۇخۇم بىلەن ئۇننىڭ نىسبىتىگە كەلسەك، تۇخۇم كۆپرەك بولىدۇ، ئاندىن قازانغا قوي يېغى ياكى ئەبجەش ياغ قۇيۇپ قىزىتىپ، تەييارلانغان خېمىرنى ياغقا قۇيۇپ تەكشى يېيىتىپ ھەر ئىككى يۈزى سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئەگەر تۇخۇمغا ئۇن چېلىنغاندىن كېيىن بىرئاز قويۇق بولۇپ قالسا ئازراق سۇ قۇيۇپ سۇيۇلدۇرسىمۇ بولىدۇ. بۇ تاماق ناھايىتى قۇۋۋەتلىك بولۇپ، تەبىئىيتى ئىسسىق.

**لەڭمەن**

لەڭمەن ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرىدىغان، داۋاملىق ئېتىپ يەيدىغان تاماقلىرىنىڭ بىرى. شۇڭا ئۇيغۇرلار لەڭمەننىڭ خېمىرى ئوخشىسا ئېشى ئوخشايدۇ دەپ، خېمىرغا ئالاھىدە ئىشلەيدۇ ۋە خېمىر يۇغۇرۇشنى پەسىلگە قاراپ ئۆزگەرتىدۇ.

**خېمىر تەييارلاش:** قىش كۈنلىرى لەڭمەن خېمىرىنى ئىسسىق سۇدا تۇزى كەم، بوشراق قىلىپ يۇغۇرىدۇ. ئەتىيازدا، كۈزدە ئىلمان سۇدا تۇزىنى مۇۋاپىق قىلىپ ئوتتۇراھال يۇغۇرىدۇ. يازدا سوغۇق سۇدا تۇزىنى ئۆتكۈزۈپ چىڭراق يۇغۇرىدۇ. يۇغارغان خېمىرنى پورەك ئۈزلىگىچە ئىشلەپ بىرئاز تىندۇرۇپ، چوڭ ياكى كىچىك پىلتە قىلىدۇ. چوڭ پىلتە ئۈچۈن ئالمىدەك ئۈزۈپ پىلتە قىلىپ ئىككى قول ئارىلىقىغا ئېلىپ ئېشىپ، ئاشتاختا ياكى لېگەنگە ياغ سۇۋاپ چۆرگىلىتىپ يۆگەپ،

قاتموقات ياغ سۇۋايدۇ. پىلتىنى ئالدىغان چاغدا پىلتىنىڭ بىر ئۇچىنى ئوڭ قولدا تۇتۇپ تارتىپ، سول قولدا لېگەندىن ئاجرىتىپ، سوزۇپ تاشلايدۇ. سوزىدىغان مەزگىلدە، پىلتە ئۇچىنى سول قولدا تۇتۇپ ئوڭ بىلەككە يۆگەپ، سول بىلەكتىن ئۆتكۈزۈپ، پىلتە تۈگىگەندە غولاچنى سوزۇپ، سوزۇلغان ئاشنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئۇنغا تەگكۈزۈپ پەشخۇنغا ئۇرۇپ ئىنچىكىلىتىلىدۇ، ئاندىن تېز قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ، چاپلاشماسلىقى ئۈچۈن چوكا سېلىپ ئىلەشتۈرۈلىدۇ. پىشقاندا سۈزۈپ، سۈزۈك سۇدا چايقاپ قاچىغا ئېلىنىدۇ.

كىچىك پىلتە قىلغاندا، چوڭ ياڭاقتەك خېمىر ئۈزۈپ، ئىككى قول ئالىقىنىدا دۈگىلىتىپ، پىلتىنى 20 — 25 سانتىمېتىر سوزۇپ، ياغلانغان لېگەن ياكى پەشخۇنغا قات ـ قات قىلىپ تىزىپ، ھەربىر قېتىغا ياغ سۈرىدۇ. سوزۇش ۋاقتىدا پىلتىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككى قولدا تۇتۇپ، دادىل غولاچ كېرىپ سوزىدۇ، ئاندىن ئىككى باشنى سول قولغا ئېلىپ، ئوتتۇرىنى ئوڭ قول بىلەككە ئۆتكۈزۈپ يەنە سوزىدۇ، تەكرار سوزۇپ ئىنچىكىلىگەندە، سول قولدىن پومۇلاشقان خېمىرنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، قازانغا سالىدۇ، پىشۇرۇپ ئېلىپ، سوغۇق سۇدا چايقاپ قاچىغا ئېلىنىدۇ.

لەڭمەننىڭ قورۇما خۇرۇجى ئاساسلىقى، گۆش، ياغ، سامساق، پىياز، غولپىياز، قىزىلمۇچ، كۆكمۇچ، شوخلا، چوكا ماش، يېسسىۋېلەك، بەرەڭگى، كاۋاۋىچىن، قارىمۇچ، تۇز، سوققان قىزىلمۇچ، ئاچچىقسۇدىن ئىبارەت. ئەمما قايسى خۇرۇج بىلەن قورۇما قورۇش ئۇستامنىڭ شەرت ـ شارائىتى ۋە ئىختىيارىدا بولىدۇ.

داستىخانغا سامساق ئارىلاشتۇرۇلغان ياغ لازا، ئاچچىقسۇ ئايرىم كەلتۈرۈلىدۇ. خالىغانلار سېلىپ يەيدۇ. ئاشتىن كېيىن، بىرئاز ئاش سۈيى ئىچىش قەدىمىي ئادەت.

كەسكەن لەڭمەن: خېمىرنى چىڭ يۇغۇرۇپ يېيىپ، چوكا كەڭلىكىدە كېسىپ ئىزىلدۇرمەي پىشۇرىدۇ. كۆپرەك كىشىلەر تاماقنى قىزىق ياكى سۇغا سالماي يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ خىل ئاشنىڭ قورۇمىسى سۇلۇق قورۇلۇپ، بەكرەك پىشۇرۇلىدۇ.

ياغ لازا ھەممىگە ئورتاق، لېكىن ئۇيغۇرلار ياغ لازىغا سامساق سالىدۇ. سەۋەب، لازا يەللىك، سامساق يەل يېگۈچى، ئىككىسى ئارىلاشقاندا، تەم تەڭشىلىش بىلەن تاماققا لەززەت كىرگۈزىدۇ.

**مانتا**

مانتا ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرىنىڭ بىرى. مانتىنىڭ بولاق مانتا، پېتىر مانتا، ئاشمانتا، كاۋا مانتىسى، جۇسەي (كۇدە) مانتىسى، شېكەر مانتىسى دېگەندەك تۈرلىرى بار.

**1. بولاق مانتا.** ئۇنىغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ، تۇزىنى كەم قىلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ ئىسسىق جايغا قويۇپ بولدۇرۇلىدۇ. گۆش ئۇششاقراق توغرىلىدۇ (گۆش بولمىغاندا ئازراق جىگىردەك توغرالسىمۇ بولىدۇ) يەنە يېسىۋېلەك، كۇدە، كاللەكبەسەي، ماش ئۇندۇرمىسى قاتارلىق كۆكتاتلاردىن بىرىنى ياكى ئىككى تۈرىنى، شۇنداقلا پىيازنى ئۇششاق توغراپ، گۆشكە ئارىلاشتۇرۇپ بىرئاز سۇ يېگۈزۈپ، يەنە بىر ئاز ياغ مىجىپ، ئاندىن سوققان كاۋۇچىن، زىرە ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. بولاق مانتىنىڭ قىيمىسى كۆپرەك گۆش بىلەن پىيازدىن تەييارلىنىدۇ. ئاخىرىدا بولدۇرۇلغان خېمىرغا ئازراق شۇلتا ياكى سودا ئارىلاشتۇرۇپ چەيلەپ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ قول بىلەن جىلتا ئېچىلىدۇ. جىلتىغا قىيما سېلىنىپ مانتا تۈگۈلىدۇ. مانتا قاسقان ياكى جىمبىلدە پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل مانتىنى بەزىلەر ياغ لازا، ئاچچىقسۇغا مىلەپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بولاق مانتا ناھايىتى يۇمشاق ۋە يېيىشلىك بولىدۇ.

**2. پېتىر مانتا.** كالا ياكى قوينىڭ سېمىز لوق گۆشى قوناقتەك ئۇششاق توغرىلىدۇ (ئەگەر گۆش ئورۇق بولسا، بىرئاز قۇيرۇق ياغ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ). بۇنىڭغا بىرئاز سۇ قويۇپ، سۇ يېدۈرۈلىدۇ، ئاندىن نېپىز توغراپ چانالغان پىياز، تۇز ۋە سوقۇلغان قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. چىڭ پېتىر خېمىر يۇغۇرۇلغاندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلا پۇزا بىلەن چېتى نېپىز، ئوتتۇرىسى قېلىنراق جىلتا

ئېچىلىپ قىيما سېلىپ تۈگۈلىدۇ. قاسقان ياكى جىمبىلنى ياغلاپ مانتىنى قاسقانغا تىزىپ، ئېغىزىنى ھەم يېپىپ تېز ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ. پېتىر مانتا 15 مىنۇتتىلا پىشىدۇ. مانتا پىشقاندا تاۋاقتا ياكى قاسقانغا سېلىنغان ئاق نان ئۈستىگە ئېلىپ، ئۈستىگە بىرئاز سوققان قارىمۇچ سېپىلىدۇ. بۇ خىل مانتا ناھايىتى شورپىلىق، قۇۋۋەتلىك بولۇپ، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ.

**3. ئاشمانتا** (ئاشمانتا دېگەنلىك، ئۈستىگە پېتىر مانتا بېسىلغان پولۇ دېگەنلىك). ئالدى بىلەن پېتىر مانتا تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭ ئېتىلىشى ئادەتتىكى پېتىر مانتىنىڭ ئېتىلىشىگە ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل مانتىنىڭ زۇۋۇلىسى كىچىكرەك ئۈزۈلۈپ، كىچىكرەك تۈگۈلىدۇ. پولۇنىڭ ئېتىلىشىمۇ ئادەتتىكى پولۇنىڭ ئېتىلىشىگە ئوخشاش بولىدۇ. پولۇنى دۈملەش ۋاقتىدا، تۈگۈلگەن پېتىر مانتىنى گۈرۈچ ئۈستىگە تىزىپ يېرىم سائەتچە دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. مانتىنىڭ پىشىپ ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دىققەت قىلىنىدۇ.

**4. كاۋا مانتىسى.** بۇ تاماق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇنداق ئېتىلىدۇ: مانتا كاۋىسىنىڭ پوستى ئاقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە لەشلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ ئۇششاق توغرىلىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا قويرۇق ياغ، قىزىلمۇچ ۋە پىياز توغراپ، ئۇ سوققان زىرە، تۇز ۋە داغلانغان ياغ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. ئاق ئۇندا چىڭ قىلىپ پېتىر خېمىر يۇغۇرۇپ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ، قول بىلەن بېسىپ ياپىلاقلاپ پۇزا بىلەن ئوتتۇرىسىنى قېلىنراق، چەتلىرىنى نېپىزرەك قىلىپ جىلتا ئېچىپ قىيما سېلىپ تۈگۈلۈپ قاسقاندا 20 مىنۇتقا قەدەر تېز ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ. كاۋا مانتىنىڭ تەمى ئۆزگىچە بولىدۇ. كاۋا مانتىسى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان ئالىي تاماق تۈرلىرىدىن بىرى.

**5. شېكەر مانتىسى.** ياڭاق مېغىزى پوستىدىن ئاجرىتىلىپ قوناقتەك چوڭلۇقتا توغرىلىدۇ. ئۇنىڭغا توغرالغان قويرۇق ياغ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. خېمىرنى يۇغۇرۇش، بولدۇرۇش، جىلتا ئېچىش بولاق مانتىنىڭكىدەك بولىدۇ. جىلتىغا قىيمىدىن سېلىپ،

سوقچاق ياكى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تۈگۈپ قاسقانغا سېلىپ تېز ئوتتا يېرىم سائەت دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

### ئۆگرە

ئۆگرە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تاماق تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۆگرە» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھاتى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. ئۇ: «سۇيۇق-ئاشنىڭ بىر تۈرى. ئۇ چۆپتىن سۇلۇق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ» دەيدۇ.

بۇ تاماق مۇنداق ئېتىلىدۇ: ئاق ئۇنغا 2 — 3 تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ، خېمىر چىڭ يۇغۇرۇلىدۇ، ئاندىن خېمىر نوغۇچ بىلەن نېپىز يېيىلىدۇ. يېيىلغان خېمىر بىرئاز شامالدىتىلىپ ئىنچىكە ئۆگرە كېسىلىدۇ. قازانغا سۆڭەكلىك گۆش سېلىپ قاينىتىپ شورپا تەييارلىنىدۇ، ئاندىن ئۇششاق توغرالغان گۆشكە چانالغان باش پىياز، تۇز، سوققان قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قازاندىكى شورپىغا تاشلىنىدۇ. بۇلار پىشاي دېگەندە ئۇششاق توغرالغان شوخلا، چامغۇر (تۇرۇپ بولسىمۇ بولىدۇ) سېلىنىدۇ. 5 — 10 مىنۇتتىن كېيىن قازانغا ئۆگرە سېلىنىدۇ. ئاش پىشىپ قاچىغا ئۇسۇشتىن بۇرۇن، قازانغا يۇمغاقسۈت ياكى پىنە سېلىپ قاچىلارغا ئۇسۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۆگرىگە ئاچچىقسۇ ياكى ياغ لازا قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئازراق قارىمۇچ سېپىپ ئىچسە كۇپايە قىلىدۇ. ئۆگرە شورپىلىق، تەملىك، پۇراقلىق بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە سىڭىشلىك بولىدۇ. بۇ خىل تاماق مېھمانلار ئۈچۈنمۇ تەييارلىنىدۇ.

### چۆچۈرە

چۆچۈرە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماقنى ئائىلىلەردە ئادەتتە قىلىپ يېيىشتىن تاشقىرى، يەنە ئەزىز مېھمانلار بۇ تاماق بىلەن كۈتۈلىدۇ. بۇ تاماقنىڭ ئېتىلىشى مۇنداق: سېمىز قوي گۆشى ئۇششاق توغرىلىدۇ. بۇنىڭغا باش پىياز چانىلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن تۇز، قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما قىلىنىدۇ. ئاق ئۇن بىلەن خېمىر يۇغۇرۇلۇپ (خېمىرنىڭ ئېزىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خېمىرغا

بىرەر توخۇم ئارىلاشتۇرۇۋەتسە تېخىمۇ ياخشى) ئۇگىرىنىڭ خېمىرىدەك يېيىلىدۇ، ئاندىن بۇنىڭدىن تۈت چاسا جىلتا كېسىپ تەييارلىنىدۇ. جىلتىغا تەييارلانغان قىيما سېلىنىپ گۈلە قاق چوكۈلۈقىدا تۈگۈلىدۇ. بۇ تاماقنىڭ سۈيى مۇنداق تەييارلىنىدۇ. سوغۇق سۇغا سۆڭەك تاشلىنىپ شورپا قىلىنىدۇ ياكى ئازراق چۆچۈرە قىيمىسى تاشلىنىپ شورپا قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئۇششاق توغرالغان تۇرۇپ ياكى چامغۇر تاشلىنىدۇ. سۈيى تازا پىشقاندا چۆچۈرە سېلىنىدۇ. ئاشنى قاچىغا ئۇسۇش ۋاقتىدا قازانغا ئازراق (مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇتۇلغان بولسۇن) ئاشكۆكى (يۇمغاقسۈت)، رەيھان ياكى پىننە سېلىپ قازاننى بىر ئۆرلىتىپ ئۇسۇلىدۇ. چۆچۈرە تەملىك، لەززەتلىك ھەم قۇۋۋەتلىك بولىدۇ.

### كۆك چۆچۈرىسى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر يىلى ئەتىيازدا، يېڭى ئۈنۈپ چىققان بېدە بىلەن چۆچۈرە ئېتىپ يېيىش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان. بۇ تاماقنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: بېدە پاكىز تازىلىنىپ چانىلىدۇ. سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆيدۈرۈلگەن قوي يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىپ، چۆچۈرە تۈگۈپ سۇدا پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم كۆك چۆچۈرىسى يېسە، ئادەمنىڭ ئىچى تازىلىنىپ سالامەتلىككە پايدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېمىسىمۇ بېدىنىڭ شىپالىق رولى بولىدۇ. ئەتىياز كۈنلىرى بېدە تېرىپ كېلىپ سېتىپ پۇل قىلغۇچىلارمۇ خېلى كۆپ. بېدە ئەمدى بىخ سۈرۈشكە باشلىغاندا ئۈنى تېرىپ تۇغقانلىرىغا، يېقىن دوست - بۇرادەرلىرىگە ياكى قولۇم - قوشنىلىرىغا «يېڭىلىق تۇتۇش» ئادىتى يېزا - قىشلاقلاردا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. «يېڭىلىق تۇتۇلغان» كۆك بەدىلىگە «يېڭىلىق» نى قوبۇل قىلغۇچى «يېڭىلىق» نى تۇتقان كىشىگە ئەھۋالغا يارىشا سوۋغات بېرىدۇ.

### چۆپ

چۆپ (تۇتماچ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل تاماقلىرىنىڭ

بىرى. ئۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇنى مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۇتماچ» دېگەن سۆزگە ھەم «چاۋلى» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھلاردىن بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ «بۇ تاماق قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىدۇ» دەپ يازغان. ھازىر ئۇيغۇر خەلقىدە چۆپنىڭ «نېرىن چۆپ»، «سەي چۆپ»، «ماش چۆپ»، «شوخلا چۆپ»، «ئاتۇش چۆپى»، «پىياز چۆپ»، «نانچۆپ» دېگەندەك تۈرلىرىمۇ بار.

**1. نېرىن چۆپ.** بۇ مېھمانلارغىمۇ، كېسەل بولۇپ قالغانلارغىمۇ ئالاھىدە ئېتىدىغان تاماق بولۇپ، قۇۋۋەتلىك ھەم سىڭىشلىك تاماق.

بۇ تاماق ئاساسەن مۇنداق تەييارلىنىدۇ: سېمىزرەك گۆش قازانغا سېلىنىپ، قازان قاينىغاندا شورپا سورۇلۇپ تۇرۇلىدۇ. گۆش پىشقاندا ئۇنىڭ شورپىلىق يۈزىدىن بىر قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ. پىشقان گۆش قازاندىن ئېلىپ سوۋۇغاندا ئىنچىكە پىچاق بىلەن قوناقتەك چوڭلۇقتا توغرىلىدۇ، خېمىرنىڭ سۇدا ئېزىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 1 — 2 تۇخۇم چېقىپ، تۇزنى ئۆتكۈزۈپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر تىنغاندىن كېيىن نوغۇچ بىلەن نېپىز يېيىپ، بىرئاز شامالدىتىپ، ئاندىن خېمىر ئۆگرىدىن چوڭراق قىلىپ كېسىلىدۇ. ئۆگرە قازاندىكى شورپىدا پىشۇرۇلىدۇ. خېمىر پىشقاندىن كېيىن، مىلىچلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، چويلىدا سۈزۈۋېلىپ سوغۇق سۇدا چايقىلىدۇ. خېمىر قاچىغا ئېلىنىدىغان چاغدا قازاندىكى شورپىدا قىزىتىلىدۇ. باش پىياز ئۇششاق يالپاقداپ توغرىلىدۇ. بۇنىڭغا سوققان قارىمۇچ، تۇز سېلىپ مىجىپ تەييارلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قاچىغا ئېلىنغان چۆپ ئۈستىگە توغراپ تەييارلانغان گۆش، توغرالغان پىياز ۋە شورپىنىڭ يۈزى قويۇلۇپ ئىلەشتۈرۈپ، قوشۇق بىلەن كىچىك چىنىلەرگە بۆلۈپ يېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شورپىسىغا چامغۇر، سەۋزىلەر سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىمۇ يالپاقلاپ توغراپ گۆش بىلەن بىرگە سالسا تېخىمۇ تەملىك بولىدۇ. شارائىت يار بەرسە، قۇرۇتنى سۇدا ئېزىپ سۇيۇقلاندۇرۇپ قاچىغا خالىغانچە قۇيۇپ يېسە تېخىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قازاندىكى شورپىدىن بىرەر پىيالىدىن ئىچىلىدۇ.

**2. پىياز چۆپ.** بۇ پىياز قىيمىسىنى ياغدا قورۇپ ياغلىق ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن، چۆپ ئۈستىگە قويۇلۇپ يېيىلىدىغان تاماق. بۇ خىل چۆپ سەي - كۆكتات، گۆش كەمچىل چاغلاردا ئېتىپ يېيىشكە باب كېلىدۇ.

## شويلا

شويلا يۇمشاق، يېيىشلىك ھەم سىڭىشلىك تاماقلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: گۆش ياڭاق چوڭلۇقىدا، سەۋزە قەلەمچە قىلىپ توغرىلىدۇ. گۈرۈچ ئىسسىق سۇدا 2 — 3 قېتىم يۇيۇلىدۇ. قازانغا ياغ قۇيۇپ قىزىتىپ داغلاپ، گۆش قىزارغىچە قورۇلىدۇ، ئاندىن پىياز سېلىنىپ سارغايغىچە قورۇلغاندىن كېيىن، شوخلا ۋە سەۋزە سېلىپ قورۇپ، سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. زىرە سېلىپ تەمى تەڭشەلگەندىن كېيىن، سۇغا گۈرۈچ سېلىنىپ، قازاننىڭ تېگى تۇتۇۋالماسلىق ئۈچۈن پات - پات ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاشنىڭ سۈيى تۆگەپ گۈرۈچ قويۇلغاندا، ئاندىن تەخسە - قاچىلارغا ئۇسۇپ، ئۈستىگە قارىمۇچ سېپىپ، داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ تاماق قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ.

بەزىدە سەۋزىنى ياغ بىلەن قورۇماي ئېتىدىغان شويلىمۇ بار. بۇ «خام شويلا» دەپ ئاتىلىدۇ. خام شويلا كۆپىنچە بىتاپ كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلانغاچقا، ئادەتتە «كېسەل تامىقى» مۇ دېيىلىدۇ.

## شوۋىگۈرۈچ

شوۋىگۈرۈچ كۆپىنچە زۇكامداپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن قىلىنىدۇ. بۇ تاماق ئۇنىڭدىن باشقا تۇغۇتلۇق ئاياللارغا سۈت كەلتۈرۈش، ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئىسسىقىنى چۈشۈرۈپ، مىجەزىنى تەڭشەش ئۈچۈنمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

بۇ تاماقنىڭ ئېتىش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن گۈرۈچ ئىسسىق سۇدا 3 — 4 قېتىم يۇيۇلۇپ، قازانغا سېلىنىدۇ ۋە قاينىتىلىپ يېرىم پىشقاندا قازانغا ئالدىن توغراپ تەييارلاپ قويۇلغان قۇيرۇق يېغى بىلەن تۇرۇپ،

چامغۇر سېلىنىدۇ، ئاندىن يۇيۇپ تازىلانغان قارىئۆرۈك، توغرالغان شوخلا، تۇز سېلىنىپ تەمى تەڭشىلىدۇ. ئاش پىشقاندا ئاش سۇيىگە يۇمغاقسۇت سېلىپ قازاننى بىر ئۆرلىتىپلا قاچىلارغا ئۇسۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. شوۋىگۈرۈچنى سۆڭەكلىك گۆش بىلەن ئۇزاقراق قاينىتىپ ئەتسە تېخىمۇ تەملىك ۋە قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. لازىم تېپىلغاندا ئاش سۇيىگە قارىمۇچ سېلىنىدۇ. بۇ تاماق ئادەمنى تەرلىتىپ، بەدەننى يەڭگىل قىلىدۇ.

شوۋىگۈرۈچنىڭ يەنە «ماشخوردا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تۈرىمۇ بار. «ماشخوردا» نىڭ شوۋىگۈرۈچتىن پەرقى پەقەت ئۇنىڭ خۇرۇجىغا ماش (كۆك پۇرچاق) ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىدا.

**جۇۋاۋا**

جۇۋاۋا، ئادەتتە «تۈگۈر»، بەزى يەرلەردە «بەنشىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: بوشراق پىتىر خېمىر يۇغۇرۇپ زۇۋۇلا ئۈزۈپ، تاۋلاپ، قۇرۇق ئۇن سېپىپ، ئۇستىنى نەم لاتا بىلەن يېپىپ قويۇپ جىلىت ئېچىلىدۇ. گۆشنى ئۇششاق توغراپ ئۇنىڭغا سۇ يېگۈزۈپ، ئۇششاق توغرالغان يېسىۋېلەك ياكى كۇدىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ، تۇز، سوققان قارىمۇچ، سۇ يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. ئېچىلغان جىلىتقا بىر قوشۇقچە قىيما سېلىپ تۈگۈپ، قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ، پەس ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ. قازان ۋاراقلاپ قايناپ كەتسە سوغۇق سۇ تېمىتىپ تۇرۇلىدۇ، بولمىسا تۈگۈر تېشىلىپ كېتىدۇ. بەزى ئائىلىلەر گۆش بىلەن پىيازدىن قىيما قىلىپ تۈگۈر قىلىدۇ. تۈگۈر پىشقاندا لېگەنگە ئۇسۇپ، داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. داستىخاندا ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىغا بىردىن كىچىك تەخسە قويۇلىدۇ. يېگۈچىلەر ياغ لازا، ئاچچىقسۇ قوشۇپ يەيدۇ. بۇنىڭدا تاماق تېخىمۇ مەززىلىك بولىدۇ.

**قۇيماق**

قۇيماق قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئۇيغۇر يېمەكلىكلىرىدىن بىرى.

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (III توم 239 ـ بەت) دا «قويما» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھى بۇ يېمەكلىكنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خېمىر سۈيۈق يۇغۇرۇلۇپ قازاندىكى ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ». قۇيماقنى ئادەتتە ئۆيلەردە يېيىش ئۈچۈن قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە نەزىر ـ چىراغلار ئۈچۈنمۇ قىلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۇنىغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ بىرقانچە تۇخۇم چېكىلگەندىن كېيىن سۇيۇق خېمىر چېلىنىدۇ ۋە خېمىر بىرئاز تىندۇرۇلىدۇ. قازانغا قۇيغان ياغ ئوبدان قىزىتىلىپ، خېمىر قول بىلەن مانتا جىلتىسى چوڭلۇقىدا ئېچىلىپ قازانغا سېلىنىدۇ ھەم ھەر ئىككى تەرىپىنى ئۆرۈپ پىشۇرغاندىن كېيىن، قازاندىن ئېلىپ ئىسسىق ۋاقتىدىلا ئۈستىگە شېكەر سېپىلىدۇ. قۇيماقنىڭ خېمىرىغا تۇخۇم سېلىنغاچقا، بۇنداق قۇيماق ئاسانلىقچە قېتىپ قالمايدۇ، ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ.

### زاڭ

ئۇيغۇر خەلقى، بولۇپمۇ دېھقانلار قىش كۈنلىرى بەدەننى ئىسسىق تۇتىدۇ دەپ بۇ تاماقنى ئېتىپ يەيدۇ. بۇ تاماقنىڭ ئېتىلىشى مۇنداق: قوناق ئۇنى (بەزى يەرلەردە كۆممىقوناق ئۇنى، بەزى يەرلەردە ئاق قوناق ئۇنى) قازاندا قايناۋاتقان قايناق سۇغا چېلىنىدۇ. بۇ نوغۇچ بىلەن داۋاملىق ئىلەشتۈرۈپ تۇرۇلىدۇ. قويۇلغاندىن كېيىن قاچىلارغا ئۇسۇلۇپ، ئاندىن قورۇپ تەييارلانغان سۇلۇق ھەم ئاچچىق ـ چۈچۈك سەي سېلىنىپ قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرىدا يەنە بىرقانچە خىل زاڭ بولۇپ، ئۇلار «سۈتلۈك زاڭ» (ئۈستىگە سۈت قۇيۇپ ئېتىلىدۇ)، «شەربەتلىك زاڭ» (ئۈستىگە جىگدە شەربىتى قۇيۇلىدۇ) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان زاڭلارمۇ بار.

ئۇماچمۇ زاڭنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ زاڭغا قارىغاندا سۇيۇقراق بولىدۇ. ئۇماچقا ئادەتتە پىياز، چامغۇر، گۈلە ياكى شارائىتى بولسا توغرامچە گۆش (ئەڭ ياخشىسى قوينىڭ قوۋۇرغىسى چىمچىلاق قول

چوڭلۇقىدا تۇغراپ سېلىنىپ) ئاستا ئوتتا ئۇزۇن قاينىتىلىدۇ. ئۇماچ كۆپىنچە ئەتىگەنلىك ياكى كەچلىك چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ. ئۇماچ قان بېسىم يۇقىرى بولۇپ كېتىشنىڭ ۋە قاندا ياغ تەركىبىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## يوبدان

بۇ قوناق ئۇنىدىن قىلىدىغان يېمەكلىكلەر ئىچىدە ئەڭ يېيىشلىك تاماقلارنىڭ بىرى بولۇپ، «قوناق سۇيۇقئېشى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. بىر قىسىم جايلاردا بۇ تاماققا ئوخشاپ كېتىدىغان «سىقماق» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل قوناق تامىقى بار. بىراق بۇ ئىككى تاماق شەكىل جەھەتتىن ئازراق ئوخشاپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەم ۋە ئېتىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

يوبدان ئېشىنى ئېتىشتە، ئاۋۋال يۇمشاق قوناق ئۇنى تەييارلىنىدۇ ۋە ۋاراقشىپ قايناپ تۇرغان قايناق سۇدا خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. يوبدان خېمىرى چىڭ يۇغۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇپىرىدا نوغۇچ بىلەن يېيىلىدۇ. خېمىر يېيىلىپ مەلۇم كەڭلىك، قېلىنلىققا يەتكەندە ئالىقاننىڭ كەڭلىكىدە تال - تال كېسىۋېلىپ، ئاندىن ئۇگرىدىن سەل چوڭراق كېسىلىدۇ (يوبدان چۆپى ئۇگرە چۆپىدىن كەڭ ھەم قېلىن كېلىدۇ. يوبدان چۆپى قازاندىن تىرىك چىقىشى ئۈچۈن خېمىرغا مەلۇم دەرىجىدە ئاق ئۇن قوشۇلىدۇ). يوبدانغا چامغۇر، كاۋا، ئاش كۆكى قاتارلىق كۆكتاتلار ۋە قوي، ئۇغلاق، خوراز، كەپتەر گۆشلىرى سېلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ھەم يېيىشلىك بولۇش ئۈچۈن سۈيگە ئۇغلاق (قىرقىلمىغان ئۇغلاق)، چۈجە، خوراز، كەپتەر باچكىلىرى سېلىنىدۇ. يوبدان ئېشىنى ئېتىش ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. ھەممە كىشى ئوخشىتىپ ئېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «ئايال كىشىنىڭ تۆشۈك ئېشىنى يوبدان ئېشىدا سىنا» دېگەن سۆز بار.

## سىقماق

سىقماق دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تاماق

تۈرلىرىدىن بىرى.

بۇ تاماقنىڭ تەييارلىنىشى مۇنداق: خورۇجى قوناق ئۇنى بولۇپ، قىلىن ئەلگەكتە تاسقالغان قوناق ئۇنىدا تۇزسىزراق ۋە بوش قىلىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. چامغۇر ياكى چاقما كاۋا توغرامچە قىلىنىپ، قازانغا سېلىنىدۇ. كۆكتات پىشاي دېگەندە تەييار بولغان خېمىرنى ئالىقانغا پاتقۇدەك ئۈزۈۋېلىپ، ئىككى قولنىڭ ئالىقىنى بىلەن سىقىپ بارماق ئارىسىدىن ئۆتكۈزىدۇ. بارماق ئارىلىقىدىن سىقىلىپ ئۆتكەن خېمىر خۇددى كەسمە لەگمەن چوڭلۇقىدا ئۈزۈلۈپ، قايناۋاتقان قازانغا چۈشىدۇ. تاماق تەييارلىغۇچى ئۇستا بارمىقى ئارىسىدىن خېمىرنى سىققاندا، بارمىقىنى كەڭ ئېچىۋەتمەستىن خېمىر كەسمىسىنىڭ بىر خىل ئۆلچەملىك بولۇشىغا دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئادەتتە بارماق ئارىلىقىدىن قىسىلىپ چىققان ئاش (سىقماق) نىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 — 5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى (توملۇقى) چوكىنىڭ ئۇچىدەك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق ھېسابلىنىدۇ. سىقماقنى قوناق ئۇنىدا تەييارلانغان سۇيۇقئاش دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، سۇيى بىلەن ئىچىلىدۇ. شارائىتى بار ئائىلىلەر سىقماققا توغرامچە گۆش، شوخلا قاتارلىقلارنى سېلىپ پىشۇرسىمۇ بولىدۇ.

سىقماقنى بەزى جايلاردا مەخسۇس يوبدان سىققۇچ بىلەن ئېتىدۇ. سىقماق تەييارلىنىشى ئاددىي، كۆپ ھەشەم كەتمەيدىغان، تەمى ئۆزگىچە خاس تاماق بولۇپ، دېھقانلار كۆپرەك ئەتىگەنلىك چاي ئورنىدا ئىچىشكە ئادەتلەنگەن.

### موندەك

بۇ قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان تاماقلار ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان ھەم بەك يېيىشلىك تاماقلارنىڭ بىرى. بىر قىسىم جايلاردا بۇنى «مۇندەك»، «قوناق چۆچۈرىسى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

موندەك تامىقىنى ئېتىشتە: ئاۋۋال يۇمشاق قوناق ئۇنى ۋە بۇ تاماقنىڭ قازاندىن تىرىك چىقىشى ئۈچۈن قوشۇلىدىغان ئازراق ئاق ئۇن (بۇغداي ئۇنى) تەييارلىنىپ، ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان قايناق سۇ بىلەن

خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. موندەك خېمىرى چىڭ يۇغۇرۇلۇپ ئازراق تىندۇرۇلغاندىن كېيىن، كىچىك ياغاچقا توختاپ ئۇزۇنراق قىلىپ يۆگىلىدۇ ۋە ئارىسى ئېچىلىپ، ئالدىن تەييارلانغان قىيما (موندەك قىيمىسى ئاساسەن پاقلان گۆشى بىلەن پىيازدىن تەييارلىنىدۇ. پىياز زىيان قىلىدىغان كىشىلەر ئاق يېسىۋېلەككە ئوخشاش يېيىشلىك باشقا كۆكتاتلارنى قوشىدۇ) سېلىنىپ قازانغا تاشلىنىدۇ. موندەكنىڭ شەكلى بىر خىل، خېمىرنىڭ نېپىز - قېلىنلىقى تەكشى، قىيمىسى تەملىك بولسا ئوخشىغان ھېسابلىنىدۇ ھەم تاماق ئەتكۈچىنىڭ ماھارىتى ئالاھىدە تەرىپلىنىدۇ.

## يارما

يارما يېڭى پىشقان ئالتە ئايلىق قوناق (ئات چىشى قوناق) نى بەك يۇمشاق ئېزىۋەتمەي يىرىك تارتىپ، سۈت مېغىزى (شىرىسى) نى پۈتۈن ھالەتتە پىشۇرۇپ يەيدىغان قوناق تامىقى. مەكتىتە بۇ تاماق كۆپرەك ئېتىلگەچكە خەلق ئارىسىدا، مەكىتلىكلەرنىڭ «يارمچى» دەيدىغان ئاتىقى بار.

## تۇرمەل

تۇرمەل — ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان تاماقلاردىن بىرى. بۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تاماق. بۇنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( I توم 622 - بەت) دا «تۇرمەك» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئىزاھ بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن. بۇ تاماق مۇنداق ياسىلىدۇ: پېتىر خېمىر نوغۇچ بىلەن چوڭ يېيىلىدۇ (ئۇگرە سۇيۇقئاشنىڭ خېمىرىدەك) كۆكتات بىلەن قىلىنغان (مەيلى گۆشلۈك، مەيلى گۆشسىز) قىيما يېيىلغان خېمىرغا تەكشى يېيىتىلىدۇ، ئاندىن خېمىر تۇرۇلۇپ، ئۇزۇپ پومزەك قىلىنىدۇ ۋە قاسقان ياكى جىمبىلغا سېلىپ ھوردا پىشۇرۇلىدۇ. بۇ تاماق بىر قات خېمىر، بىر قات قىيما بولۇپ پىشىدۇ. بۇ تاماق ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ.

### كۆجە

كۆجە ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرىدىغان مەززىلىك تائاملاردىن بىرى. ئۇنىڭغا كۆكباش ئاساسلىق خۇرۇچ قىلىنغاچقا، ئۇنى كۆزدىلا ئىتىپ ئىچىشكە بولىدۇ. كۆجىنىڭ قايسى دەۋرلەردە پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئېنىق تارىخىي مەلۇمات بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنى ئەجدادلىرىمىز كۆممىقوناق تېرىشقا باشلىغاندا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دېيىشكە، ئانچە ئاساسسىز بولمايدۇ.

كۆجە ئىنتايىن سىڭىشلىك تاماق بولۇپ، ھەرقانداق ئادەمگە ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن سۈت تەمى تېتىپ تۇرىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن ئادەمنىڭ مەيدىسى يەڭگىل ھېس قىلىدۇ.

كۆجە مۇنداق ئېتىلىدۇ: ئاۋۋال يېتەرلىك مىقداردا پاكىز سويۇلغان كۆكباش (سۇيى قاچمىغان قوناق) تەييارلاپ، دىنىنى كاساڭغا مەدىكى قالغۇچە قىرىپ چۈشۈرۈپ، يۇمشاق سوقىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن سوقمىغا ئازراق سۇ سېپىپ، تىرىپى بىلەن سۈتىنى ئايرىيمىز. كېيىن گۆش، چامغۇر سېلىپ قايىنتىلغان شورپىغا ئايرىلغان دانىنى سېلىپ بىردەم قايىنتىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن قايناۋاتقان قازانغا قوناق سۈتىنى ئاز - ئازدىن قۇيۇپ، مالتىلاپ پىشۇرىمىز. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەگەر كۆكباش سۈتى بىراقلا كۆپ قۇيۇۋېتىلسە ياكى ياخشى مالتىلاپ بېرىلمىسە، سۈت بىلەن دان ئايرىلاشماي كۆجە بۇزۇلىدۇ. كۆجە پىشاي دېگەندە، ئازراق يۇمغاقسۈت سېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

كۆجىنى يۇقىرىقىدەك ئەتكەندىن باشقا، قورۇپ ئېتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنداق كۆجىنىڭ قورۇمىسى ئادەتتىكى قورۇمىلارغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئاساسلىق خۇرۇجىنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ئېتىلىشىلا يۇقىرىقى كۆجە بىلەن ئوخشىشىدۇ.

كۆجىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دولان دەرياسى بويلىرىدىكى كىشىلەر ناھايىتى ئوخشىتىپ ئېتەلەيدۇ.

### ساڭزا

ساڭزا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ،

كۆپرەك ھېيت ـ بايراملاردا داستىخانغا گېزەك ئورنىدا تىزىش ئۈچۈن پىشۇرۇلىدۇ. ھازىر تويى ـ تۆكۈنلەردىمۇ ساڭزا پىشۇرۇش ئادەتكە ئايلانماقتا. ساڭزىنىڭ كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇپ ھەم چۇرۇك، ھەم مەززىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ساڭزىنىڭ خۇرۇجى ئادەتتە ئاق ئۇن، ئالىي دەرىجىلىك سۇ يېغى ياكى ئەبجەش ياغ، پىياز، كاۋاۋىچىن ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇزدىن ئىبارەت.

ساڭزا سېلىش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن پىيازنى يالپاقلاپ توغراپ، كاۋاۋىچىن بىلەن قوشۇپ قايىنتىپ، قويۇق چاي رەڭگىگە كىرگەندە پىياز بىلەن كاۋاۋىچىننى سۈزۈۋېتىپ (ئەڭ ياخشىسى داكىدا ياكى نېپىز ئەلگەكتە سۈزۈش كېرەك)، سۇيىنى سوۋۇتىمىز، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ يېغىنى داغلاپ ئۇنىمۇ سوۋۇتىمىز (ئادەتتە 5 جىڭ ئۇندا تەييارلىنىدىغان ساڭزا ئۈچۈن 5 سەر ئەتراپىدا ياغ داغلاش كېرەك). سوۋۇتۇلغان كاۋاۋىچىن سۇيىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇز، داغلاپ سوۋۇتۇلغان ياغنى قۇيۇپ، ئۇن سېلىپ قاتتىقراق قىلىپ خېمىر يۇغۇرىمىز. خېمىرنى بارلىق كۈچ بىلەن ياخشى چەيلەپ پىشۇرۇپ 15 مىنۇت تىندۇرغاندىن كېيىن، 1 سەر چوڭلۇقتا زۇۋۇلا ئۈزۈپ، ئۇنى يەنە تاۋلاپ، ئازراق ياغلاپ قۇرۇق داسقا ياكى لېگەنگە ئۈستـ ـ ئۈستىلەپ تىزىپ، ئۈستىنى تەكشى ياغلاپ 20 مىنۇت ئەتراپىدا تىندۇرىمىز (تىندۇرۇش ۋاقتى ھاۋا كىلىماتى، تۇزنىڭ مىقدارى ۋە خېمىرنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىق دەرىجىسىگە باغلىق). زۇۋۇلا تىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ بارماق قول بىلەن تۆشۈك ئېچىپ، خېمىرنى ئىككى قولنىڭ ئالىقىنى بىلەن ئېشىپ ھالقىسىمان پىلتە ياساپ، ئۇنى يەنە ئېشىپ ئىنچىكە چوكىنىڭ تومىلۇقىدەك بولغاندا، ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر قىلىپ كالولاپ ئىككى تال ئىنچىكە تاياقچىغا ئىلىپ قازاندىكى قىزىتىلغان ياغقا سېلىپ، ساڭزا پىشۇرۇش چوكىسى بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈپ تەكشى سارغايتىپ پىشۇرىمىز. پىياز ۋە كاۋاۋىچىن قوشۇپ قايناتقان سۇ ساڭزىنى چېچەكلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ساڭزا قازاندىكى مايدا چېچەكلەپ سەل سارغايغاندىلا چوكا بىلەن سۈزۈۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئىسسىق ۋاقتىدىلا

لېگەنگە ھەر قېتىم پىشقان بىر زۇۋۇللۇق ساگىزنى بىر - بىرىگە يېرىم چىشلىتىپ، خۇددى يۇملاق سەللىگە ئوخشاش ئۇستمۇئۇست ئوراپ، پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۇل غۇنچىگە ئوخشاش تىزىلىدۇ.

ساگىزا سېلىشتا ئوت كۈچىگە دىققەت قىلىش زۆرۈر. ناۋادا قازاندىكى ياغنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ قالسا، ساگىزا چېچەكلىمەي، لەگمەندەك سىدام بولۇپ قالىدۇ. ياغ ھەددىدىن تاشقىرى قىزىپ كەتسە، ساگىزنىڭ ئىچى خام، تېشى كۆيۈك چىقىدۇ. شۇڭا، ياغنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى بىلىش ئۈچۈن سىناق تەرىقىسىدە ساگىزا خېمىردىن بىر - ئىككى پوشكال سېلىپ كۆرۈش كېرەك. ئەگەر پوشكال چېچەكلەپ تەكشى پىشسا، ئاندىن ساگىزا پىشۇرۇشنى باشلاش كېرەك.

ساگىزا سېلىش خېمىر تەييارلاشتىن تارتىپ تاكى ئۇنى پىشۇرۇپ لېگەنگە تىزىپ چىققۇچە بولغان پۈتكۈل جەريان يۇقىرى ماھارەت ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ئەمگەك جەريانىدۇر. شۇڭا، ساگىزا سېلىشتا ئىككى كىشى ھازىر بولۇشى شەرت، بىرى زۇۋۇلىنى ئېشىپ تەييارلىسا، بىرى قازان بېشىدا تۇرۇپ پىشۇرۇشقا ۋە تىزىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

### تالقان

تالقان قەدىمكى يېمەكلىك تۈرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، مەھمۇد كاشغەريي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (II توم 271 - بەت) دا «قاتتۇردى» دېگەن سۆزنى «ئۇ تالقانغا ياغ قاتتۇردى» دېگەن جۈملە بىلەن چۈشەندۈرگەن. بۇ مىسال بۇ يېمەكلىكنىڭ ناھايىتى قەدىمكى يېمەكلىكلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تالقان ئۇزۇن زامانلارغىچە بۇزۇلۇپ قالمىغاچقا، قەدىمكى زامان جەڭ يۈرۈشلىرىدە، شۇنداقلا ئۇزۇن سەپەرگە چىققان كارۋانلار تالقان تەييارلاپ ئېلىپ ماڭاتتى. ئۇنى قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ ئىچىشكە بولىدۇ. بۇ قورساقنى ئاچۇرمايدۇ. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: قازانغا قوي يېغى سېلىپ قىزىتقاندىن كېيىن ئۇنى سېلىپ سۇس ئوتتا ئۇزاق قورۇلىدۇ. ئۇن سارغايغاندىن

كېيىن شىكەر سىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ يەنە قورۇلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا كۈنجۈت ياكى ئۇششاق توغرالغان ياڭاق مېغىزى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن بۇ تالقاننى خالتىغا قاچىلىۋېلىپ، خالىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىدۇ. تالقان، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق رايونلىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، قوناق، تېرىق، يالىڭاچ ئارپىلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، قۇرۇق قازاندا قوغۇن ئۇرۇقى، كۈنجۈت قاتارلىقلار بىلەن قورۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن تۈگمەندە ئۇن قىلىش ئارقىلىق تالقان تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ.

## جىگدە

جىگدە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، جىگدە شەربەتلىك زاڭ، ئۇماچلار كۆپىنچە ھاللاردا جىگدىسىز ئىچىلمەيدۇ، جىگدە شەربىتى سۈركەلگەن نان ئىنتايىن مەززىلىك، يېيىشلىك بولىدۇ، تالقانمۇ ئۇنىڭسىز يېيىلمەيدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرى جىگدىنى نان جىگدە (يېمىش جىگدە)، قاپاق جىگدە ۋە قاغا جىگدە دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىيدۇ. نان جىگدە پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. قاغا جىگدە تەبىئىي جىگدىزارلىقتىن ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياغ جىگدە، ياغ كۆتەن جىگدە، قارا كۆز جىگدە، ئاق جىگدە دېگەن سورتلىرى بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى ياغ جىگدە. ئۇ پىشقاندا ھەممە يېرى خۇددى ياغقا چىلاپ قويغاندەك خورما رەڭ ھالەتكە كېلىدۇ، ئۇنىڭ تەمى خورمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

## مۇرابىا

«مېۋە - چېۋە ماكانى» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ تۈرلۈك ياۋا مېۋىلەرگىمۇ ناھايىتى باي. ئۇيغۇر خەلقى بۇ مېۋىلەردىن كۆپ تەرەپلىمىلىك پايدىلىنىشنى ياخشى بىلىدۇ. بۇنىڭ بىر ئۇسۇلى مېۋىنى شېكەر قىيامىدا قاينىتىپ «مۇرابىا» قىلىپ يېيىش.

مۇرابىانىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى تەڭشەشتە رولى ناھايىتى زور.

ھەرقايسى ئائىلىدە ئۆزلىرى يېيىش ئۈچۈن مۇراببا تەييارلاشتىن تاشقىرى، يەنە مېھمان ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە تەييارلايدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە داستىخاندا باشقا گېزەكلەر قاتارىدا يەنە مۇراببامۇ بولىدۇ.

مۇرابىبا مۇنداق ياسىلىدۇ: پاكىز سىرلىق قاچىغا سۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭغا مەلۇم نىسبەتتە شېكەر سېلىنىدۇ، ئاندىن قاينىتىلىدۇ. شېكەر قايناپ قىيام بولغاندا (سوزۇلغۇدەك ھالغا كەلگەندە) قايسى خىلدىكى مېۋىدىن مۇراببا ياسىماقچى بولسا، شۇنى قىيامغا سېلىپ بوش ئوتتا بىرئاز قايناتقاندىن كېيىن ئوتتىن ئېلىنىدۇ.

مۇراببا قاينىتىلغان قاچا ياغ يۇقى بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر قاچا ياغ يۇقى بولسا مۇراببا پاختىلىشىپ قالىدۇ. ئۇزۇن ساقلىغىلى بولمايدۇ. مۇراببا ئۈچۈن ئەنجۈر، ئالما، تاش ئالما، گىلاس، بېھى، قارىئۆرۈك، گۇلە، بۆلجۈرگەن، قاراقات، سەۋزە...... قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇلاردىن ئالما، بېھى قاتارلىقلار تىرناق چوڭلۇقىدا توغراپ سېلىنىدۇ...... سەۋزىدىن مۇراببا ياسالغاندا سەۋزە قەلەمچە قىلىپ توغرىلىدۇ، قالغانلىرى قىيامغا پۈتۈن سېلىنىدۇ.

مۇراببا، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك ھەر خىل مېۋە - چېۋىلەردىن تەبىئىيتى ئوخشايدىغان مۇراببىلارنى تەييارلاپ، مىجەزىنى مۇراببا ئارقىلىق تەڭشەپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. بەزى ئائىلىلەر ھەتتا ھەر خىل مېۋىلەرنى ئېزىپ مەلھەم بولغۇچە سۇس ئوتتا قاينىتىپ، ئۇنى قۇرۇتۇپ ناۋاتقا ئوخشاش قاتۇرۇۋالىدۇ. بۇنداق مېۋە قاتمىسىنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغىلى بولىدۇ.

مۇراببانىڭ شىپالىق رولى چوڭ بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي تېبابەتچىلىكىدە دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

### دوغاپ ۋە جۇلاپ

ئۇيغۇرلار ياز ۋە تومۇز كۈنلىرى (بەزىلەر قىش، ياز) سوغۇق ئىچىملىك ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ خىل ئىچىملىكلەرنىڭ تۈرى كۆپ، تەييارلىنىشى خىلمۇخىل بولىدۇ.

خەلقىمىز ئىچىدە، ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ ئادەت تەرەققىي قىلىپ كەسىپكە ئايلانغان. جۇملىدىن ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە شەھەر - يېزا بازارلىرى، ھەرقايسى دوقمۇشلاردا دوغاپ، جۇلاپ ۋە چۆلە قاتارلىق سوغۇق ئىچىملىك ساتقۇچىلارنى كۆرىمىز.

سوغۇق ئىچىملىك تەييارلاش ئۇسۇلى:

جايلاردا مۇزچىلار ۋە مۇزخانىلار بولىدۇ. مۇزچىلار ھەر يىلى 1 - ئايدا دەريا - كۆللەرنىڭ قېلىن مۇزلىغان پاكىز مۇزلىرىنى تۆت چاسا قىلىپ چاناپ ئېلىپ گەمە، مۇزخانىلاردا ساقلايدۇ.

ھەر يىلى 4 - ، 5 - ئايلاردىن باشلاپ شەھەر، يېزا كوچا دوقمۇشلىرىدا سايىۋەن تارتىلىپ، شىرە - ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ ئەتراپى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىلىدۇ. دوغاپ، جۇلاپ، ماروژنى ساتقۇچىلار مۇز، قېتىق، سۈت، سۈزمە، قىيام، شېكەر سېتىۋالىدۇ ۋە شىرە ئۈستىگە 10 — 20 لېگەن - شېشىلەردە قىيامنى تىزىپ، بىر يانغا قېتىق، ئوتتۇرىغا مۇز، يەنە بىر يانغا سۇ تۇڭىنى توختىتىپ تىجارەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇز چوققۇش، مۇزغا قېتىق، سۈزمىلەرنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇشى ئۆزگىچە بولۇپ، قېتىق بىلەن مۇز تاۋاقتىن 10 — 15 سانتىمېتىر ئۆرلەپ كۆپۈك چىقىدۇ، ئاندىن ئازراق سوغۇق سۇ قۇيىدۇ. خالىغۇچىلارغا قىيام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىل دوغاپ ئۆزگىچە تەمگە ئىگە بولۇپ، ئىچىشلىك بولىدۇ. جۇلاپنى چوققۇلغان مۇز ئۈستىگە قىيام قۇيۇپ ئازراق سۇ قۇيۇپ تەڭشەپ بېرىدۇ. دوغاپنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، «ساراڭ دوغ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قېتىق (سۈزمە) قا 1 — 2 قوشۇق قىيام قۇيۇپ، مۇز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭ تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ.

**چۆلە:** چۆلە ساتقۇچىلار ھەر يىلى كۈزدە خۇۋەينە ئۆرۈكنى (بۇ خىل ئۆرۈك يوغان، گۆشلۈك ۋە تاتلىق، شىرنىلىك بولىدۇ) تاللىۋالىدۇ. ئەتىياز كىرىش بىلەن گۈلىنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ تازىلاپ، قايناق سۇغا چىلاپ 2 — 3 سائەت قويۇپ قويىدۇ، بۇنىڭدا گۆلە ئېسىلىپ توقچاق شەيتۇلدەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا شاپتۇل قېقى، چىلاندىن ئازراق سېلىۋەتسە تەمى تېخىمۇ ياخشى بولۇش بىلەن تەبىئىيتى مۆتىدىللىشىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە ئۇسسۇغاندا چۆلدىن بىرقانچە تال گۈلە بىلەن بىر تاۋاق سۈيىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ئادەت بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كەلگەن. يەنە ئۇيغۇرلار سۈتنى شېكەر بىلەن قاينىتىپ مۇز سۈيىگە چىلاپ قويۇپ سوۋۇتۇپ ئىچىدۇ. بەزىلەر مۇز سۈيىنى ئىچىدۇ. بازار كوچىلىرىدە چېلەككە مۇز سۈيى ئېلىپ قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، كوچىلاردا كەملەپ ساتىدىغانلارمۇ بار.

ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرى مارۇژنىنى ھەر خىل ئېتىدۇ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئۇستىلار ياسىغان مارۇژنى ياساش سايمىنى بار. مىستىن ياسالغان تۈك ئىچىگە شېكەر بىلەن پىشۇرۇلغان سۈتنى قۇيىدۇ. تۈگىنىڭ سىرتقى تەرىپىگە تۇز ئارىلاشتۇرۇلغان مۇز قاچىلاپ، تۈگىنىڭ ئايلاندۇرغۇچ رولىنى ئوك قول بىلەن ئايلاندۇرىدۇ. سول قولدىكى پالاق سۈت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، تۈك ئايلىنىپ سىرتتىكى مۇزنىڭ سوغۇق تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ قىرووۋ باغلايدۇ. ئۇلار يەنە مارۇژنىغا قايماق، تۇخۇم ئېقى، مەخسۇس ياغ، سېرىق ماي قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسايدۇ.

**تاماق سايمانلىرى**

ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق سايمانلىرى دېگەندە، تاماق تەييارلاش سايمىنى ۋە تاماق يېيىش سايمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل سايمانلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، تونۇر، زىخ، ئوچاق، كۆسەي، لاخشىگىر، سۇپرا، ئاشتاختا، پوزا، نوغۇچ، تۆكچە، رېپىدە، گەزنە، داس (تەگنە)، قازان، داڭقان، تاۋا، ياغلوغا (سەي قورۇيدىغان سايپىلىق)، مانتا قازىنى، چۆمۈچ، كەپكۈر، چويلا، قوشۇق، قوشۇقلۇق، پىلتە لېگىنى، قورۇما كورىسى، چۆگۈن، چېلەك، كۈپ، ياغ قاپىقى، تۇز قاچىسى، پىچاق، قىڭراق، كەكە، پالتا، ئەلگەك، بەل، پېچىنە - پىرەنىك قېلىپى، دۇخوپكا، پەشتاما قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق تاماق سايمانلىرى ھېسابلىنىدۇ. چوكا، قوشۇق، پىيالە، چىنە - قاچا، ھەر خىل تەخسە، لېگەن، تاماق ئۇستىلى (پەشخۇن)، داستىخان قاتارلىقلار تاماق يېيىش سايمىنىغا كىرىدۇ. ئەمما بۇ سايمانلارنىڭ

ھەممىسى تاماق ئېتىش، يېپىشلەردە بىرگە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خىل تاماق سايمانلىرى ئاساسەن يەرلىك ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا قوشۇق ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تاماق يېيىش سايمىنى بولۇپ، ئۇ ئۇجمە، ئامۇت، ئۆرۈك، چىلان ياغاچلىرىدىن ئويۇپ، نەقىش چىقىرىپ ياسىلىدۇ. يېزىلاردا، چوكا ئىشلىتىش ئانچە كۆپ ئومۇملاشمىغان، بەزى كىشىلەر (كۆپرەك ياشانغان ئاياللار) چوكا بىلەن يېيىلىدىغان لەڭمەن قاتارلىق تاماقلارنى قولى بىلەن يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

## يەتتىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشقا ئائىت قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

**بۆشۈك**

ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان، بوۋاقلار ئۈچۈن مەخسۇس لايىھەلەپ ياسالغان ئالاھىدە بىر «كارىۋات» بولۇپ، ئۇ «بۆشۈك» دەپ ئاتىلىدۇ. بۆشۈك قەدىمدىن باشلاپ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈرك قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بۆشۈكى قۇرۇلما جەھەتتىكى پۇختىلىقى، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى، ئومۇملىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزگىچە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئادەتتە بۆشۈكنىڭ ئېگىزلىكى 60 نەچچە سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1 مېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ. بۆشۈك قۇرۇلمىسىغا ھەتتا بىر تال تۆمۈر مىخمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. بۆشۈكنىڭ لايىھەلىنىشى جەھەتتىن ئۇ ئىشلىتىش ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تولىمۇ مۇۋاپىق بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىتىلگەچكە، ئۇنى يەنە بىر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۆشۈككە بىر خىل مۇقەددەس ئىرىملىك نەرسە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، بوۋاقنى 40 كۈن ئىچىدە بۆشۈككە سالىدۇ ۋە «بۆشۈك توي مۇراسىمى» ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مۇراسىم بالا تۇغۇلۇپ قىرىقى

توشقاندا، قىرىقنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا بالىنى بۆشۈككە سېلىش بىر خىل ئىرىملىك ئادەت تۇسىنى ئالغاچقا، بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا بۆشۈك ۋە ئۇنىڭ بىر يۈرۈش يېڭى جابدۇقلىرى تەييارلىنىدۇ. بوۋاقنى تۇنجى بۆشۈككە سېلىشتا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پېشقەدەم «بۆشۈكئانىسى» بالىغا تەييارلىغان بۆشۈكنى قىبلە تەرەپكە قويۇپ، دۇئا - تەكبىر قىلغاندىن كېيىن، بۆشۈكنى رەت تەرتىپى بويىچە راسلاشقا باشلايدۇ. ئالدى بىلەن بۆشۈكنىڭ ئاستىدىكى ئويۇقچىغا جاك (كۆلتۈك) نى ئورنىتىدۇ. جاكنىڭ تۆشۈككە تۇتاشقان يۇزىگە جاك تۇمىقىنى كىيدۈرىدۇ، ئاندىن بۆشۈكنىڭ چوڭلۇقىدا «ئودا» (جاكقا ئۇدۇل قىلىپ تۆشۈك قويۇپ تىكىلگەن كۆرپە سېلىنىدۇ، ئادەتتە بۇ بىر جۇپ بولۇپ سامان ياكى توزغاقتا تىكىلگىنى ئاستىغا، پاختا سېلىپ تىكىلگىنى ئۈستىگە قويۇلۇپ كىرلىك سېلىنىدۇ) قويۇلىدۇ. ئودىنىڭ ئۈستىگە يۇمشاق پاختىلىق يۆگەك (باش ۋە ئاياغ تەرەپكە ئايرىم، بۇ ئادەتتە ئىككى پارچە بولۇپ، قىشتا قېلىنراقى، يازدا نېپىزرەكى ئىشلىتىلىدۇ) سېلىنىدۇ. تۆت دانە تىز ياستۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ باش تەرىپىگە بوۋاققا ماس كېلىدىغان كىچىك ياستۇق قويۇلىدۇ. بۆشۈك تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، «بۆشۈكئانىسى» بوۋاقنى يالىڭاچلاپ، بەدەنلىرىنى يۇمشاق سىلاپ ئىرىم قىلىدۇ ۋە ئاۋايلاپ بۆشۈككە سالىدۇ. ئالدى بىلەن جاكقا توغرىلاپ شۈمەك (ياغاچ ياكى سۆڭەكتىن ياسالغان) سالغاندىن كېيىن، ئىككى پۇتىنى تۈزلەپ يۆگەك بىلەن يۆگەيدۇ ۋە پۇت تارتقۇ (بىر سويام كەڭلىكتە ئەستەرلىك قىلىپ تىكىلگەن رەخت كاشا) بىلەن بۆشۈكنىڭ ئاستىدىن ئايلاندۇرۇپ چىگىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاقنىڭ كۆكرەك ۋە قورساق تەرىپىنىمۇ يۆگەك بىلەن چۈمكەيدۇ. بوۋاقنىڭ ئىككى قولى بىقىنىغا تەكشى رۇسلىنىپ، ئىككى جەينەكگىچە جەينەكلىك قويۇپ «قولتارتقۇ» (پۇت تارتقۇغا ئوخشىشىدۇ) بىلەن تاڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنى بۆشۈككە بۆلەش ئاخىرلىشىدۇ. بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە بوۋاققا دائىم ھەمراھ بولسۇن دەپ، بۆرە ئوشۇقى ياكى بىر پارچە نان قويۇپ قويىدۇ. قاپارتما نەقىشلىك قىلىپ ياسالغان بۆشۈكنىڭ ئۈستىدىكى گورىزونتال ياغاچ

(بۆشۈك تۈرمىلى) قا بالىنى يامان كۆزدىن ساقلاش ئۈچۈن ئىرىملىك تۇمار ياكى كۆز مونچاق ئېسىلىدۇ، بۆشۈكنىڭ ئۈستىگە رەڭلىك ئېسىل رەختلەردىن ياسالغان «بۆشۈك ياپقۇ» يېپىلىدۇ. بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە ئوغۇل بالا بولسا تىغ (پىچاق)، ئەگەر قىز بالا بولسا ئەينەك قىستۇرۇپ قويۇلىدۇ. بۇ، بالىنى «قارا بېسىپ قالماسلىق» نىڭ ئىرىمىدۇر. تۇنجى قېتىم بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ بولغاندىن كېيىن، «بۆشۈكئانىسى» ئادراسمان ياكى ئالما قېقى (بىر چىمدىم يىرىك تۇز قوشۇلىدۇ) بىلەن ئىسرىق سېلىپ، بۆشۈكنىڭ ئۈستىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىغا چاپلىشىۋالغان «يامان روھ» لارنى قوغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۆشۈككە سېلىش مۇراسىمى ئاياغلىشىدۇ.

بۆشۈكنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئۇنىڭغا بالىنى بۆلەش مۇئەييەن ئىلمىي قائىدىگە ئاساسلانغاچقا، ئۇ مەلۇم ئەۋزەللىككە ئىگە:

بىرىنچىدىن، بالىنىڭ ياتقان ئورنى پاكىز بولىدۇ. چۈنكى، بالىنى ھەر قېتىم بۆشۈككە سېلىشتىن بۇرۇن بۆشۈك كۆرپىلىرى ئاپتاپقا سېلىنىدۇ ياكى ھاۋالاندۇرۇلىدۇ. بالىنىڭ ئاستى ھۆل بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال سادىر بولمايدۇ. بالىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرىتى خۇددى يەر ئاستى پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسىدەك تەبىئىي ھالدا جاككا قۇيۇلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بالا ئېچىلىپ قېلىپ، سوغۇق تېگىپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كېچىلىرى ئانىنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىشىغا ۋە دەم ئېلىشىغا پايدىلىق پۇرسەت يارىتىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە پايدىلىق. چۈنكى، ئادەمنىڭ بوۋاق مەزگىلى خۇددى يۇمران نوتىغا ئوخشايدۇ، بۆشۈككە بۆلەشتە بالىلارنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، قول، پۇت ۋە بەدىنى رۇسلىنىپ قائىدىلىك تېڭىلغاچقا، بەدەن قۇرۇلمىسى ئۆلچەملىك ئۆسىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، بۆشۈك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەنئەنىۋى بۇيۇم بولۇپ، مەيلى يېزا ياكى شەھەرلەردە بولسۇن، بۆشۈك تەۋرەتمىگەن ئانىلارنى تېپىش تەس. ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان «ئەللەي ناخشىسى» (بۆشۈك

ناخشىسى) ئەمەلىيەتتە خەلقىمىزنىڭ بۆشۈككە بولغان قەسىدىسىدۇر.

## كۆلالچىلىق

كۆلالچىلىق ــ يېڭى تاش قۇراللار دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ۋارۋارلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىمۇ ساپالچىلىق سەنئىتىنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن باشلىنىدۇ، يەنى كۆلالچىلىق سەنئىتى توقۇلما ياكى ياغاچ قاچىلارنىڭ ئوتقا چىداملىق بولۇشى ئۈچۈن لاي بىلەن سۇۋاشتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. كۆلالچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئاساسەن دېھقانچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك. دېھقانچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلار ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم ئىستېمال بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە مۇھىم ئولتۇراقلىشىش تەلىپىنى قويدى. نەتىجىدە ئاشلىق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال ئوبيېكتىغا ئايلاندى. بىراق، دانلىق زىرائەتلەرنى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى (ئوۋ غەنىيمەتلىرى) گە ئوخشاش بىۋاسىتە ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يېيىشكە بولمايدۇ. چوقۇم قازان ياكى قاچىغا ئوخشاش بۇيۇملار ئارقىلىق پىشۇرۇپ يېيىشى كېرەك. مانا بۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبى بولۇپ قالدى. كۆلالچىلىق سەنئىتى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن بۇ خىل قول ھۈنەۋەنچىلىك تېخنىكىسى تېز سۈرئەتتە ئەينى دەۋر ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، بىر مەزگىللىك تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بىرونزا ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قۇراللار دەۋرىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. مۇشۇ دەۋردە ياسالغان خىلمۇخىل شەكىلدىكى رەڭدار ساپال قاچىلار كۆلالچىلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرى ھېسابلىنىدۇ[1].

كۆلالچىلىق ــ ئۇيغۇرلاردا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇزۇلمەي داۋام

[1] ئەسقەر ئابباس: «شىنجاڭدىن تېپىلغان جوغلىق ساپال قاچىلار ھەققىدە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى» 2004- يىللىق 3- سان، 39- بەت.

قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىدا مۇنداق تۆت ئالاھىدىلىك بار:

1) ئۇسلۇبى قەدىمىي ۋە ئاددىي - ساددا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ئۇستىلار ياسىغان ساپال بۇيۇملارغا سىزىلغان رەسىملەردە قەدىمكى خەلق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭغا نەقىش قىلىنغان ئوت - چۆپلەر ۋە گۈللەر نەپىس ۋە روشەن كۆرۈنۈشى بىلەن دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. يەنە بەزى ئېدىشلارنىڭ 20 سانتىمېتىر يېرىگە توپا رەڭ بېرىلسە، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھەر خىل رەڭدىكى بىرقانچە سىزىق سىزىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن قەدىمىي تۈس چىقىپ تۇرىدۇ.

2) ئۇيغۇر رەڭلىك ساپال بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل بولىدۇ. مەسىلەن، جىگەر رەڭ، سېرىق رەڭ، توپا رەڭ، يېشىل رەڭ ۋە توق يېشىل رەڭلەردىن ئىبارەت. بۇ خىل رەڭلەر پەقەتلا قوغۇشۇن، مىس، قىزىل توپا، ئاق تاش ۋە قارا تۆمۈر ئۇۋۇندىسى قاتارلىق مىنېرال ماددىلاردىن يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئىشلىنىدۇ. كۇلالچىلار مىستىن سۇس يېشىل، توق يېشىل رەڭ ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ رەڭ ئىشلەش چېۋەرلىكى شۇ يەردىكى ئارىلاشتۇرۇلغان ماتېرىياللارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇستىلار رەڭ بېرىپ بولغان سايمانلارنى خۇمدانغا سېلىپ 3 — 4 سائەت تۇرغۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇيۇملارنىڭ جۇلاسى كىشىنى جەلپ قىلىدۇ.

3) ئۇيغۇر كۇلالچىلار بارلىق ساپال بۇيۇملارنى قول بىلەن ئىشلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ شەكلى سىلىق، سىپتا، ياسىلىشى چىرايلىق، چوڭ - كىچىكلىك ئۆلچىمى ئوخشاش، دىيامېتىرى پەرقسىز بولىدۇ.

4) ئۇيغۇر ساپال بۇيۇملىرى ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن ھۈنەر - سەنئەتتە كەم ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىنىڭ خۇرۇجى لايدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر خىل نەپىس بۇيۇملار لايدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئاپتۇۋا - چىلاپچا قاتارلىقلار بىرقانچىگە بۆلۈنۈپ ياسىلىدۇ. ئاپتۇۋىنىڭ چەپچىكى، قورساق، بويۇن، بوغۇز، ئېغىز، قاپقاق دېگەندەكلەر بىر - بىرلەپ

ئىشلىنىپ، ئاندىن بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلىدۇ.

كۇلالچىلار لايدىن رەڭلىك تەخسە، چىنە، تاۋاق، پىيالە، كوزا، ئاپقۇر، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، ئۇرىق، ھەر خىل قورچاق، تەشتەك قاتارلىق كۆپ خىل بۇيۇملارنى ياسايدۇ. ياسالغان ھەرقانداق بۇيۇم روشەن مىللىي تۈس ئالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە روناق تېپىۋاتقان ئۇيغۇر كۇلالچىلىق بۇيۇملىرى دېڭىز - ئوكيانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ.

## جۇۋازچىلىق

جۇۋاز پۈتۈنلەي ياغاچتىن پايدىلىنىپ ياسىلىدىغان مېخانىك قۇرۇلما. ئۇ خۇددى سۇ تۈگمىنىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى كەڭ ئومۇملاشقان، مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ماددىي مەدەنىيەت بايلىقى.

جۇۋازچىلىق كەسپى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا نىسبەتەن كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان مۇھىم ئەنئەنىۋى مىللىي ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا ھايۋانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان جۇۋازدىن ئىبارەت ئاددىي مېخانىك قۇرۇلمىدىن پايدىلىنىپ، ياغلىق زىرائەتلەردىن ياغ تارتىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن، كېسەل داۋالاشتا، چىراغ يورۇتۇشتا ئىشلەتكەن. جۇۋازچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھازىرمۇ ئاندا - ساندا ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ جۇۋازچىلىقى ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شەكلى ئاددىي، تەننەرخى ئەرزان، يېغى پاكىز، سۈپەتلىك.

جۇۋازچىلىق سايمانلىرى: ئاددىيغىنا بىر ئېغىز ئۆي، گۇندا، باچكا، قايچا، ئوق، لەنگەر، بوك، چۆلۈك، پوتلا، بويۇنتۇرۇق، ياغ ئېلىش قاچىسى، تېڭىق ئۈچۈن ئارقان، ياغاچ كۆتكىگە ئېلىپ قويىدىغان تاش، ياغ ساقلاش ئۈچۈن تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان تېرە (تۇلۇم)، چاۋا (مايلىق كۈنجۈرە يوك قېتىلمىسىدىن ياسالغان كوزا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، جۇۋازنىڭ ئاساسىي سايمانلىرى ياغاچتىن

ياسىلىدۇ.

جۇۋازنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى: 1 مېتىردىن ئېگىز قۇچاق يەتمەيدىغان كۆتەك ئۆي ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلىدۇ. كۆتەكنىڭ ئۈستى كەڭ، ئاستى تار قىلىنىپ ئويۇق ئويۇلۇپ، ئاستىغا ئامۇت ياكى ئالما ياغىچىدىن ئاغزى كىچىك، قورسىقى يوغان (گارشوك شەكلىدە) ئويۇلغان باچكا قويۇلىدۇ. كۆتەكنىڭ ئاستىنقى بىر تەرىپى ئويۇلغان بولۇپ، بۇ ياغ چۈشۈرۈش ئورنى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆتەك گۈندا دەپ ئاتىلىدۇ. ئاچا شەكلىدە ئۆسكەن قاتتىق ياغاچتىن قايچا ياساپ گۈندىغا بۇ ئاچىنى كىرىشتۈرۈپ قويىدۇ. ئاچىنىڭ كۆتىكى تەرەپنى ياپىلاق قىلىپ ئوتتۇرىسىغا بىر ئويۇق ئويۇپ، ئويۇققا قىلچاڭ دەپ ئاتايدىغان ياغاچنى تىك بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا ئېچىلغان تۆشۈككە چۈلۈك ياغاچ ئويمىنى يىپ ئارقان بىلەن تېڭىپ تۇرغۇزىدۇ، ئاندىن ئوق ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى گۈندىدىكى باچكىغا، يۇقىرىقى ئۇچىنى پوتلا ياغاچقا تېڭىپ قويۇلغان ياغاچ ئويما بۆلەك ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تىك تۇرغان ئوق ياغاچ قايچا (ئاچا) ياغاچنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. گۈندىنى ئارىغا ئېلىپ تۇرغان قايچا ئاچىسىنىڭ تاشقى تەرىپىگە بويۇنتۇرۇق بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئات ياكى كالا قوشۇلىدۇ (جۇۋازغا كۆپرەك كالا قوشۇلىدۇ).

ياغ چىقىرىش ئۇسۇلى: ياغ چۈشىدىغان باچكا ئىچىگە ياغلىق دان چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ھەيدەشتىن بۇرۇن قايچا ياغاچنىڭ كۆتەك تەرىپىگە تاش ئېلىپ قويىدۇ. تاش ئېغىرلىقى بىلەن تىك تۇرغان ئوق ياغاچ 45 گرادۇسلۇق يانتۇلۇق ھاسىل قىلىدۇ. كالا ھەيدەلگەندە جۇۋازچى چىگىتنى ئوق ئاستىغا ئىتتىرىدۇ. ئاق تاشنىڭ ئېغىرلىقى بېسىم بىلەن چىگىتنى يانجىيدۇ. چىگىت كۈنجۈرگە ئايلانغاندا ياغلىق دان سېلىنىدۇ. جۇۋاز ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ. ئوق ئاستىدا دان يانجىلىدۇ. دان يانجىلىپ بولغاندا، چىغ بېسىلىدۇ، چىغنىڭ يانجىلىش بېسىمى ئارقىلىق داندىن ياغ تامىدۇ. دان ۋە چىغ يانجىلىپ بولغاندا گۈندا ئىچىدە بىر قاتماللىق پەيدا بولىدۇ. بۇنى جۇۋازچى بوشىتىۋېلىپ پارچىلاپ، ئايلانما ئوق ئاستىغا باسىدۇ. بۇ

چاغدا دەسلەپ جۇۋازچىنىڭ قولى ياغلىنىشىدۇ. ياغ پىشقاندا، قولى قۇرۇقلىنىشىدۇ. جۇۋازچى بۇنىڭدىن ياغنىڭ ئېلىنىپ بولغانلىقىنى بىلىپ، جۇۋازنى توختىتىدۇ.

جۇۋازنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى مۇنداق: جۇۋازدا ياغ تارتىش مەشغۇلاتى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، جۇۋازچى جۇۋاز تارتىدىغان ئۆكۈزنىڭ بېشى قېيىپ مېڭىشتىن توختاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆكۈزنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويىدۇ. رەسمىي مەشغۇلات باشلانغاندا جۇۋاز ئوقىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇۋازچى جۇۋاز تارتقۇسى بېكىتىلگەن جايغا 200 كىلوگرام ئەتراپىدا قۇم تاغار ياكى تاش بېسىپ قويىدۇ. جۇۋاز ھەيدەلگەندە، جۇۋازنىڭ گۇندا قىسمىدىن باشقا بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسى تەڭ ھەرىكەتلىنىدۇ. جۇۋازچى پاكىز ئادالىنىپ ئىلمان سۇ بىلەن نەمدەلگەن ئاپتاپپەرەس، قىچا، زاراڭزا، زىغىر، چىگىت، كەندىر قاتارلىق ياغلىق دانلارنى مۇۋاپىق مىقداردا باچكىغا تۆكۈپ، ئۇنى قولى بىلەن جۇۋاز ئوقىنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىرىپ ئايلىنىپ ماڭىدۇ. ياغلىق دانلار باچكا ئىچىدە ئېزىلىپ، ئاجرىلىپ چىققان ياغ باچكىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى تۆشۈك ئارقىلىق، گۇندىنىڭ قورساق قىسمىدىكى قاپقان ئىچىگە قويۇلغان قاچا ئىچىگە توختىماي ئېقىپ چۈشىدۇ.

جۇۋازدا ئادەتتە زىغىر، كۇنجۇت قاتارلىق دانىسى ئۇششاق ياغلىق دانلارغا ئاز مىقداردا زاراڭزا ياكى كەندىر قوشۇپ تارتىلغاندىن باشقا، قىچا، زاراڭزا، كەندىر، چىگىت، ئاپتاپپەرەس، ئۆرۈك - شاپتۇل مېغىزى، قوغۇن - تاۋۇز ئۇرۇقلىرى قاتارلىق دانىسى چوڭراق ياغلىق دانلار بىۋاسىتە تارتىلىدۇ.

جۇۋازنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى قىش ۋە ياز كۈنلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. قىش كۈنلىرى ھاۋا سوغۇق، كۈندۈز قىسقا بولغانلىقتىن، جۇۋازچى ياغنىڭ كەملەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئادەم ۋە ئۆكۈزنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ جۇۋازنى كېچە - كۈندۈز توختىماي ھەيدەيدۇ. ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق، كۈن ئۇزۇن بولغاچقا، كۈندۈزى مەشغۇلات قىلىپ كېچىسى ئارام ئالىدۇ.

ياغ ئېلىپ ساقلاش ئۇسۇلى: بىر جۇۋاز كۈنىگە بىر قېتىم ئۇلاغ ئالماشتۇرۇش بىلەن 10 — 12 كىلوگىرام ماي ئالىدۇ. پىشقان ياغنى بەزىلەر ئوقنى چىقىرىۋېتىپ باچكىدىن سۈزۈۋالىدۇ. بەزىلەر گۈندا ئاستىدىكى ئويۇققا قويۇلغان ياغ قاچىسىغا، باچكا ئاستىدىكى ياغ چۈشۈرۈش تۆشۈكىدىن چۈشۈرۈپ ئالىدۇ. جۇۋازدا ھەيدەلگەن ياغ «پىششىق ياغ» دېيىلىپ، ئاسانلىقچە بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. جۇۋاز ھەم كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ياغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ، ھەم ھايۋانلارنى بورداش ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك يەم - خەشەك بولغان كۈنجۈرە تەييارلايدۇ.

## تونۇر ۋە تونۇرچىلىق مەدەنىيىتى

تونۇرنىڭ تۈركىي مىللەتلەر ۋە پارسلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ناھايىتى چوڭ. چۈنكى تونۇر بۇ مىللەتلەرگە كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىستېمالىدا ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىك بولغان ناننى پىشۇرىدىغان قورالدىن ئىبارەت. باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تونۇرنىڭ تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە رولى تېخىمۇ چوڭ، تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مەنىۋى تۇرمۇش كاتېگورىيەسىدىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ ئورۇن ئالغان[1].

ئەجدادلىرىمىز دېھقانچىلىق تۇرمۇشى باشلانغاندىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى يېمەكلىكلىرىنى قوقاس، قۇمدا كۆمۈپ پىشۇراتتى. كېيىنچە تونۇر، كۆمەچدان، تاۋا، جىمبىل، قازاندىمۇ پىشۇرىدىغان بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە تونۇر ئالاھىدە مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، مەلۇم تېخنىكىلىق قانۇنىيەت ئاساسىدا ياسىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز شۇ زامانلاردىلا تونۇرنى كەشىپ قىلغان ھەم

---

[1] ئەنۋەر باتۇر جانبەردى: «ئۇيغۇرلار ۋە تونۇر»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2005- يىللىق 4- سان، 92- بەت.

كەشىپ قىلىنغان ۋاقتى كەم دېگەندىمۇ 3000 يىلدىن كەم ئەمەس.

بىزگە مەلۇم، يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بولغاچقا، بۇ دەۋردە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇمى گۆش - ياغ، سۈت - قايماق قاتارلىقلار بولغان. ئەجدادلىرىمىز يېرىم چارۋىچىلىق ۋە يېرىم تېرىم هاياتىغا ئۆتكەندىن باشلاپ، تەدرىجىي هالدا بۇغداي، قوناق، تېرىق، ئارپا قاتارلىق ئۇن تۈردىكى يېمەكلىكلەرنى ئاساسلىق ئىستېمال قىلىدىغان بولدى، بولۇپمۇ ناننىڭ هەر جەهەتتىكى ئەۋزەللىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نان ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقىغا ئايلىنىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا نان - چايدىن ئايرىلالماسلىقتەك ئىستېمال ئادىتى يېتىلگەن.

تونۇر — ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا قۇرغاق چۆل ئىقلىم كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يېمەكلىك ئېھتىياجى سەۋەبلىك كەشىپ قىلىنغان ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تونۇرنى ياساپ ئىشلىتىش تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋادىسىدىكى بۇنىڭدىن 3800 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بىر قەبرىدىن چىققان بۇغداي، چەرچەننىڭ زاغۇنلۇقتىكى بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بىر قەبرىدىن چىققان توقاچ، قومۇلنىڭ لاپچۇق، قارا دۆۋەدىكى بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان توقاچ قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تونۇرنى كەشىپ قىلىش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ ئالاھىدە شەرھلەپ ئۆتۈلگەن. نان «دىۋان» دا «ئەكمەك» ( I توم 18 - بەت) نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ «توقۇچ» — توقاچ ( I توم 464 - بەت)، «سىنجۇ» — خۇلما ياكى گىردە ( I توم 544 - بەت)، «پوسكەچ» — كاكچا قاتارلىق تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان تۈرلىرى ئەينەن

خاتىرىلەنگەن.

دېمەك، تونۇر ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تېرىقچىلىق ھاياتىغا قەدەم قويغان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئاساسلىق يېمەكلىك پىشۇرۇش قورالىغا ئايلانغان.

ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە تونۇردا پىشۇرۇلغان نان، سامسا، كاۋاپ تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان ھەر خىل نانلارنىڭ تۈرىلا نەچچە ئون خىلدىن ئاشىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان سامسا، كاۋاپلارنىڭ تۈرلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ھېسابلانغان نان تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر رايونىمىزدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ نان ئىستېمال قىلىش ۋە ئىشلەش تېخنىكىسى خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىلا باشلانغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە نانلارنىڭ تۈرلىرى تەپسىلىي خاتىرىگە ئېلىنغان. تونۇرنىڭ كەشىپ قىلىنىپ تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنىڭ پىشۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تەئەللۇق بولغان ماددىي فولكلور ساھەسىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە يېڭى تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىردى.

تونۇر گەرچە قارىماققا ناھايىتى ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياسىلىشى ۋە نان تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ پىشۇرۇلۇشى ئىنچىكە تېخنىكىلىق قانۇنىيەت ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. تونۇر سېلىشتا بەزى تېخنىكىلىق قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىنمىسا، نانلارنىڭ تەملىك، كۆركەم پىشىشىغا ۋە ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى (بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى) ئۆزلىرىنىڭ ئىشچان، چېۋەر قوللىرى ئارقىلىق تونۇر سېلىپ، ھەر خىل نانلارنى يېقىپ مىللىتىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بۈگۈنگە ئۇلىغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا،

تونۇرغا مىللىتىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس يېمەكلىك ئادىتى، ئىستېمال پىسخىكىسى، مەدەنىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇدۇم ئېتىقادى مۇجەسسەملەشكەن.

تونۇر — ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە ئىستېمال ۋاستىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت شەكلى ۋە بىۋاستە مەدەنىيەت تارقىتىش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى سودىغا ماھىر خەلق بولغاچقا، مەيلى مەملىكىتىمىز ئىچىدە ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن، ئۇلارنىڭ قەدىمىي يەتكەنلا يەردە كاۋاپچىلىق، ناۋايچىلىق كەسپى ئەۋجىگە چىقىپ، باشقا خەلقلەرنى ھەيران قالدۇرغان. مەيلى زامان تەرەققىي قىلىپ قايسى باسقۇچقا يەتمىسۇن، ئۇيغۇرلار كۆندە ھېچبولمىغاندا ئەتىگەنلىك چايدا نان ئىستېمال قىلىدۇ. تونۇرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نان بۇ جاينىڭ قۇرغاق، ھۆل - يېغىنى ئاز، چۆل ئىقلىمىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن نان ئىسمى - جىسمىغا لايىق «سەپەر تائامى» ھېسابلىنىدۇ. تارىم ۋادىسى بولسا يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى. يىپەك يولىنىڭ چەكسىز ئۇزۇن مۇساپىلىرىدە كولدۇرما سادالىرىنى ياڭرىتىپ كېتىپ بارغان تۆگە كارۋانلىرى پەقەت نان ئارقىلىقلا سەپەردىكى ئاچ - زارلىقنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نان تونۇردا قىزدۇرۇلۇپ پىشۇرۇلغاچقا ۋاقىت ئۇزارسىمۇ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ ۋە تەمىمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ھازىرمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر ئەڭ ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۆز ئەتراپىدا ئۇششاق تىجارەت شەكلىنى قوللىنىدىغان ئۇيغۇر ئاشخانىسى، ناۋايخانىسى، كاۋاپدان قۇرىدۇ. بۇ خىل ئىگىلىك شەكلى ئەتراپتىكى ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا مىللەتلەرنىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار تونۇرنى ياساشتىن تارتىپ، ئىشلىتىش ۋە بۇگۈنكى دەۋرگىچە ئېلىپ كىرىش جەريانىدا، تونۇرغا نىسبەتەن بىرمۇنچە

ئېتىقاد، ئۇدۇملارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئېتىقاد ۋە ئۇدۇملار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە، بولۇپمۇ تونۇرنى ئۇلۇغلاش ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىشەنچ، ئېتىقادىدا تۇپراقنى ئۇلۇغلاش مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تونۇر توپا (سېغىز) دىن ياسالغاچقا ناھايىتى ئۇلۇغلىنىدۇ، ھەتتا ئىشلىتىلىپ كونىرىغان تونۇرنىڭ بارچە كېسەكلىرىمۇ دەسسەلمەيدىغان ئېگىز جايلارغا ئېلىپ قويۇلىدۇ ۋە بەزى كېسەللەرگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى تونۇرغا نان ياققان چاغدا، ئوت سېلىنۋېتىپ تونۇرغا پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىدۇ. نان پىشقىچە بولغان ئارىلىقتا قوشنا - قولۇملار يىغىلىپ ئولتۇرۇپ ھال - ئەھۋال ئېيتىشىدۇ، گەپ ئارىلاپ بېيىت - قوشاقلار توقۇيدۇ. بالا - چاقىلار ئىسسىق ناندىن تېتىپ باقىدۇ. نان ياققۇچى ئەتراپتا تۇرغانلارنى ياققان نېنىدىن تېتىپ بېقىشقا دەۋەت قىلىمسا، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى ئادەمگەرچىلىكنىڭ نىشانىدۇر[①].

تونۇر مەلۇم تېخنىكىلىق قانۇنىيەت ئاساسىدا ياسىلىدۇ. بۇ خىل قانۇنىيەت تونۇرنىڭ ئاستىنىڭ ھەممە تەرىپى مەركىزىي نۇقتىغا تەڭ بولغان چەمبىرەك شەكلىدە بولۇشىدا ۋە شۇ ئاساستا تەكشى نىسبەتتە گۈمبەز شەكلىگە كېمەرىلىپ ياسىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

تونۇر ئادەتتە ياسىلىش ماتېرىياللىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبىدىن سېغىز تونۇر، شور تونۇر، پىششىق خىشلىق تونۇر ۋە ئىدىش تونۇر دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. سېغىز تونۇر:** بۇ تونۇر ئاساسەن سېغىز بىلەن ياسالغانلىقى ئۈچۈن سېغىز تونۇر دەپ ئاتالغان. بۇ خىل تونۇر قومۇل، تۇرپان، چۆچەك، ئالتاي، غۇلجا قاتارلىق رايونلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل تونۇرنى ياساشتا ئالدى بىلەن كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللار تەييارلىنىدۇ. بۇ

① سائادەت كىچىك: «ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇرچىلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى 1998 - يىللىق 1 - سان.

ماتېرىياللارنىڭ بىرىنچىسى ــ سېغىز (سېرىق سېغىز ياكى كۆك سېغىز بولسىمۇ بولىدۇ).

سېغىز توپا توپا يۇقمايدىغان پاكىز يەرگە تەييارلىنىدۇ، ئاندىن 3 — 7 كۈنگىچە ئۈستىگە سۇ قويۇپ يۇمشىتىلىدۇ.

شېغىل قۇمسىز، توپىسىز بولۇشى كېرەك. ناۋادا شۇنداق بولسا، قول بىلەن ئۆلگەپ (پارلاپ) ئېلىشى ھەم سۇ بىلەن توپىسى يۇيۇلۇپ تازىلىنىشى كېرەك، ئاندىن بارماقتەك چوڭلۇقتىكىسى بىر ياققا، ئۇنىڭدىن ئۇششاقلىرى بىر ياققا ئايرىپ ئېلىنىدۇ.

يۇڭ چىۋىق بىلەن ساۋاپ (ئۇرۇپ) يېڭى ئاتقان پاختىدەك يۇمشاق، يۇمران ھالەتكە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك.

تۇز سۈيى ــ يوغانراق تەلەڭگە ياكى داسقا شور تۇز چىلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

ئاخىرىدا تونۇر سالماقچى بولغان ئورۇن (ھويلا ئىچى ياكى ئۆينىڭ ئەتراپىغا) لايىھەلىنىپ، بۇ ئورۇن تۈز، تەكشى قىلىپ تەييارلىنىدۇ. بۇ تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن تەييارلانغان پىششىق خىشنىڭ تەڭ يېرىم پارچىلىرى تونۇر سالماقچى بولغان ئورۇنغا يۇملاق چەمبەر شەكلىدە تىزىلىپ، تونۇرنىڭ ئۈلى ياسىلىدۇ. بۇنىڭغا سېمونت ياكى لاي ئىشلىتىش ھاجەتسىز، پەقەت شۇنداق بىر قۇر تىزىپ قويساقلا بولىدۇ. چەمبەر ئايلانمىسىنىڭ ئۆزۈنلۈكى تونۇرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى بەلگىلەيدىغان بولغاچقا، ئېھتىياجغا ئاساسەن چەمبەرنىڭ دىيامېتىرى 80 — 120 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ.

تونۇرنىڭ ئۈلى تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سېغىزنى ئايرىم - ئايرىم قىلىپ تاغار ياكى خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ خالتىسى ئۈستىگە قويۇپ، مەلۇم مىقداردىكى شېغىل ھەم يۇڭ قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىنى دەسسەپ (توپا يۇقتۇرماستىن) پىشۇرۇلىدۇ. پىشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى بۆلۈپ، چوڭلۇقى كېسەكتەك پارالېلېپىپېد شەكىللىك قىلىپ ئايرىم - ئايرىم ياسىلىدۇ، ئاندىن خىش ئۈلىنىڭ ئۈستىگە ئالدى بىلەن بىر پارچىسى قويۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ

تەرەپ ئۈچى تۈز سۈيىنى سىپىپ سەل يۇمشىتىلىپ، ئىككى قول بىلەن مۇجۇپ (سىقىپ) تەكشى ھالدا ئەسلىدىكى قېلىنلىقىدىن يېرىم ھەسسە نېپىزلىتىلىدۇ، ئاندىن يەنە بىر پارچە پىشۇرۇلغان پاراللېلېپىپېد شەكىللىك سېغىز پارچىسىنىڭ سول تەرىپىدىن ئېغىزىنى يېرىپ، ئاچا شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ ھەم ئۈنى ئاۋۋالقىنىڭ سول تەرىپىگە چىشلەشتۈرۈپ قويىدۇ، ئاندىن تۈز سۈيىنىڭ ياردىمى بىلەن سەل يۇمشىتىپ ئىككى قول بىلەن سىقىپ، سۇۋاپ ئىككى پارچىنى گويا ھېچقانداق ئۇلىقى بولمىغاندەك پۈتۈن بىر پارچە شەكىلگە كەلتۈرىدۇ. باشقا پىشۇرۇلغان پاراللېلېپىپېد شەكىللىك سېغىز پارچىلىرىمۇ مۇشۇ ئاساستا قىلىنىپ، تونۇرنىڭ بىر قۇرى سېلىنىپ بولىدۇ.

ئىككىنچى قۇرغا كەلگەندە، پۈتۈپ بولغان بىرىنچى قۇرنىڭ ئۈستى تەرىپى تۈز سۈيىنىڭ ياردىمىدە يۇمشىتىلىپ، سىقىپ ئەسلىدىكى قېلىنلىقىدىن يېرىم ھەسسە نېپىزلىتىلىدۇ. نېپىزلىتىلگەن بۇ قىسمىغا بىز باشتا ئايرىۋالغان بارماقتەك چوڭلۇقتىكى شېغىللار زىچ ھەم تەكشى ھالدا، شېغىل ئۇزۇنلۇقىنىڭ دەل يېرىمىغىچە كىرگۈزۈپ سانجىلىدۇ، ئاندىن يەنە بىر پارچە پاراللېلېپىپېد شەكىللىك پىشۇرۇلغان سېغىزنىڭ ئاستىنقى قىسمىنىڭ ئۈچىنى ئاچا شەكىلدە يېرىپ، ئاستىنقى قۇرنىڭ مەلۇم قىسمىغا چىشلەشتۈرۈپ قويۇلىدۇ ھەم تۈز سۈيى بىلەن نەمدىلىپ ئىككى قول بىلەن سىقىپ، سۇۋاپ سىلىقلىنىدۇ، ئاندىن ئوڭ ئۈچى تەرىپىنى يەنە ئاۋۋالقىدەك تۈز سۈيىنىڭ ياردىمى بىلەن تەكشى ھالدا ئىككى قول بىلەن سىقىپ، ئەسلىدىكى قېلىنلىقىدىن يېرىم ھەسسە نېپىزلىتىپ بىرىنچى قۇرنى ياسىغاندەك ياساپ چىقىدۇ. مۇشۇ ئاساستا تونۇرنىڭ دىيامېتىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئۈچ قۇر ياكى تۆت قۇر قوپۇرسا بولىدۇ. قوپۇرۇپ ئۈستىگە چىققانچە تەبىئىي ھالدا تونۇر ئاغزى ئەسلىدىكىدىن كىچىكلەيدۇ، يەنى تونۇر ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى تونۇر ئاستى دىيامېتىرىدىن خېلى كىچىكلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا تونۇرنىڭ شەكلى گۈمبەز شەكلىگە كېلىدۇ. تونۇر سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تونۇرنىڭ سىرتقى يۈزى سامان لاي بىلەن تەكشى سۇۋىلىدۇ، ئاندىن تونۇرنىڭ سىرتقى تەرىپى، يەنى ئاغزى ياغاچ ياكى پالاق بىلەن

ھەم ئېتىپ قويۇلىدۇ. بۇنداق قىلىش تونۇرنىڭ كۆن نۇرىدا ياكى شامالدا يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ھەم يامغۇر - يېشىنىڭ تونۇرنى ھۆل قىلىپ بۇزۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر، ئاندىن بىرقانچە كۈن تونۇرنىڭ ئىچكى يۈز قىسمىنى، تاپىنى تۈز ئاياغ چەمى ياكى تۈز تەكشى يۈزلۈك تاش بىلەن ئۇرۇپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا تونۇرنىڭ ئىچكى يۈز قىسمىنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغىلى، تونۇرنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرغىلى ھەم نان ياققاندا ناننىڭ كەيىنگە شور چاپلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم ناننىڭ تەملىك، مەززىلىك ۋە ياخشى پىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا تونۇرنىڭ ئۈل قىسمىدىن بىر دانە خىش پارچىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىۋېتىپ، بىر كىچىك ھاۋادان ئېچىلىدۇ. شۇندىن كېيىنلا بىر مۇكەممەل تونۇر پۈتىدۇ.

**2. شور تونۇر:** بۇ خىل تونۇرنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى شور بولغانلىقى ئۈچۈن شور تونۇر دەپ ئاتالغان. بۇنداق تونۇر ئادەتتە خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇنداق تونۇر شور، تۈز، يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن لايدا ياسىلىدۇ.

شور تونۇرنى ياساشتا، ئالدى بىلەن نەم توپىدا قېلىپ ياسىلىدۇ. شور كۆمىلاچ قىلىنىپ ئۈنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىدۇ، ئاندىن شاخ - شۇمبا، چاۋا - سامان بىلەن ئىس سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن قېلىپ قىلىنغان توپا قىرىپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

**3. پىششىق خىشلىق تونۇر:** بۇ خىل تونۇر پىششىق خىشنى ئۆزىنىڭ خام ماتېرىيالى قىلغاچقا پىششىق خىشلىق تونۇر دەپ ئاتالغان. بۇ خىل تونۇرنى ياساشتا ئوخشاشلا ئاۋۋالقى تونۇرلارنى ياساشتىكى قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا خىشنى بىر - بىرىگە چىشلەشتۈرۈپ، گۈمبەزسىمان شەكىلدە قوپۇرۇپ چىقىمىز، ئاندىن سىرتقى يۈزنى سېمونت لاي بىلەن سۇۋايمىز.

**4. ئىدىش تونۇر:** بۇ خىل تونۇر ئادەتتە زاۋۇتتا ياسالغان ئىدىش، يەنى سۇ قاچىلايدىغان ئىدىش (كوزا)نىڭ ئاستى تەرىپى تاش كېسىدىغان ئاپتوماتىك ھەرە بىلەن ھەرىدەپ ئېلىپ تاشلىنىپ، دۈم

كۆمتۈرۈلۈپ (ئاستى تەرپىنى ئۈستى تەرپىگە قىلىپ) تۈز تەكشى يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. پىششىق خىشلىق تونۇر بىلەن ئىدىش تونۇر ئادەتتە شەھەر ئىچى رايونلىرىدا، سېغىز توپا ۋە شور يوق رايونلاردا ئىشلىتىلىدۇ[1].

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئەجدادلىرىمىز ئىنسانىيەتكە خاس ھاياتلىق يۆنىلىشىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ، ھەرقاچان، ھەر زامان ئۆزىگە يولباشچى بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، ھەربىر ھاياتلىق قەدىمىنى شۇ خىل ئېتىقادتىن ئايرىمىغان. بۇ خىل ئېتىقاد ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، يەنى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇلۇغلايدىغان ھەربىر نەرسىنىڭ رەڭگىنى ئېتىقاد ئوبيېكتىنىڭ ياكى ئىلاھنىڭ رەڭگىگە تەققاس قىلغان بولسا، شەكلىنى ياكى قۇرۇلمىسىنى شۇ خىل ئىلاھنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ماسلاشتۇرۇپ ياسىغان.

تونۇرمۇ دەل مۇشۇ مەقسەتنى چۆرىدىگەن ئاساستا ياسالغان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز تونۇر كەشىپ قىلىشتىن تارتىپ ئۇنى ئىشلىتىش ۋە بۈگۈنكى كۈنگە ئېلىپ كىرىشكىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، تونۇرغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئېتىقاد - ئۇدۇملىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇ خىل ئېتىقاد ۋە ئۇدۇملار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىشەنچ، ئېتىقادىدا تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، تونۇر توپا (سېغىز توپا)دىن ياسالغاچقا ناھايىتى ئۇلۇغلىنىدۇ. مەسىلەن، تونۇرنى ھېچكىم دەسسىمەيدۇ ھەم ئۈنىگدىن ئاتلىمايدۇ. تونۇرغا ئوت سالغاندا، پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ۋە ياندىشىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ. تونۇر بېشىغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. تونۇرنىڭ كۈلى بىلەن ئەخلەتلەرنى بىللە ئالمايدۇ ۋە ئارىلاشتۇرمايدۇ.

---

[1] ئەنۋەر باتۇر جانبەردى: «ئۇيغۇرلار ۋە تونۇر»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2005- يىللىق 4- سان، 94-، 96- بەتلەر.

ھەتتا ئىشلىتىپ كونىرىغان تونۇرنىڭ پارچە كېسەكلىرىمۇ دەسسەلمەيدىغان ئېگىز جايلارغا ئېلىپ قويۇلىدۇ ۋە بەزى كېسەكلەرگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى سالغان تونۇرغا تۇنجى قېتىم ئوت ياققاندا تونۇرغا ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىر توپ كىشىلەر تونۇر ئەتراپىدا توپلىشىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تونۇرنى ئايلىنىدىغان، بەزى يېتىم - يېسىرلار كېچىلىرى تونۇرنى ماكان تۇتۇپ ياتىدىغان، بەزى كىشىلەرنىڭ يۈز - كۆزىنى تۇيۇقسىز يارا قاپلاپ كەتسە، تونۇردىكى قوقاس ئوتتا ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى ئۈچ پارچە خېمىرنى ئەيلەپ بىرلەشتۈرۈپ، سۈپكۆچ (ئارۋاشتى) قىلىپ كۆمۈپ يارىنى داۋالايدىغان ۋە تونۇر بېشىدا گازىر چېقىشقا بولمايدۇ (چۈنكى گازىر چاققان كىشىنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشمەيدۇ، دەيدىغان گەپ بار)، كۆپ نان ياققان ئادەم دوزاخقا كىرمەيدۇ دەيدىغان ئادەت ۋە سۆز - جۈملىلەردىنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تونۇرنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز[1].

دېمەك، تونۇرنىڭ ياسىلىشىدىن تارتىپ ئىشلىتىشىگىچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇپراقنى ئۇلۇغلاش، تۇزنى ئۇلۇغلاش ۋە ئوتقا، كۆككە چوقۇنۇشتەك ئىپتىدائىي ئېتىقادى مۇجەسسەملەنگەن.

تونۇردا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر ئۇيغۇر يېمەكلىك مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تونۇردا تونۇر كاۋىپى، ياقما كاۋاپ، گۆشگىردە، سامسا، تۈرلۈك نانلارنى پىشۇرغىلى، ئۇنىدىن باشقا كاۋا، بەرەڭگى قاتارلىقلارنى كۆمگىلى بولىدۇ.

تونۇر كاۋىپى پىشۇرۇشتا، قوينى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى سويۇپ، پاقالچاقلىرىنى كېسىۋېتىپ، قورسىقىنى كىچىكرەك يېرىپ ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ئىچىنى ئىسسىق سۇ بىلەن چايقاپ، قۇرۇق لاتا بىلەن سۈرتىمىز، ئاندىن قوينى بىر تال ياغاچقا تىكلەپ ئۆتكۈزۈپ، ياغاچنىڭ قوينىڭ بوينى تۇرغان يېرىگە بىر تال مىخ قېقىپ

[1] ئەنۋەر باتۇر جانبەردى: «ئۇيغۇرلار ۋە تونۇر»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2005 - يىللىق 4- سان، 96 -، 97 - بەتلەر.

قويىمىز. تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى قوچۇپ ئۇنىڭغا تۇز، سوققان زەنجىۋىل، زىرە، قارىمۇچ، ئاق ئۇنلارنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، قويۇق تۇخۇم شىرنىسى ياساپ، ئۇنى گۆشنىڭ يۈزىگە سۈرتۈپ تەييارلايمىز. تونۇرنى ياخشى قىزىتىپ چوغلىرىنى ئېلىۋېتىپ، داپخۇننى چېلىك ئېتىپ، تەييارلانغان گۆشنى بېشىنى پەس تەرەپكە قىلىپ تونۇرغا تىكلەپ تۇرغۇزۇپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى ھور چىقمايدىغان قىلىپ ھىم ئېتىپ، 1:30 سائەت تونۇرنىڭ ئىچىدە قاقلاپ پىشۇرۇمىز. گۆشنىڭ پىشقان - پىشمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ باقىمىز. ئەگەر ياغاچنىڭ گۆشكە ئۆتكۈزۈلگەن يېرى شورغا ئوخشاش ئازراق گەز باغلىغان ھەم گۆش ئالتۇن سېرىق رەڭگە كىرگەن بولسا پىشقان ھېسابلىنىدۇ. تونۇر كاۋىپى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئالاھىدە تائام بولۇپ چوڭ يىغىلىشلاردا، ئەتىۋارلىق مېھمان چاقىرغاندا مەخسۇس پىشۇرۇلىدۇ. چوڭ توي - تۆكۈنلەردە توينىڭ كۆركى سۈپىتىدە كاۋاپ قىلىنغان قوينىڭ بېشىنى ئېلىۋەتمەي پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ، قوينىڭ ئاغزىغا گۈل ياكى باشقا يېشىل ئوت - چۆپلەرنى چىشلىتىپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ.

تونۇردا يېقىلىدىغان نان تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بۇلار ياساش ئۇسۇلىغا قاراپ گۆشنان، قىيمىلىق قاتلىما نان، شىرمەننان، كاكچا نان، پېتىر نان، گىردە نان، دامان نان، ياغلىق توقاچ، سەپەر توقىچى، جىگىردەكلىك نان، كۈنجۈتلۈك نان، بازار نېنى، بىجاق نان، ئۆي نېنى، جۆۋەندە نان، جىرىس نان، شېكەر نان، ھەمەك نان (چوڭ نان) دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارغا قاراپ بۇغداي نېنى، قوناق نېنى، ئارپا نېنى، تېرىق نېنى دەپ ئايرىلىدۇ. بۇغداي نېنى قوناق نېنىغا قارىغاندا يۇمشاق، مەززىلىك، يېيىشلىك كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا كىشىلەرنىڭ ئاغزىنىڭ يۇمشاق، قاتتىقلىقى بۇغدايغا تەقلىد قىلىنىپ: «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەن تەمسىل كەڭ ئومۇملاشقان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ناننى تىرىكچىلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. بۇ ئەھۋال «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقالىدا

ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. يەنە ئەجدادلىرىمىز ناننى ھەق - ناھەق، قەسەم ئىچىش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن. بۇنداق ناننى دەسسەپ قەسەم قىلىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا بېرىش - كېلىش داۋامىدا، تىرىكچىلىكنىڭ نىشانى سۈپىتىدە توقاچ يېقىپ يوللۇق قىلىش، سەپەرگە چىققاندا ناننى يوللۇق قىلىش، زىياپەت، مېھماندارچىلىقتا ئالدى بىلەن داستىخانغا نان - چاي قويۇش ئادىتىمۇ دەل ناننى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىدە ناننى ئاساسلىق يېمەكلىك ۋاستىسى قىلىشى — تونۇرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەيلى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسى تۆۋەن، تارقاق ھالەتتىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىدا بولسۇن، مەيلى بۈگۈنكى دەۋردىكى يېمەك - ئىچمەك باياشات مەزگىلدىكى ئىستېمال سەۋىيەسىدە بولسۇن، نان كەم بولسا بولمايدىغان تىرىكچىلىك ۋاستىسى، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆي - جاي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندا تونۇر ئورنىنى ئۆي بىلەن تەڭ لايىھەلەيدۇ[1].

## پالاس

پالاس — قەشقەر خەلقى ئىجاد قىلغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇمى. ئۇ بويالغان يۇڭ يىپ ياكى توم پاختا يىپ خام ئەشيا قىلىنىپ قولدا توقۇلىدىغان تۆت تىرسىز ئەديال شەكلىدە بولۇپ، پاختا يىپلىق پالاس ۋە يۇڭ پالاس دەپ ئايرىلىدۇ. ھازىر قەشقەردە ئاساسەن پاختا يىپلىق پالاس توقۇلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭدار يوللۇق، سىدام ۋە گېئومېتىرىك

[1] سائادەت كىچىك: «ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇرچىلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى 1998 - يىللىق 1 - سان.

شەكىللىك نۇسخىلىرى بار. بۇ پالاسلار ئاددىي ھەم كۆركەم، پۇختا ھەم چىدامىلىق بولۇپ، نۇسخىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنى كارىۋاتقا سالسىمۇ، زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە تامغا ئاسسىمۇ ۋە ياكى ئورۇندۇقلارغا سېلىپ ئولتۇرسىمۇ بولىدۇ.

**گىلەم**

قەشقەر گىلىمى نەپىس ھۈنەر - سەنئەت ۋە روشەن خاسلىققا ئىگە ھۈنەر ئۇسلۇبى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇ قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. قەشقەر گىلىمى شەرق ئۇسلۇبىدىكى گىلەم بولۇپ، سۈپىتى ياخشى، خىللىرى كۆپ، رەڭگارەڭ، ئاساسلىق گۈل نۇسخىلىرىدىن ئىران، چاچما، ئاچچىق ئانار، شام، رومال، بادام نۇسخا قاتارلىقلار بار. گىلەمنىڭ گۈل ۋە رەڭلىرىدە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە قويۇق يەرلىك تۈس ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى شۇكى، كۆپ قاتلاملىق رامكا، گېئومېترىك شەكىللەر ئىچىگە خىلمۇخىل سىزىقچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قۇرۇلمىسى رەڭلىك، جانلىق ۋە ئۆزگىرىشچان، شۇنداقلا جەلپكارلىققا باي. قەشقەر گىلەملىرى قولدا توقۇلغان، توقۇش ھۈنىرى سىپتا ۋە ئىنچىكە (ئون نەچچە رەت مۈرەككەپ ئىش تەرتىپى بار) بولغاندىن باشقا يەنە ئۇنىڭغا سۈپەتلىك قوي يۇڭى ئىشلىتىلىدۇ. ئەنئەنىۋى 360 ئۆرۈشلۈك گىلەملەردىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە 540 ۋە 720 ئۆرۈشلۈك ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك مەھسۇلاتلار كۆپەيتىلدى. قەشقەر گىلىمى كۆركەم، چوڭ سۈپەت ۋە رەڭدار، يۇمشاق، ئازادە، چىدامىلىق بولۇپ، خېلى يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ۋە ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېرىدارلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا.

**يېڭىسار پىچىقى**

يېڭىسار پىچىقى — ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان داڭلىق مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى. ئۇ ئەسلىدە يېڭىسارنىڭ ئەنئەنىۋى

ئىجادىيىتى بولغاچقا، شۇ جاينىڭ نامىغا ماس ھالدا «يېڭىسار پىچىقى» دەپ ئاتالغان. دەرۋەقە، تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان يېڭىسار ناھىيەسىدە پىچاق ياساش ھۈنەر - كەسپى ناھايىتى تەرەققىي تاپقان. بۇ يەردە ئىشلەنگەن يېڭىسار پىچىقىنىڭ تۈرلىرى 20 خىلدىن ئاشىدۇ. 1987 - يىلى مەملىكەت بويىچە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى باھالاشتا، يېڭىسار پىچىقى بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن، بۈگۈنكى يېڭىسار پىچىقى بۇنىڭدىن 300 يىللار ئىلگىرى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراباش يېزىسىلىق داڭلىق ئۇستا مۇھەممەد قۇلاخۇن نامى بىلەن ھەممە ئەتراپقا داڭ چىقارغان.

يېڭىسار پىچىقى ياسىلىش شەكلى جەھەتتىن نەپىس ۋە كۆركەم بولۇپ، ئىشلىتىشكە ناھايىتى قولاي، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ تىغى ئۈچۈن سۈپەتلىك پولات تاللىنىدۇ. تاللانغان پولات ماتېرىيالىنى پىچاقچى ئۇستام يۈكسەك ماھارەت بىلەن قايتا - قايتا سۇغىرىپ ھەم داتلاشمايدىغان، ھەم تىغى گاللاشمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ، پىچاقنىڭ بىسى ۋە سېپى ھەر خىل شەكىللىك ياسىلىدۇ. ھەربىر تۈرىنىڭ خاس نامى بولىدۇ، مەسىلەن قوش بىسلىق پىچاق، خەنجەر نۇسخىلىق پىچاق، قاسساپ پىچىقى، تۆشۈك پىچىقى (ئائىلە پىچىقى)، يان پىچىقى (يانغا ئاسىدىغان پىچاق)، كۆرگەزمە پىچىقى (سەنئەت بۇيۇمى) قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئېستېتىك تەلىپىگە ماس ھالدا ياسىلىدىغان پىچاقلارمۇ بار.

ئۈچىنچى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تىغ قىسمىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، سېپىغا قويۇلغان نەقىشلەردىمۇ ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. يېڭىسار پىچىقىنىڭ سېپى ئۈچۈن ئاساسلىقى — ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى ۋە سۆڭەكلىرى، مىس، كۈمۈش، قاشتاش، مەرۋايىت قاتارلىق ئەتىۋارلىق ماتېرىياللار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خام ئەشيالار ئىنچىكە ھۈنەر ئارقىلىق بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ، كىشىنىڭ

كۆزنى چاقنىتىدىغان گۈزەل سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ھەتتا تىغ قىسمىغىمۇ مىس ياكى ئالتۇن ھەللىك مېتالدىن بىرنەچچە تال خال قۇيۇلۇپ، تىغ بىلەن ساپنىڭ تۇتاشقان يېرىگە ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە «يېڭىسار» دېگەن خەت ئويۇلىدۇ، بۇ يېڭىسار پىچىقىنىڭ ماركىسى ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان غىلاپ ياسىلىدۇ. غىلاپسىز يېڭىسار پىچىقى بولمايدۇ. بۇ غىلاپلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەر خىل رەڭلىك كالا خۇرۇمىدىن قاتۇرما قىلىپ ياسىلىدۇ. يەنە بەزى غىلاپلار مىس ياكى ئالىيۇمىندىن ئىشلىنىپ، يۈزىگە ھەر خىل نەقىش ئويۇلىدۇ. خۇرۇم ياكى كۆندىن ياسالغان غىلاپلارنىڭ ھەممىسىگە بويتاسما بېكىتىلىدۇ.

پىچاق قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە يىگىتلەرنىڭ كېچە - كۈندۈز يېنىدىن ئايرىمايدىغان «قورالى» بولۇپ كەلگەن، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىنى بەلباغ بىلەن باغلاش ئادىتىمۇ پىچاقنى يانغا ئېسىش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. قىسقىسى، پىچاقنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى يانغا ئېسىپ يۈرۈش، پىچاقنى ئەرلىك جاسارىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ بىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بالىنى تۇنجى قېتىم بۆشۈككە سالغاندا، ئەگەر ئوغۇل بالا بولسا، ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا پىچاق قويۇپ قويىدىغان ئادەتلەر، قەسەم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، پىچاقنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، ئۇنى «گۇۋاھچى» قىلىش قاتارلىق ئەقىدىلەر پەيدا بولغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىراقتىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرىغا ئېسىل سوۋغا سۈپىتىدە «يېڭىسار پىچىقى»نى تەقدىم قىلىش ئادىتى بار. دېمەك، يېڭىسار پىچىقى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازىنىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا، ئۇ يالغۇز تۇرمۇش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە مىللىي قول سانائەت تەرەققىياتىمىزنى نامايان قىلماقتا.

**قاسساپلىق**

ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادىتى بويىچە گۆشى هالال دەپ قارالغان قوي، ئۆچكە، كالا، قوتاز، تۆگە، ئات قاتارلىق كۆندۈرۈلگەن هايۋانلارنى، شۇنداقلا ئارقار، كېيىك، بۇغا-مارال قاتارلىق ياۋايى هايۋانلارنى مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسى بويىچە سويۇپ گۆشىنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن. مۇشۇنداق ماللارنى سويۇپ سېتىشنى كەسىپ قىلغۇچىلار «قاسساپ» دەپ ئاتالغان. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە، قاسساپلارنىڭ پىرى جەئفەرى سادىق دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ نامىدا تارقالغان قاسساپلىق رىسالىسىدە: قاسساپلارنىڭ پاكىز، پاك، راستچىل بولۇشى، ھەپتىدە بىر قېتىم رىسالە نىزاملىرىنى ئوقۇپ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشى، مال سويغاندا تىغنى بىلەپ ئىتتىك تۇتۇشى، مالنىڭ ئايىغىنى باغلاپ، بېشىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، دۇئا - تەكبىر بىلەن پىچاق سۇرۇشى، مالنىڭ قېنى چىقىپ بولغۇچە كۈتۈشى، پايدىنىڭ ئوندىن بىرىنى خەير - ساخاۋەت قىلىشى، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن شاگىرت تەربىيەلىشى، گۆشنى كانارىغا ئېسىپ، قائىدە بويىچە ئۆز تەرتىپى بىلەن پارچىلىشى ۋە هارام دېيىلگەن بەزلىرىنى ئېلىپ تاشلىشى، بوغۇزلانمىغان، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مال گۆشىنى يېمەسلىكى ۋە ساتماسلىقى، قان، يىرىڭ، يۇلۇن، ئۆت ۋە ئۆت قېپى، يۇرەكنىڭ ئىككى قۇلىقى، بەز، مېڭە قېپى، كۆز قارىسى، مالنىڭ جىنسىي ئەزالىرى قاتارلىقلارنى كېسىپ تاشلىۋېتىشى...... قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر قاسساپلىرى بۇ نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، بوغاز مال ۋە ھەر خىل كېسەل ماللارنى سويمايدۇ. مال سويغاندا مالنىڭ ئىككى قول ۋە سول پۇتى (ئۈچ ئايىغى) نى باغلاپ، بېشىنى قىبلىگە قىلىپ سول يانچە ياتقۇزۇپ تەكبىر بىلەن پىچاق ئۇرىدۇ. قېنى چىقىپ بولغاندا، ئوڭ پۇتىنىڭ تىزى ئۈستىدىن تېرىدىن تۆشۈك ئېچىپ پۈۋلەپ، مالنىڭ تېرىسىنى قورسىقىدىن كانىيىغا ئۇدۇللاپ يېرىپ، تېرىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ ئاجرىتىدۇ، ئاندىن مالنىڭ بېشىنى، ئىككى قول ۋە پاچىقىنى

كېسىۋېتىپ، ئارقا پۇتىدىن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كانارىغا ئېسىپ تېرىسىنى ئاجراتقاندىن كېيىن، مالنىڭ قارنىنى يارىدۇ. قىزىلئۆڭگەچنى چىگىپ قويۇپ، ئاچچىق ئۈچەينى ئۈزمەي سىيرىۋالىدۇ، ئاندىن پىچاق تەگكۈزمەي قېرىن ۋە ئۆپكە، ئۈچەيلىرىنى ئالىدۇ. ئۆپكىگە تۇتاش چىققان يۈرەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىچاق ئۇرۇپ يۈرەك قېنىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ئاخىرىدا مالنىڭ قارنىدىكى شۆللۈق ئەت، سېرىقسۇ ۋە گۆشكە چاپلاشقان قىللارنى تازىلاپ قائىدە بويىچە پارچىلايدۇ ياكى پەشلەيدۇ. قوينىڭ قۇيرۇق يېغىنى پۈتۈن كېسىۋالىدۇ. ئىچ مېيىنى بۆرەك بىلەن قوشۇپ تەككى شەكلىدە يۆگەپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر قاسساپلىرىنىڭ مال سويۇشقا ئېپى بار ۋە قولى چاققان بولۇپ، ئۇستا قاسساپلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 — 15 مىنۇتقىچە بىر قوينى سويۇپ بولالايدۇ.

ئۇيغۇر قاسساپلىرىنىڭ مال سويۇش ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ھەربىر مالنىڭ چوڭ - كىچىك ئۇستىخان قۇرۇلمىسى، بېغىش ۋە ئومۇرتقىلىرى بىلەن بەش قولدەك تونۇش. شۇڭا ئۇلار مالنىڭ ئۇستىخان، ئۆگىلىرىنى سۇندۇرماي، ئەپچىللىك بىلەن ئاجرىتىۋې-تەلەيدۇ.

ئۇيغۇر قاسساپلىرىنىڭ بەك ئۇستىلىرى «بۆكەل» دەپ ئاتىلىپ، ئالاھىدە مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا تارتىلغان «ئۈچا» لارنى پارچىلاشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ.

### تاقىچىلىق

تاقىچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئاتنى قولغا كۆندۈرۈش دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى «ئات يۈكنى كۆتۈرىدۇ، تاقا ئاتنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن ماقال بۇنىڭ دەلىلى، بولۇپمۇ قاتناش، سودا ترانسپورتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى تاقىچىلىق كەسپىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن تاقىچىلىق بىر خىل كەسپكە ئايلىنىپ تۆمۈرچىلىكتىن ئايرىلىپ چىقتى.

تاقىچىلىق سايمىنى ئاساسەن، ئوچاق، كۆۋرۈك، قىسقاچ، بولقا، بازغان، سەندەل، قەلەم، سۈمبە، سىمتراش، ئاتنىڭ تاقىسىنى شىلىدىغان ئۈستىرا، دار، ئارغامچا قاتارلىقلار. ئۇلار مۇشۇ سايمانلار بىلەن تاقا ياسايدۇ ۋە ئات ـ ئۇلاغ تاقىلايدۇ.

ياسىلىشى: تۆمۈر ئۆلچەملىك كېسىلىپ، قىزىتىلىپ ئىككى بېشىغا زەي (مىخ ئورنى) تارتىلىپ، يەنە بىر تەرىپىگە ئۈچتىن تۆشۈك ئېچىپ تاقىنى ئەگىدۇ. تۆمۈرنى قىزىتىپ ئۈچىنى ئۈچلۈق قىلىپ سوزۇپ كېسىپ، قېلىپقا سېلىپ، بىر تەرىپىگە باش چىقىرىپ تاقا مىخى ياسايدۇ.

تاقا قېقىش: ئۈچ تال ياغاچتىن ياسالغان دار ئېچىگە ئاتنى ئۆزۈنىغا تۇرغۇزۇپ، ئارقان بىلەن قولتۇق ۋە تېقىم ئارىلىقىدىن دارغا باغلاپ، ئارقان ئۇچىنى دار قوزۇقىغا باغلاپ قويىدۇ، ئاندىن تاقىلايدىغان پۇتىنىڭ تۇياق ئۈستىدىن ئارقان بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، سوتىراچ بىلەن تۇياقنى ياساپ تاقىنى قويۇپ مىخلاپ، تۇياق چۆرىسىنى تاقا يۈزىگە جىپسىلاپ ياسايدۇ.

ئۇيغۇر تاقىچىلىرى يالغۇزلا تاقا ياساش، تاقىلاش بىلەن بولماي، بەلكى هايۋانات دوختۇرلۇقىنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئۇلاغلاردا بولىدىغان چاشقان يارىسى، ئالىقاراق، تۇياق يېرىلىش، يىرىڭلاش، ھەر خىل سۆلۈق يېغىر، جۆجەي ۋە باشقا جاراھەتلەر، ئۆسمىلەرنى يەرلىك ئۇسۇل، يەرلىك دورىلار بىلەن داۋالايدۇ ۋە ئوپېراتسىيە قىلىدۇ.

## سەرراچلىق

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئىچىدە سەرراچلىق كەسپى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. سەرراچلار ئېگەر ـ جابدۇق، ھارۋا جابدۇقى، ئات، تۆگە، قېچىر، ئېشەكلەرنىڭ توقۇم ـ مۆلسى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق جابدۇقلارنى ياسايدۇ.

سەرراچلىقنىڭ مەھسۇلات تۈرى كۆپ ۋە خىلمۇخىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر سەرراچلىرى ئۇيغۇر قۇش باشلىق قەدىمكى ئېگەر، موڭغۇلچە ئېگەر، قازاقچە ئېگەر، قىرغىزچە ئېگەر، رۇسچە ئېگەر،

ھەربىيچە ئېگەر، خەنزۇچە ئېگەر قاتارلىق ئېگەرلەرنى ۋە تۆت ئاتلىق ھارۋا جابدۇقى، قوش ئاتلىق ھارۋا جابدۇقى، يارىيار، خادىك، كالا ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى جابدۇقلىرىنى ياسايدۇ. سەرراچلار ھۈنەرگە كامىل، قولى چېۋەر بولىدۇ. ئۇلار، قوش باشلىق ئېگەرنى ياساشتا، ئېگەرنىڭ ئىككى يېنى، ئارقىسى، ئۈستى كىرەشمىسى ۋە قوش بېشىنى ئايرىم ياسايدۇ. بۇلارنى ياسىغاندا، قوش بېشىنى ئورۇپ - يانجىپ يار يېلىم سۈركەپ، ئۈستىگە يانجىلغان پەينى چاپلاپ ئۈستىدىن يەنە يار يېلىم بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى يېنى ۋە سوڭنىڭ چىدامللىقلىقى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. قوش بېشى بىلەن كىرەشمىمۇ شۇ خىلدا چىڭىتىلىپ، بېرىلگەن يېلىم ئۈستىگە قاتمۇقات ماتا ئوراپ ھەر قاتقا يار يېلىم بېرىلىدۇ. ئورالغان ماتا بىلەن ئېگەر تەكشىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىنى گۈللۈك رەخت ياكى گىلەم بىلەن زىننەتلەيدۇ. بەزى ئېگەرلەرگە تۆچ، كۈمۈش، مىستىن نەقىش قويىدۇ.

ئۇيغۇر سەرراچلىرىنىڭ نوختا تۇگۇش، يۈگەن ياساش، يۈگەن نەقىشلەش، قامچا ئۆرۈش، رەڭدار پۆپۈك ياساش ماھارىتىمۇ ئۈستۈن. بۇ خىل جابدۇقلار ھازىرقى زامان ئۇچۇن ئەنئەنىۋى زىننەت بۇيۇملىرى قاتارىدا ئەتىۋارلىنىدۇ.

### تۆمۈرچىلىك

ئۇيغۇر خەلقىدىكى تۆمۈرچىلىكنىڭ تۈرى كۆپ، تارىخى ئۇزۇن. ئۇيغۇرلار تۆمۈرچىلىكنى ئاق ئىش، قارا ئىش دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. پىچاقچىلىق، ئۇستىرا، قىلىچ، قايچا، قىڭراق، رەندە تىغى، ھەرە تىغى، ئىسكىنە، ئۈشكە، كەكە، پالتا، ئېكەك، دەرەش، قولۇپ، قاغىتۇمشۇق، ئىشىك زەنجىرى، ئوق ملتىقى، تۇنىكىسازلىق، مىسكەرلىك، زەرگەرلىك ئەسۋابلىرى قاتارلىق 113 خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر تۆمۈرچىلىكنىڭ ئاق ئىش تۈرىگە كىرىدۇ.

كەتمەن، كۈرەك، ئورغاق، بولقا، بازغان، لوم، ئات تاقىسى، ناھال، مىخ، قاماق (ماخاك)، كويزا - كىشەن، قاپقان، چوڭ دەرۋازا زەنجىرى، ھالقا، ھالقا - مەپە، ئات جابدۇقى، ھارۋا جابدۇقى،

تۆگمەن، جۇۋاز، سوقما، توسما، قۇرۇلۇش سايمانلىرى قاتارلىق 160 خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر قارا ئىش تۈرىگە كىرىدۇ. يەنە ئۇيغۇرلاردا مەزكۇر ئىشلارنىڭ كەسىپ ئايرىمىسى بولىدۇ. پىچاقچىلىق، كەتمەنچىلىك، قۇلۇپسازلىق، تۆنكىسازلىق، مىسكەرلىك، تاقىچىلىق قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ، ئۇلار يەنە ئۆز سەنئىتىنى جارى قىلدۇرۇش يولىدا باشقا كەسىپلەرنى قوشۇمچە ئىشلەيدۇ.

يۇقىرىقى كەسىپلەرنىڭ ئايرىمىسى بولسىمۇ، ئىشلىتىش سايمانلىرى ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، ئوچاق، كۆمۈر، كۆرۈك، بولقا، بازغان، سەندەل، قايچا، قىسقۇچ، ئىسكەك، داغمال، تۆمۈر ئۆشكە، كەپشەر، دانىكا، سىركۇل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تۆمۈرچىلىرى تۆمۈر بىلەن ئىشلىنىدىغان ھەرقايسى ھۈنەرلەرگە ماھىر بولۇپلا قالماستىن، تۆمۈرنى تۆمۈرگە، پولاتنى تۆمۈرگە قوشۇپ كەپشەرلەشكە ماھىر، ئۇلار تىغ قاتارلىقلارنىڭ دەستىسىنى تۆمۈردىن، تىغىنى پولاتتىن ياسايدۇ، يەنى كېسىدىغان تىغ تەرىپىگە پولات باغلايدۇ. ئۇيغۇر تۆمۈرچىلىرى ھەرقانداق ئەسۋاب ياسىغاندا كۆز چېنى مۆلچەر بىلەن ياسايدۇ، قېلىپ، ئەندىزە ئىشلەتمەيدۇ. ئۇيغۇر ئۇستىلار تۆمۈرچىلىكتىن ئىبارەت بۇ كەسىپكە ئەزەلدىن توغراق، قارىغاي كۆمۈرلىرى ئىشلىتىدۇ (ھازىر كوكس ئىشلىتىش رەسمىيلەشتى).

### موزدۇزلۇق

ئاسىيانىڭ قۇرغاق ھاۋا شارائىتىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئىنتايىن جاپالىق بولغان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئات، كالا، تۆگە، قوتاز، قوي قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن، يەنى ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېشۇرۇپ يەپ، تېرىسىدىن ئاياغ كىيىمى ئىشلەشنى ئىجاد قىلغان. لېكىن، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ موزدۇزلۇق كەسپى بىلەن قاچان شۇغۇللانغانلىقىنى بىلمەيمىز. بىراق، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىن قېزىۋېلىنغان ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان ئۆتۈك ئەۋرىشكىلىرىگە ۋە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر موزدۇزچىلىقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى

باشتىن كەچۇرگەنلىكى مەلۇم. دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن موزدۇزلۇق كەسپى ئەنە شۇ نەچچە مىڭ يىللىق تەجرىبىنىڭ بېيىتمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سەپەر (كارۋانچە) ئۆتۈكى، ھالقا ئۆتۈك، پەس پاشنا، ئارا پاشنا، ئېگىز پاشنا ئۆتۈك، تۈز مەسە، توغرا تۇمشۇق مەسە، بۇغداي تۇمشۇق مەسە، ئىسكىلاچ مەسە، ئەرەنچە مەسە، ھالقا كەش، سەندەل ۋە يېڭى پاسوندىكى ھەر خىل بەتىنكە قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇرلار ئاياغنى ئات - كالا تېرىسىدىن تىكىدۇ. ئۆچكە، قوي تېرىسىنى ئەستەرلىككە ئىشلىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاياغلارنىڭ رەختىنى كۆن - خۇرۇم، چەم، ئۇلتاك، بىشۇ، مەسكاپ، چىگرىن دەپ بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرىدۇ. كۆن - خۇرۇملار قارا، قىزىل رەڭدە، ئەستەرلىكلەر ئاق، سېرىق رەڭدە بولىدۇ. بۇ خىل رەختلەرنى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرى ئىشلەيدۇ.

موزدۇزلۇق ئەسۋابلىرى: كۆن - خۇرۇم ۋە چەم كېسىش پىچىقى، چوڭ - كىچىك دەرەش (بىگىز)، يىپ - يىڭنە، كوۋا (رەخت تۈزەش سايمىنى)، پەرداز كالتىكى، ئاق - قارا موم، سىراج، قارىگۈل، ئەندىزە ۋە قېلىپلاردىن ئىبارەت.

راسلاش ۋە تىكىش ئۇسۇلى: موزدۇزلۇق كەسپىدە ئەندىزە ۋە قېلىپ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاياغنىڭ باش قونچى ئەندىزە بىلەن كېسىلىدۇ. باشلىقنىڭ باشمالتاقتا ئوخشاش تىلى قونچىنىڭ ئويۇلغان يېرىگە كىرگۈزۈلۈپ بىخ سالىدۇ (ماشىنا سالىدۇ)، ئاندىن چەمدىن تاسما تىكىپ تاش چەمنى شۇ تاسما بىلەن قوشۇپ تىكىدۇ ياكى ياغاچ مىخ بىلەن مىخلايدۇ. پاشنا قويۇپ قېلىپقا تارتىپ پەردازلايدۇ. قېلىپتىن ئېلىپ لازىم قىلىدۇ.

كارۋانچە (بۇ ئۆتۈك قىزىل كۆندىن تىكىلىدۇ) ئۆتۈك قېلىپقا سېلىنماي تەتۈر ئۆرۈپ تىكىلىپ ئاندىن ئۆرۈيدۇ، باشقا خىلدىكى ئۆتۈكلەردەك قاتۇرما قىلىنمايدۇ. بۇ ئاياغ كىيىملەرنىڭ ھەممىسى ئەرەنچە ۋە ئايالچە دەپ ئايرىلىپ، نۇسخا جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

موزدۇزلۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى ھۈنەر- كەسىپ بولۇپ، ھەربىر يۇرتتا بۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار بار. ئۇيغۇر يەر - جاي ناملىرى ئىچىدە «موزدۇز مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

## تامغا

«تامغا» دېگەنلىك «بەلگە»، «نىشان» دېگەنلىك. تامغا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇ تارىختا خىلمۇخىل رول ئويناپ كەلگەن. تامغا ئەينى زاماندا بىر قەبىلىنىڭ بەلگىسى بولغان، شۇنداقلا يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدا ئاساس بولغان.

ئۇيغۇر خەلقى شەھەر ھاياتىغا كۆچۈشتىن بۇرۇن، ئۇزاق مۇددەت چارۋىچىلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن. بىر تۈردىكى چارۋىلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ياكى يوقىلىپ كەتسە ئوڭاي تونۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ماللىرىغا ئوخشاشمىغان بەلگە نىشانى قويۇش ئېھتىياجى تۇغۇلغان. شۇنىڭ بىلەن تامغا پەيدا بولغان. بۇ خىل تامغا تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ئوتتا قىزىتىلىپ ماللارنىڭ قۇلىقىغا ياكى ئوڭ، سول ساغرىسىغا بېسىلغان.

ئۇيغۇرلاردا بەلگە نىشانىنىڭ «ئەن» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرىمۇ بولغان. بۇ قوي، ئۆچكە قاتارلىق ئۇششاق ماللار ئۈچۈن قوللىنىلغان. ئۇششاق ماللارنىڭ ئوڭ ياكى سول قۇلىقى ئوخشاشمىغان شەكىلدە كېسىلىپ ياكى تىلىنىپ قىلىنغان بەلگە «ئەن سېلىش» دەپ ئاتالغان. شەخسلەرنىڭ ماللىرى يوقىلىپ كەتسە ياكى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ئەنە شۇ ئەنگە قاراپ تونۇۋالغان. «تامغا» كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە گۇۋاھ - ئىسپات سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا، شەخسلەردە قوللىنىشقا باشلىغان.

## نەقىشلىك ھاسا

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇنى ھەم ھاسا ئورنىدا، ھەم قىلىچ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ ھەر خىل

رەڭلىك تاشلاردىن كۆز قويۇپ، ئەتراپىغا ھەر خىل گۇل چىقىرىپ، تولىمۇ نەپىس ئىشلەنگەچكە، ئىگىلىرىدە گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

### سەرگەز گۈل نەقىش تامغىلىرى

سەرگەز گۈل نەقىش تامغىلىرى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى خىلمۇخىل گۈل - نەقىش قېلىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە 14 × 16 سانتىمېتىرلىق ئۆلچەمدىكى تۆت چاسا، بەزىلىرى 6 × 16 سانتىمېتىرلىق سوزۇنچاقراق (ئۆلچىمى ئەھۋالغا قاراپ ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن) كېلىدۇ. ياغاچلارغا ئالدى بىلەن ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى سىزىۋېلىنىپ، ئاندىن ياغاچچىلار تەرىپىدىن ئويۇپ تەييارلىنىدۇ، سەرگەز گۈل نەقىش تامغىلىرىنى تۈزغا ۋە ھەر خىل رەڭلەرگە چىلاپ ئاق رەختلەرنىڭ يۈزىگە گۈل باسىدۇ. ھازىر بىرقەدەر كەڭ تارقالغان سەرگەز گۈل نەقىش تامغىلىرى جەمئىي يەتتە دانە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوخشاش بولمىغان ئالتە خىل گۈل بېسىشقا بولىدۇ.

### جالا

چاچ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار چاچ پەردازىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئادەتتە چېچى شالاڭ ۋە قىسقا ئاياللار جالا (سۈنئىي چاچ) سېلىشقا ئادەتلەنگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا جالا سېلىشنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرى تونۇشتۇرۇلغان. بىرى، ئۇزۇن چاچ سېلىش، يەنە بىرى، ماڭلاي چاچ سېلىش. مەھمۇد كاشغەرىي ئاياللار سالىدىغان جالانىڭ چۇپۇردىن ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. يەنە بەزى يازما ماتېرىياللاردا جالانىڭ قوتاز قۇيرۇقىدىن ياسىلىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

### مسۋاك

بۇ تەبىئىي چىش چوتكىسى بولۇپ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئالما

شېخى ياكى ئارتۇچقا ئوخشاش خۇش پۇراق ياغاچ ماتېرىيالىدىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر بولۇپ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئادەتتە خۇرۇمدىن غىلاپ تىكىلىدۇ.

**رېپىدە**

تونۇرغا نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قول پەلىيى. ئۇ قېلىن ئاق ياكى قارا رەختتىن ئەستەرلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. ئالىقان قىسمى يۇملاق نان شەكلىدە بولىدۇ.

**تۆكچە (چەككۈچ)**

تۆكچە ئاساسەن ھەر خىل قۇش پەيلىرىدىن يۇملاق قىلىپ ياسالغان. ھازىرقىلىرى ئاساسەن ئويۇپ چىقىرىلغان يۇملاق ياغاچقا مىخ ياكى قاتتىق سىملارنى بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇ نان يۈزىگە گۈل چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان.

**چوكا سالغۇچ (چوكدان)**

چوكا سالغۇچ ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، شەكلى ھەر خىل. بۇ ئائىلىلەردە ئاساسەن چوكا ۋە قوشۇقلارنى سېلىشتا ئىشلىتىلگەن. ئالدىغا ھەر خىل گۈل شەكىللىرى ئويۇلغان، ئۇنىڭغا ھازىرقى مېتال مىخلار ئىشلىتىلمەي، ياغاچ مىخ ئىشلىتىلگەن.

**چاي خالتىسى**

چاي خالتىسى ھەر خىل رەڭلىك رەختلەردىن تىكىلگەن. چاي خالتىسىنىڭ يۈزىگە رەڭلىك مەشۇت ۋە كالۋۇتۇن يىپلاردىن چاچما گۈل، يۈرەكسىمان گۈل ۋە باشقا ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى تولىمۇ چېۋەرلىك بىلەن كەشتىلەپ چىقىلغان، ئاستىغا رەڭلىك پۆپۈك تۇتۇلغان. ئىلگىرىكى چاي خالتىلىرىنىڭ ئىچى ئۆچكە تېرىسىدىن، تېشى ھەر خىل رەختلەردىن تىكىلگەن، ھازىر ئاساسەن رەختتىن تىكىلىدىغان بولدى.

ئۇنىڭغا ئادەتتە چاي، تۇرلۇك دورا - دەرمەكلەر ۋە كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېلىپ ساقلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۆيىنى زىننەتلەپ تۇرغۇچى مۇھىم تۇرمۇش بۇيۇمى.

### چاناق ۋە كەپشەر قوشۇق

چاناق — بۇ ئادەتتە لايدىن ياسىلىپ خۇمدانىدا پىشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى يېرىم تۇخۇمسىمان ياكى يېرىم شارسىمان شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل رۇدىلار ئېرىتىلىدۇ. يەنە بەزى چاناقلار تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىنتايىن كىچىك كەپشەر قوشۇقى بار. بۇ ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىسكەرلىك كەسپىدە ئىشلىتىلىدۇ.

### ھاۋانچا

ھاۋانچا دورا - دەرمەك ۋە ھەر خىل يېرىك دانلارنى سوقۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئائىلە سايمىنى بولۇپ، ياغاچ، تاش، مىس ۋە چويۇنلەردىن ياسىلىدۇ. ھاۋانچىنىڭ شەكلى ئاساسەن ئوخشاش. ھاۋانچىنىڭ بەزىلىرىنىڭ چۆرىسىگە ھەر خىل گۈللەر نەقىشلىنىدۇ.

### تۇلۇم

تۇلۇم ئادەتتە ئۆچكە تېرىسىدىن ياسىلىدۇ. سەپەرگە چىققاندا ئوزۇق - تۈلۈك قاچىلاش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇمى.

### چىنە قېپى (چىنىدان)

«ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»نىڭ يالدامىسى بولۇپ، سەپەردە ۋە ئائىلىدە چىنە ساقلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر خىل خۇرۇمدىن، بەزىسى قىرغىزلارنىڭ قالپىقى شەكلىدە، يەنە بەزىسى گۈمبەز شەكلىدە، ئەتراپىغا ھەر خىل پۆپۈكلەر چىقىرىلىپ، سىپتا ۋە ئەپچىل قىلىپ ياسىلىدۇ.

**چىراغدان**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ئۈستىگە چىراغ قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**داكچى قازان**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، چويۇندىن ياسالغان، تاماق ئېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**داڭقان**

چويۇندىن ئۈچ پۇتلۇق قىلىپ ياسىلىدۇ، ئادەتتە تاماق ئېتىشتە، چاي قاينىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**خۇرجۇن**

خۇرجۇن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە پاختا يىپتىن توقۇلىدۇ؛ ئىككى تەرىپىگە يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك قاتارلىق بۇيۇملار سېلىنىدۇ. بەزى خۇرجۇنلار رەڭلىك يىپلار بىلەن ئىنتايىن نەپىس توقۇلىدۇ.

**ئۈتۈك (چويۈن دەزمال)**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە سايمىنى بولۇپ، چويۇندىن ياسىلىدۇ. ئۈتۈكنىڭ تۇتقۇچى بېكىتىلگەن تەرىپى خۇددى تاجغا ئوخشاش قويۇلىدۇ. ئادەتتە ئىچىگە چوغ قاچىلاپ قىزدۇرغاندىن كېيىن، كىيىملەرنىڭ چەكلىرى، پۇرلىشىپ قالغان يەرلىرىنى تۈزلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوتدان**

چويۇندىن ياسالغان بولۇپ، ئادەتتە قىش پەسلىدە ئۇنىڭغا چوغ

قاچىلاپ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئۆينى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

### ئاپتۇۋا - چىلاپچا

ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يۈز - قول يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئائىلە سايمىنى. ئاپتۇۋا ئۇزۇن ئىنچىكە جۈمەكلىك، قورساقلىق، بوغۇزى تار بولىدۇ. چىلاپچا يۈز - قولنى يۇغاندا يۇندى ئېقىپ چۈشىدىغان قاچا بولۇپ، يېيىقلىق ئاغزى بولىدۇ. ئاپتۇۋا - چىلاپچا مىس ياكى تۇچتىن ياسالغان بولۇپ، ئىچى قەلەيلەنگەن، سىرتى چىرايلىق نەقىشلەنگەن بولۇپ، دات باسمايدۇ. بۇ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ قول ھۈنەر ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ.
ئاپتۇۋا - چىلاپچا ھەممە ئائىلىدە ھازىرلانغان بولىدۇ. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئاپتۇۋا - چىلاپچا بىلەن مېھمانغا سۇ بېرىلىدۇ. سۇ بەرگۈچىنىڭ قولىدا لۆڭگە بولىدۇ. قول يۇغۇچىلار قولنى ئۈچ قېتىملا يۇيىدۇ. يۇيۇلغان قول لۆڭگىگە سۈرتۈلىدۇ. يۇيۇلغان قولنى لۆڭگىگە سۈرتمەستىن، قولنى سىلكىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. يۈز - قولنى يۇغاندا، سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇش، تازىلىق تەلىپىگە تولىمۇ ئۇيغۇن. بەزى ئائىلىلەر ئاپتۇۋا - چىلاپچىنى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆيىنىڭ تەكچىلىرىگە تىزىپ قويىدۇ.

### كەشتىچىلىك

ئۇيغۇرلاردا كەشتىچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەللىككە بولغان قارىشىدىن كېلىپ چىققان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈلگە بولغان خۇمارى ئۆزلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدە، ئۆي بىساتلىرىدا تولۇق ئەكس ئەتكەن. ئېيتايلى، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ گۈل قىسىشى، گۈللۈك دوپپا كىيىشى، گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيىشى، ئۆيلىرىگە گۈللۈك رەختتىن قىلىنغان زەدىۋال تارتىشى، كاڭ، سۇپىلارغا تەگلىمات، گۈللۈك كىگىز سېلىشى، تام - تورۇسلارغا

نەقىش چىقىرىشى...... بۇنى ئىسپاتلايدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ ياستۇقلىرىغا، لىمتاق ياپقۇچلىرىغا، قىز - جۇۋانلارنىڭ ئۇزۇن ئىشتانلىرىنىڭ پۇچقىقىغا كەشتە كەشتىلەنگەن. بوۋاقلارنىڭ ئىشتان - پايپاقلىرىغا، ھەتتا چاي خالتىسى، تاماكا خالتىسى، ئۇزۇن لۆڭگىلىرىگىمۇ كەشتە ئىشلەنگەن. بۇرۇن ئۆتۈك ياكى مەسە ئىچىگە كىيىدىغان پايپاقلارغا، ئەرلەر بېلىگە باغلايدىغان تۆت چاسا ياغلىقلارغا كەشتە ئىشلىنەتتى.
ئومۇمەن، كەشتىچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسىپ سەنئىتى سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان. كەشتىچىلىك ئاياللارغا خاس ھۈنەر بولغاچقا، ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ قىز بالىلىرىنى يەتتە ياشتىن باشلاپ قولىغا يىڭنە تۇتقۇزۇپ كەشتىچىلىككە ئۆگىتىدۇ. ناۋادا كەشتىچىلىكنى بىلمەيدىغان قىزلار چىقىپ قالسا، جامائەت تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئانىسى ئەيىبلىنىدۇ. شۇڭا، يىڭنە بىلەن ئويماق ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى.

## پۇل ۋە پۇلچىلىق

شىنجاڭنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يەرلىك پۇللىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قۇيۇلغان يەرلىك پۇل مىلادى 1 - ئەسىردىن 2 - ئەسىرگىچە ئۇدۇن دۆلىتى (ھازىرقى خوتەن) قۇيغان ئات سۈرەتلىك خوتەن پۇلىدۇر.
مىلادىيە 3 — 4 - ئەسىردىن 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە كۇچا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا قۇيۇلغان كۇسەن پۇلى، مىلادىيە 6 — 7 - ئەسىرلەردە ئىشلىتىلگەن ئىدىقۇت پۇلى، مىلادىيە 10 - ئەسىردە، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى بىلەن قۇرۇلغان قاراخانىيلار دۆلەت پۇلى (1056 — 1057 - يىللىرى قۇيۇلغان)، مىلادىيە 13 — 14 - ئەسىردە ئالمىلىقتا قۇيۇلغان چاغاتاي خانىنىڭ كۈمۈش پۇلى (بۇ پۇلنىڭ بىر يۈزىگە ھىجرىيە 727 - يىلى، مىلادىيە 1327 - يىلى دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن)، مىلادى 17 - ئەسىردە ياركەند (ھازىرقى يەكەن) دە قۇيۇلغان مىس پۇل، 1760 - يىلى چىڭ

سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن سەئىدىيەدە قۇيۇلغان. بىر يۈزىگە «چىيەنلۇڭ تۇڭچاۋ»، يەنە بىر يۈزىگە ئۇيغۇرچە «يەركىم، يەركەنت» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن مىس پۇل، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىلى كۇچا پادىشاھى راشىدىن خان غوجا ئۇيغۇر يېزىقىدا «سەيدى غازى راشىدىن خان»، «پايتەخت كۇچادا قۇيۇلدى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن مىس پۇل ۋە ئالتۇن پۇل، مىلادىيە 917 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن تارقاتقان ئۆلكە ۋە قەشقەر پۇلى (قەغەز پۇل)، تاشئاخۇنۇم قۇيدۇرغان «زەربە كاشغەر» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كۇمۇش تەڭگە، 1925 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە مۇسا بايوپلار غولجىدا قۇيدۇرغان «مۇسا بايوپ» نامىلىق 50 سەرلىك كۇمۇش يامبۇ، 1935 ـ يىلى شېڭ شىسەي تارقاتقان 50 سەرلىك قەغەز پۇل (ئۆلكە پۇلى)، 1939 ـ يىلى ماۋ زېمىن تارقاتقان ئۆلكە (قەغەز) پۇلى، 1943 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلى كۈزگىچە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ پۇل ئىدارىسى تارقاتقان ھەر خىل قەغەز پۇل ۋە بىر يۈەنلىك تەڭگە، 1947 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تارقاتقان قەغەز پۇل قاتارلىق يەرلىك پۇللار بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ پۇلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

## شامچىلىق

ئۇيغۇرلاردا شامچىلىق ئۇزۇن تارىخقا ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر شامچىلىق رىسالىسىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېيىك گۆشىنى يۇلغۇن ياغىچىغا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلدى، كەچ كىرىپ، تۇن قارا رومالىنى ئارتتى، غار قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. شامال زەربىسىدىن قوقاس يالتىرىدى، ياغقا مىلەنگەن زىخ لاپپىدە ياندى، يورۇقلۇق پەيدا بولدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام خۇشال بولۇپ زىخقا ياغ سۇۋاپ ياقتى. شۇندىن بۇيان ياغاچ نۆكچە ـ شام چىراغ پەيدا بولۇپ، شامچىلىق كەسپكە ئايلاندى. بۇ كەسپتە دۇنيادا ئون پىرى كامىل (ئۇستا كاسىپ) بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ توققۇزىنچىسى شەمسىدىن قەشقەرىدۇر. ئۇلارنىڭ تەلىمگە ئەمەل قىلىپ، ئەۋلادتىن ـ

ئەۋلادقا پاك، ساپ دىل، راستچىللىق بىلەن كەسىپنى داۋام ئەتكەن مەرىپەتچى كاسىپلارنىڭ بىرى شەيخ ھەسەن قەشقەرى ئىدى» دېيىلگەن. بۇ گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ، ئۇنىڭدا شامچىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى كەسىپ ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن شامچىلىق كەسپىدە، ئۇيغۇرلار كالا، ئۆچكە يېغى ۋە باشقا ھالال ماللارنىڭ تاشلاندۇق ياغلىرى بىلەن شاخار ۋە يىپنى خۇرۇج قىلىپ ياسايدۇ.

ماي تەييارلاش ئۇسۇلى: شامچىلار كۆيۈك دېگەن دالا ئۆسۈملۈكىنى ھۆل ۋاقتىدا كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن شاخار ياسايدۇ. شاخارنى تالقانلاپ، سۇ قوشۇپ كالا، ئۆچكە ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تاشلاندۇق ياغلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىدۇ. شاخار ياغنىڭ ئېرىشىنى تېزلىتىدۇ ۋە دۇغلىرىنى تارتىپ قازان تېگىگىچە ئولتۇرىدۇ، ئېرىگەن ياغ لەيلەپ چىقىدۇ. ياغنى سۈزۈۋېلىپ قازاندىكى شاخار دۇغنى تازىلايدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلدا بىرقانچە قېتىم ياغنى شاخار بىلەن قايناتقاندا، ياغ ئۈۋۈلسا قولغا يېپىشمايدىغان بولىدۇ، ئاندىن ياغنى سۈزۈك سۇ بىلەن بىر قېتىم قاينىتىپ، چايقاپ، شاخار دۇغلىرىنى تامامەن چىقىرىۋېتىپ، ساپ ياغنى سۈزۈۋالىدۇ.

شام تۈرى ۋە قېلىپ ياساش: شام ئاق، قىزىل ئىككى خىل بولىدۇ. شامنىڭ ئەڭ چوڭلىرى 40 سانتىمېتىر ئۇزۇن، كەتمەن سېپى چوڭلۇقتا بولىدۇ، بۇ خىل شام ئوردا، شەھەر دەرۋازىسى، خانىقا، مەسچىتلەرگە يېقىلىدۇ. پانۇس شاملىرى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۇزۇن بولىدۇ. يۇقىرىقى شاملار تاۋار سۈپىتى بىلەن قىزىل ياسىلىدۇ. ئادەتتىكى شاملار 20 — 25 سانتىمېتىر بولىدۇ، رەڭ تاللىمايدۇ. ياسىلىدىغان قېلىپ يۇقىرىقى ئۆلچەمگە لايىق بولۇپ، بىر ئۇچى ئۇچلۇق، بىر ئۇچى دۈگىلەك تۇرۇبا شەكلىدە بولىدۇ.

شام قۇيۇش ئۇسۇلى: قېلىپقا ئۆلچەپ تۆشۈك تېشىلگەن تاختايغا قېلىپنىڭ ئۇچلۇق ئۇچىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرغۇزۇپ، قېلىپ ئوتتۇرىسىغا پىلىك يىپى تارتىلىپ، تەييارلانغان ساپ ياغنى ئېرىتىپ قۇيىدۇ،

قوٌيۇلغان ياغ قىشتا 10 مىنۇتتا، يازدا 20 مىنۇتتا قاتىدۇ. شامنى قېلىپتىن ئېلىپ بازارغا سالىدۇ. بۇنداق ياغ شامنىڭ كۆيۈشى ئاستا، يورۇقى كۈچلۈك بولىدۇ.

## سوپۇنچىلىق

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سوپۇنچىلىق كەسپى كەڭ تارقالغان ھەم تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى سودا تاۋارلىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇرلار ياسىغان سوپۇننىڭ خام ئەشياسى ئاساسەن جىگەردەك چىقمايدىغان كالا، ئۆچكە يېغىدىن ئىبارەت. ھۈنەرۋەنلەر كەسپىنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن غەيرىي ياغلارنى ئىشلەتمەيدۇ. سوپۇننىڭ خۇرۇچى شاخار (كۆيۈك دېگەن ياۋا ئوتنى كۆيدۈرۈپ تەييارلىغان داشقال) ۋە ھاكتىن ئىبارەت.

سوپۇنچىلىق سايمانلىرى: قازان، چۆمۈچ ۋە قېلىپ.

ياساش ئۇسۇلى: قازان ئۇستىگە سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدىش قويۇپ ئەتراپىنى لاي بىلەن چاپلايدۇ. 100 جىڭ ياغدا سوپۇن ياساش ئۈچۈن، 50 جىڭ شاخار، 4 جىڭ ھاك تەييارلايدۇ. ياغنى قازانغا سېلىپ ئوت يېقىپ ئېرىتكەندىن كېيىن، تەييارلانغان شاخار بىلەن ھاكنى سوقۇپ بىر قىسمىنى ئېرىگەن ياغ ئۇستىگە سالىدۇ ۋە مۇۋاپىق سۇ قۇيۇپ قاينىتىدۇ. شاخار ياغنى تېخىمۇ ئېرىتىپ ياغ مولېكۇلالىرىنى پارچىلايدۇ. ھاك شاخارنى ئېرىتىش، ياغنى ئاقارتىش ھەم ياغ دانچىلىرىنى يىغىش رولىنى ئوينايدۇ. شاخار ئېرىپ قازان ئىچى بىر خىل پاتقاققا ئايلىنىدۇ. قازاندىكى دۇغلار، ياغ بەزلىرى ئاستىغا ئولتۇرۇپ، ياغ لەيلەيدۇ. بۇ چاغدا ياغنى سۈزۈۋېلىپ، قازاندىكى غەلدە - غەشلەرنى تازىلاپ، شاخار، ھاك سۈيىنى يەڭگۈشلەپ، ياغنى سېلىپ يەنە قاينىتىدۇ. مۇشۇنداق قاينىتىش توققۇز قېتىم داۋام قىلغاندا، ياغ قول بىلەن يىمىرىلگەندە، قولغا چاپلاشمايدىغان بولىدۇ. بۇ ياغنىڭ پىشقان، يەنى ئۆزىدىكى بارلىق رېئاكسىيەلىك ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلىغان ۋاقتى بولىدۇ. شۇ چاغدا قازاننى تازىلاپ، سۈزۈك سۇ قۇيۇپ يەنە بىر قېتىم قاينىتىپ، شاخار دۇغلىرىنى تازىلايدۇ. مۇبادا

شاخار چايقاپ چىقىرىلمىسا، سوپۇن ئىشلىتىلگەندە رېئاكسىيە بېرىدۇ. ياغ تازىلانغاندىن كېيىن، قايتا ئېرىتىپ چۆمۈچ بىلەن ئۆلچەملىك قېلىپقا قۇيىدۇ، قاتقاندا ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلار قولدا ياسىغان بۇنداق سوپۇننى ئەزەلدىن خاسىيەتلىك ۋە شىپالىق دەپ بىلىدۇ.

ئۇيغۇر سوپۇنىنىڭ كىر يۇيۇشتىكى ئالاھىدىلىكىدىن باشقا يەنە دورىلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تەمرەتكە، داغ، بەدەن قېتىشىپ قاسراق باغلاش، پۇت - قول يېرىلىش، ھەمەل قىلىش - ئىچكى ئەزالارنى يۇيۇش قاتارلىق كېسەللەرگە بۇ سوپۇننى دورا ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، قانچە كىر يۇسىڭىزمۇ قول يېرىلمايدۇ، ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى يۈز، قول، بەدەننى يۇمران قىلىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ، كىرنى ئاقارتىش نىسبىتى 98% ئەتراپىدا بولىدۇ. مېيىتنى يۇيۇشقا ھەم بوۋاقنى تۇنجى قېتىم سۇغا سالغاندا، مۇشۇ خىل يەرلىك سوپۇن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، بىر خىل ئېتىقاد ۋە ئادەت تۈسىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

### ساتىراشلىق

ئەزەلدىن ئۇيغۇرلاردا بىر - بىرىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئادەت بار. بۇنى:

«ھەر كىشىگە لازىمدۇر بەش نەرسە ئاسماق،

ئۇستىرا، تاغاق، مىسۋاك[1]، پىچاق ھەم چاقماق» دېگەن شېئىر ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ شەھەرلەشكەندىن كېيىنكى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مىللىي ساتىراشلىق رىسالىسىدە[2] بايان قىلىنىشىچە: سالمانپاك دېگەن كىشى مىللىي

---

[1] مىسۋاك — چۆچۈكبۇيا ياكى ئەرمەن ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ئېغىز - چىش يۇيۇش قورالى.

[2] رىسالە — ساتىراشلىق دەستۇرى.

ساتىراشلارغا پىر - ئۇستاز بولغان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇ كەسىپنى داۋام قىلىپ زامانىمىزغا ئەكەلگەن.

ئۇيغۇرچە مىللىي ساتىراشلىق رىسالىسىدە، مۇلازىمەت ئەخلاقى، كەسىپ قائىدىسى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان:

1) خېرىدار مەيلى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن، ئوخشاش ھۆرمەت قىلىش، ھەرىكەتتە سىپايە، مۇئامىلىدە ئىللىق بولۇپ، چوڭلارنى ئورۇندۇقا يۆلەپ، باللارنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇش.

2) ئىشنى «بىسمىللا» بىلەن باشلاپ، پەرتۇقنى ئوڭدىن سول تەرەپكە تارتىش.

3) چاچنى ئالدى بىلەن قۇرۇق ئۇۋۇلاپ، باش نېرۋىلىرىنى ئويغىتىش، ئاندىن چاچنى ھۆل قىلىپ ئۇۋۇلاش.

4) ئۇستىرا، پەرتۇقلارنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، تاز ۋە يارا چىققان باشلارنىڭ ئۇستىرىسىنى ئايرىم قىلىش، چاچ ئېلىپ بولۇش بىلەن بۇ ئۇستىرىنى كۆكتاش زەمچە سۇيىدە دېزىنفېكسىيە قىلىش، لۆڭگە، پەرتۇقنى قايناق سۇغا بېسىش، كاسىپ ئۆز قولىنى سوپۇن ۋە كۆكتاش سۇيى بىلەن يۇيۇش.

5) ئۇستىرىنى باشنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن تۆۋەن (چاچنىڭ ياتقان تەرىپى) گە قارىتىپ سىيلىش، چاچ، ساقال - بۇرۇتلارنى قائىدە بويىچە ئېلىش، قۇلاق، بۇرۇن، مەڭزدىكى موىلارنى قالدۇرماسلىق.

6) چاچ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، باشنى سىلىق ئۇۋۇلاپ، باش بويۇننى سىلكىپ قاس چىقىرىپ، چېكە ۋە قوشۇمىنى چىمدىپ، ئانا تومۇرلارنى ئويغىتىش.

7) ئىككى قول، تاغاق - دۇمبىلەرنى ئۇۋۇلاش، ئۇششاق قوللاردىن قاس چىقىرىش ئارقىلىق بەدەننى يەڭگىللىتىپ قويۇش ھەم چاچ ئالغۇچىغا ئەينەك كۆرسىتىپ، رازى بولغاندىن كېيىن پەرتۇقنى سول تەرەپتىن سىلىق ئېلىپ، خېرىدارنىڭ باش كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، ياقىلىرىنى تۈزەپ، ياشانغانلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، باللارنى ئورۇندۇقتىن كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ ئۇزىتىش ۋە قايتا كېلىشكە دەۋەت قىلىش.

8) كاسىپ دۇكانىنى ساتىراشخانىلا ئەمەس بەلكى مەرىپەتخانا ياكى مەدەنىي كۇڭۇل ئېچىش ئورنى قىلىش (ئۇيغۇر ساتىراشخانىلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا بىر يۇرۇش ساز بولىدۇ، يېڭى ناخشا - سازلار ئورۇندىلىدۇ)، كاسىپ خېرىدارلارغا جەمئىيەتتىكى ياخشى ئىشلارنىڭ ئۆلگىسى، ناچار ئىشلارنىڭ زىيانلىرىنى تەشۋىق قىلىش، تەربىيەلىك ھېكايە - چۆچەكلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدۇ.

رىسالىدە جەمئىي 41 ماددا كەسىپ قائىدىسى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ساتىراشلىرى بۇنىڭغا سەممىي ئەمەل قىلىدۇ.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر ساتىراشلىرى نوقۇل ساتىراش بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بەزى كېسەللەرنى داۋالايدىغان خەلق ئىچىدىكى تېۋىپلاردۇر. ئۇلار تومۇر تۇتۇش، ئۇۋۇلاش، چىمدىش، قان ئېلىش، ئۆسمىلەرنى خاراكتېرىگە قاراپ كېسىش (ئوپېراتسىيە قىلىش)، سۆگەل قاتارلىقلارنى ئات قىلى بىلەن بوغۇپ ياكى ئىسرىقدان كۆلى بىلەن كۆيدۈرۈپ چۈشۈرۈش، كۆيدۈرگىنى داغلاپ (كۆيدۈرۈپ) داۋالاش، ئەسۋە (ئىلغا) كېسىلىنى پىياز بىلەن سىركىنى سۈرتۈپ ياكى يىڭنە بىلەن ئېلىش ياكى تۇچ ياماق سۈرتۈپ قايتۇرۇش، چىش ئاغرىقىنى كۆيدۈرۈلگەن نۆشۈدۈر بىلەن جىگەر كاۋىپىنى چىشلىتىپ ئاغرىق پەسەيتىش، چىش تارتىش، ھەر خىل چاتما، تەمرەتكە، تاز كېسەللىرى، باللاردا بولىدىغان سۇلۇق چاقىلارنى داۋالاش ھەمدە سۈننەت (خەتنە) قىلىش، چېچەك چېكىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ساتىراشلىق كەسپىگە قوشۇپ ئىشلىگەن.

ساتىراشلىق دۇكانلىرى يەنە خەلق ئارىسىدىكى داستان، قىسسە، ھېكايە - چۆچەكلەر ۋە قىزىقارلىق لەتىپە - چاقچاقلارنى ئېيتىدىغان، ھەر خىل يېڭى ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرىدىغان مەيدان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، چاچ ئالدۇرمايدىغانلارمۇ ساتىراشخانىنىڭ دائىملىق چۆپقەتلىرى سۈپىتىدە، دۇكانغا كېلىپ ئولتۇرۇش ئادىتى بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان.

### ھەيكەلتىراشلىق

ھەيكەلتىراشلىق ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە تازا تەرەققىي قىلغان. بۇنى كېرىيەدىكى فارا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان 5 ـ ئەسىرگە ئائىت تاتخاگاتا بۇددا دىنىنىڭ ھەيكىلى، خوتەندىكى يوتقان خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال قۇش، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان لاي قورچاق، رەڭلىك لاي ئات ھەيكىلى، ساماۋى خانغا تەقلىد قىلىنغان رەڭلىك ياغاچ ھەيكەل، قاراشەھەردىن قېزىۋېلىنغان ياغاچتىن ئويۇلغان ۋاجرا پالۋان ھەيكىلى، يەنە لايدىن ياسالغان ئەر كىشىنىڭ بېشى ۋە بۇدساتۋا بېشى قاتارلىقلار ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەيكەلتىراشلىق ھەر خىل دىنىي سەۋەب ۋە چەكلىمىلەر بىلەن قاتاردىن قېلىپ، نەققاشلىققا ئۆزگەرگەن. ھەيكەلتىراشلار ئۆز ماھارىتىنى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىگە قارىتىپ، تام ـ تورۇس، دېرىزە ـ ئىشىك گىرۋەكلىرىگە، مېھرابلارغا، مۇنار، گۈمبەزلەرگە ھەر خىل گەج ئويما نەقىشلەر بىلەن گۈل سىياقى، غۇنچە پورەكلىرى، مېۋە ـ چېۋىلەر، بۇغا ـ ماراللار، چالغۇ ئەسۋابلار، ئۆي بىساتلار، ھۆسنخەتلەرنى چۈشۈرۈش بىلەن نامايان قىلغان.

دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ھەيكەلتىراشلىق تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلىرى گەج، پولات چىۋىق، ماتا ياكى پاخال ۋە تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ماتېرىيال قىلىدۇ، گەج ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلار گەجنى بېلىق گەج، توم گەج دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. بېلىق گەج ئۇزۇنچاق بولۇپ چىداملىق بولىدۇ. توم گەج ئۇيۇل، يوغان بولىدۇ. ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلار بېلىق گەج ئىشلىتىدۇ.

گەج تەييارلاش: بېلىق گەجنى ئۆزلىرى تونۇردا پىشۇرۇپ سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ مەلۇم مىقداردىكى گەجنى سۇغا سېلىپ دوغاپ تەييارلاپ، قويۇپ قويىدۇ، بىرقانچە مىنۇتتا گەج لەگپۇگدەك قاتىدۇ، ئاندىن ئىشلىتىشكە باشلايدۇ.

ھەيكەلتىراشلىق ئەسۋابلىرى: گۆشتە گەردە (ئەندۈۋا شەكلىدە بولىدۇ)، بۇ رەندە گەردە (موزدۇز رەندىسىگە ئوخشاش)، نوكەش گەردە، زىقچى گەردە، ئىسكىنە گەردە قاتارلىق پولات تىغلاردىن ئىبارەت.

ھەيكەل ياساش ئۇسۇلى: ئادەم ياكى ھايۋانات ھەيكىلىنى ياسىماق بولسا، ئالدى بىلەن پولات چىۋىقتا ئۇنىڭ جازىسىنى قۇرىدۇ. جازىنى سىرلاپ ئۈستىگە ماتا ياكى پاخال يۆگەپ، ھەيكەلنىڭ ئەزا كۆرۈنۈشلىرىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، ئاندىن گەجنى ھۆل ۋاقتىدا ماتا ئۈستىگە سۈركەيدۇ. گەج مەلۇم قېلىنلىقتا يەتكەندە كېرەكلىك سايمان بىلەن قىرىپ، ھەيكەلنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى پۈتكۈزىدۇ. چاپلىما ھەيكەللەر مەسىلەن، تامغا چاپلىنىپ بىر يۈزى كۆرسىتىلىپ ياسىلىدىغان ئادەم بېشى ياكى پۈتۈن تۇرقى بولسۇن، بۇ خىلدىكى ھەيكەللەرگە قېلىپ ئىشلىتىدۇ. بىرنى ئەينەن ياساپ ئۇنىڭدىن قېلىپ ئېلىپ قالغانلارنى گەج بىلەن قۇيۇپ قۇرۇتۇۋالىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھەيكەل پۈتكەندىن كېيىن تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ماتا بىلەن ھەيكەل ئۈستىگە سۇۋاپ پەرداز بېرىدۇ. بۇنىڭدا ھەيكەل پارقىراق، سىلىق بولۇش بىلەن بىرگە، يېرىلمايدۇ، يامغۇر، نەملىكنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇزۇن مۇددەت تۇپراق ئاستىدا تۇرسىمۇ ئەسلىي ھالىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

**سىرچىلىق**

ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان بۇددا دىنىنىڭ خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، مەسىلەن بايىدىكى قىزىل غارلىرى، كۇچادىكى قۇمتۇرا، سىمسىم، قىزقالغان (قىزقاغا)، مازارباغ غارلىرى، قارا شەھەر شىكشىن مىڭئۆي ۋە غارلىرى، تۇرپاندىكى بېزەكلىك، سىڭگىم ئېغىزىدىكى ئىبادەتخانا، تۇيۇق غارلىرى، دۇنخۇاڭ ئىبادەتخانىسى قاتارلىق جايلاردىكى رەڭلىك ھەيكەل (بۇت)، ھەر خىل رەڭلىك سۈرەتلەر، سىرلانغان تام ـ تورۇس، تۇۋرۇك، لىملار ۋە باشقىلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر سىرچىلىق تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ۋە ئۆز زامانىسىدا كامالەتكە يەتكەن. تۇرپاندىن

قېزىۋېلىنغان ساماۋى خانغا تەقلىد قىلىنغان رەڭلىك ياغاچ قورچاق بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ بىباھا سەنئىتى.

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ھەر خىل كاھىشلار، ئويمىلار، ياغاچ تۈۋرۈكلەر، رېشاتكىلار، ۋاسا جۈپ، لىم - جەگە، ھاراق پارامانلىرىغا ئويۇلغان نەقىشلەر، مېۋە - چېۋە شەكلى چۈشۈرۈلگەن قاپارتما ئويمىلارنىڭ ھەممىسى ۋە باشقا ئۆي جاھازلىرى ئۇيغۇر سىرچىلىرىنىڭ كارامىتى بىلەن گۈزەل تۈس ئالغان. سىز ھەرقايسى مەسچىت، مەدرىسە، مازار، قەدىمكى ئىمارەتلەر، ئائىلە بىنالىرىنىڭ تام - تورۇس، لىم - جەگىلىرىگە قارىسىڭىز، سىر بىلەن بېزەلگەن بېزەكلەرنى كۆرىسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر سىرچىلىقىنىڭ كارامىتى.

ئۇيغۇرلار سىرنى ئۆزلىرى ياسايدۇ. ئۇنىڭ خام ماتېرىيالى — سىر تېشى، بۇ خىل تاش قاراڭغۇتاغ ئېتىكىدىكى لاداق سايلىرىدا بولۇپ، ئاتچىلار ھەر قېتىم چەت ئەلدىن قايتقاندا ئالغاچ كېلىپ ساتىدۇ. يەنە زىغىر يېغى، گۈڭگۈرت، باش پىياز ۋە ھەر خىل رەڭلەر. زۆرۈر تېپىلغاندا، چەتنىڭ تاش رەڭ دېگەن ماتېرىيالنى ئىشلىتىدۇ.

سىر ئىشلەش ئۇسۇلى: سىر تېشىنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ زىغىر يېغى، گۈڭگۈرت، باش پىياز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، پەس ئوتتا ئۇزۇن قايىنتىپ خۇرۇج تەييارلايدۇ، ئاندىن قايسى خىل سىر لازىم بولسا، تەييارلانغان خۇرۇجقا شۇ خىلدىكى رەڭنى ئارىلاشتۇرۇپ سىر ياسايدۇ. سىر بىلەن سىرنى ئارىلاشتۇرۇپ يېڭى تۈرلەر (رەڭلەر) پەيدا قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان گىل (تاغدىن قېزىلىدىغان جىگەر رەڭ سېغىز تاش) دىن قىزىل، ئات باغرى رەڭلەر ياسايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى سىرچىلىق 30- يىللارغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان سەنئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇر سىرچىلىقى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، سىر تەييارلاش ئۇسۇلىدىن تارتىپ، سىرلاش، نەقىش ۋە كاھىشلارنى ئويۇشقىچە بولغان بارلىق جەريانلار يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

ئالتۇن ھەل تەييارلاش ۋە ھەل بېرىش سەنئىتىمۇ ئۇيغۇر سىرچىلىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

**باقاللىق**

شىنجاڭ — مېۋە - چېۋە ماكانى بولۇپ، ئۇيغۇرلار مېۋە - چېۋە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى «باققال» دەپ ئاتايدۇ. باقاللىق كەسپى ھۆل مېۋىچىلىك، قۇرۇق مېۋىچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

ھۆل مېۋە باقاللىرى، ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، ئەنجۈر، ئالما، ئانار، ئامۇت، نەشپۈت، بېھى، ئالگىرات، ئالۇچا، ئەينۇلا، ئۈزۈم، ئۈجمە، گىلاس قاتارلىق كۆپ خىللىق مېۋە، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىقلارنى ئېلىپ ساتىدۇ. بۇ خىل مېۋىلەر بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ 5 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، بەزىلىرى يىل بويى سېتىلىدۇ.

باقاللار كۆندىلىك توپ سېتىۋېلىش ياكى باغ كۆتۈرە ئېلىشتەك ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن توپ ئېلىپ پارچە ساتىدۇ.

باقاللارنىڭ ھۆل مېۋە - چېۋىلەرنى سېتىشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەرقانداق باققال مېۋە ساتقاندا، تۇۋلاپ خېرىدار چاقىرىپ مېۋىنى سۈپەتلەيدىغان ئىدىيوملۇق سۆزلەر بىلەن ساتىدۇ، شۇنداقلا مېۋە دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە «پۇل ئالمايمەن، بىر تال يەپ باقسىلا» دەپ يېگۈزۈپ تەمىنى تېتىتىپ ساتىدۇ.

قۇرۇق مېۋە باقاللىرى قۇرۇتۇلغان مېۋىلەرنى توپ ئېلىپ پارچە ياكى توپ ساتىدۇ. بۇ مېۋىلەر قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم، گۈلە، جىگدە، ياڭاق، پىستە، بادام، قاق، چىلان، قارىئۆرۈك قاتارلىق خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇلار يەنە قوشۇمچە قەنت، ناۋات، پاتاسا، پەشمەكلەرنىمۇ ساتىدۇ.

قۇرۇق يېمىشچىلەر مېۋىنىڭ سۈپىتىگە ۋە تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش باقاللارنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى، باقاللار كەڭ قورساق بولۇپ، خېرىدارلار بىلەن بىھۇدە باھا تالاشمايدۇ. ھۆل مېۋە ساتىدىغان باقاللاردا جىڭلاپ سېتىش

ئادىتى بولمىغان. جۇڭگوچە بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مېۋە سودىسىدا جىنىك ئىشلىتىشتەك ئۆلچەملىك سودا ئادىتى ئومۇملاشماقتا.

### تۈنىكىسازلىق ۋە قۇلۇپسازلىق

تۆمۈرچىلىك تەركىبىدىكى تۈنىكىسازلىق ئاق ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئۇستىلار تۈنىكە (قاڭالتىر) دىن ئائىلە سايمانلىرى، ئۆي - ئىمارەت لازىملىقى، بوتكا (دۇكان) قاتارلىق ھەر خىل سايمانلارنى ياسايدۇ. مەسىلەن، سۇ تۇڭى، چېلەك، ياغ تۇڭى، قول يۇيىدىغان ھەر خىل چەينەك، ئۇزۇن تۇمشۇق چۆگۈن، مەش، كاناي، ساماۋار، لېس، پېچىنە - پىرەنىك قېلىپى، چوڭ - كىچىك داس قاتارلىقلار.

قاڭالتىرچىلىق سايمانلىرى: گۇل قېلىپى، ئەندىزى، سومبە، لوم تۆمۈر، بولقا، ياغاچ بولقا، تۈز قايچا، ئەگرى قايچا، پەركا (سىركۇل)، كەپشە، دانىكا، ئوچاق، كۆيۈك، كۆمۈر، داغمال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىشلەش ئۇسۇلى: تۈنىكىسازلىق ئەندىز (قېلىپ) گە تايىنىلىدۇ. ئۇلانمىلار گىرەچە شەكلىدە بىر - بىرىگە چېتىلىپ ئۇستىدىن ياغاچ بولقا بىلەن ئۇرۇپ جىپسىلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، ساماۋار، چۆگۈن، ياغ تۇڭى، سۇ تۇڭى قاتارلىق ئوتتا قويىدىغان، سۇيۇق نەرسە ئالىدىغانلارنى ئۇلىغان يېرىدىن داغماللاپ دانىكا بىلەن قەلەيدە تۇتتۇرىدۇ.

جەمئىيەت ئېھتىياجىغا جىددىي لازىملىق بولغان بۇ كەسىپنىڭ ئوت بىلەن قىلىدىغان ئىشى ئاز، كىرىشتۈرۈپ جىپسىلاش قاتارلىق يەڭگىل ئىشى كۆپ.

قۇلۇپسازلىقمۇ تۆمۈرچىلىك دەستۇرىدا نازۇك ئاق ئىش ھېسابلىنىدۇ.

قۇلۇپسازلىق كەسپىدە ئىشلىنىدىغان ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپ خىل ئىقتىدارلىق قۇلۇپ تۈرلىرى بار. مەسىلەن، شەددە قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچ ۋە قۇلۇپ ئىچى تۆت تىللىق بولۇپ، تىل ئۆز جايىغا سېلىنغاندىلا ئېچىلىدۇ؛ تۈرتمە قۇلۇپ ئىككى تىللىق بولىدۇ. ئاچقۇچنى

سىلىپ ئېتتىرىپ ئاچىدۇ؛ تارتما قۇلۇپ ئاچقۇچنى سىلىپ ئالدىغا تارتىش ئارقىلىق ئېچىلىدۇ؛ تولغىما قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئېچكى تىلى بۇرما بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئورنىغا ماس كەلگەندە ئېچىلىدۇ. خەنجەر قۇلۇپ، ئىشكەك قۇلۇپ، قوش ئاچقۇچلۇق (چوڭ ئاچقۇچتىن كېيىن كىچىك ئاچقۇچ سالمىسا ئېچىلمايدىغان) قۇلۇپ قاتارلىق 40 نەچچە خىل قۇلۇپ بار. يەنە بىر قىزىقارلىق قۇلۇپ، ئىپتىدائىي ياغاچ قۇلۇپ، يەنى لوك دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خىل قۇلۇپنى ياغاچچىلار ياسايدۇ.

## ياغاچ قۇلۇپ — لوك

ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن تارىخىي زامانلاردىن بۇيان ياغاچ قۇلۇپتىن ئىبارەت بۇ ئاددىي، ئەمما تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەدەنىيەت بۇيۇمىنى ئىشلىتىپ كەلگەنلىكى ئېنىق. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياغاچتىن پايدىلىنىپ «لوك» دەپ ئاتىلىدىغان قۇلۇپلارنى ياساپ ئىشلەتكەن.

ياغاچ قۇلۇپ — لوك ئادەتتە چىلان، ياڭاق، ئامۇت، ئۈجمە، تۇخۇمەك قاتارلىق ئاسان قۇرت يېمەيدىغان، قاتتىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى، ئاپتاپ ياكى سۇدا ئاسان قىيسىپ قالمايدىغان دەرەخلەرنىڭ كىچىكرەك ياغىچى ماتېرىيال قىلىپ ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ چوڭلۇقى تەخمىنەن 75×15×25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چىرايلىق چاسىلانغان ياغاچنىڭ بىر تەرىپىدىن تۆت چاسا شەكىلدە ئاچقۇچ تۆشۈكچىسى ئويۇلىدىكەن. ئاستى قىسمىدىن لوكنىڭ قورساق قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان لوك ۋاسسى پاتقۇدەك نوكەش ئويۇلۇپ، لوك ۋاسسى جايلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، نوكەشنىڭ ئۈستى يېلىملانغان تاختاي ياغاچ بىلەن چاپلىنىپ، مەھكەم ئېتىلىدىكەن. لوكنىڭ قورساق قىسمىغا جايلاشتۇرۇلغان لوك ۋاسسىنىڭ ئاچقۇچ سېلىنىدىغان تۆشۈكىگە ئۇدۇل كېلىدىغان بۆلىكى نو ھالەتتە بولۇپ، شۇ جايدىن لوك ئاچقۇچىنىڭ قانچە دانە چىشى بولغان بولسا شۇنچە دانە تۆشۈك ئېچىلىدىكەن. ئەگەر تۇتقۇچلۇق ھەرە چىشسىمان شەكىلدە ياسالغان لوك ئاچقۇچى

لــوك تۆشۈكچــسىدىن ئىچــكە كىرگۈزۈلــۈپ، لــوك ۋاســسىنىڭ تۆشۈكچىلىرىگە ئىلىندۇرۇلغانــدىن كېيىن، لوك ۋاســسى لوكنىــڭ سول تەرىپــدىكى ئوچــۇق تۆشــۈك ســىرتىنى قــوزغىتىش ئــارقىلىق ئــىشىكنى تاقاشقا، ئىچى تەرەپكە قــوزغىتىش ئــارقىلىق ئېچــىشقا بولــىدىكەن. لوك ئاچقۇچىنىڭ چىشلىرى كــۆپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشــى مۇرەككەپ بولــسا، بۇ خىل لوك تېخىمۇ پۇختا ھەم بىخەتەر بولىدىكەن.

«لــوك» دەپ ئاتالغــان بــۇ ياغــاچ قۇلــۇپ ئىقتىــدارى جەھەتتىــن، ھويلا ـ ئارامىلارنىــڭ تــاق قانــاتلىق يــاكى قــوش قانــاتلىق ئــىشىكلىرىنى سىرتتىن تاقاشقا ماس كېلىدىغان بولۇپ، تــاق قانــاتلىق ئــىشىك بولــسا ئــىشىكنىڭ ئــېچىلىش تەرىپــدىكى تامنىــڭ ئىچــكە ئورنىتىلــىپ، تامغــا ئاچقۇچ ســېلىش ئۆچــۈن لوكنىــڭ ئــاچقۇچ تۆشۈكچىــسىگە ئــۇدۇل قىلىــپ تۆشــۈك قويۇلــىدىكەن. ئــاچقۇچنى مۇشــۇ تۆشــۈكتىن لوكنىــڭ ئىچــكە كىرگــۈزۈپ، ئــىشىكنى ئېچــىپ ـ تاقاشــقا بولــىدىكەن. قــوش قانــاتلىق ئــىشىكلەرگە بولــسا، لــوك ئــىشىك بــىلەن بىــرگە مــۇقىم ھــالەتتە ئورنىتىلىدىكەن. ئىشىكنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرەپ قانىتىنىڭ يېپىلىش گىــرۋىكىگە ئورۇنلاشــتۇرۇلغان لوكنىــڭ ۋاســـسى ئــاچقۇچ ئــارقىلىق ئــىشىكنىڭ يەنە بىــر قانىتىنىــڭ يېپىلىش گىرۋىكىــدىكى لوكقــا ئــۇدۇل ئويۇلغــان تۆشــۈككە كىرگۈزۈلــسىلا، ئــىشىك تاقىلىــپ، ئــاچقىلى بولمايدىكەن. بۇ خىل ياغاچ قۇلۇپ گەرچە قوپال، ئىپتىدائىي بولــسىمۇ، ئەمما ئــۇ ئىلگىرىكــى دەۋرلەرنىــڭ شارائىتىدىن قارىغانــدا خېلىلا پۇختــا ھەمدە بىخەتەرلىــك جەھەتــتە كۆرۈنەرلىــك رول ئوينىغــان دەپ ئېيتىــشقا بولىدۇ[1].

### مىسكەرلىك

ئۇيغۇر مىــسكەرلىك سەنئىتىنىڭ تــارىخى ناھــايىتى ئــۇزۇن بولــۇپ، مىــس، تــۆچ، ئــالىيۇمىن، قوغۇشــۇن، ســىنك قاتــارلىق يۇمــشاق جىــسىم

[1] يولۋاس مۇھەممەتئىمىن: «ياغاچتىن ياسالغان ئەنئەنىۋى بۇيۇملار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىلى 3 ـ سان، 102 ـ، 103 ـ بەتلەر.

تىپىدىكى ئېرىشچانلىقى كۈچلۈك مېتاللاردىن ئائىلە سايمانلىرى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ئىشلەپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا داڭ چىقىرىپ كەلگەن.

مىسكەرلىك سايمانلىرى: بولقا - سەندەل، ئوچاق، كۆيۈك، كۆمۈر، ئوت پۈۋلىگۈچ، چاسا بولقا، كەكە بولقا، بازغان، قىسماق قاچا، تۈز قاچا، سىركۇل، چاق (سىلغايتىش چاقى)، ھەر خىل ئېكەك، ئاق قۇم، قىزىل قۇم، نۆشۈدۈر، كەپشەر، دانىكا، داغمال ۋە بوتا (مىس، ئالىيۇمىن ئېتىدىغان سايمان) قاتارلىقلار.

ئىشلەيدىغان بۇيۇملىرى: ئاپتۇۋا - چىلاپچا، چۆگۈن، مانتا قازان، مىس قازان، مىس داش قازان، جىمبىل، لېگەن، كەپكۈر، چەينەك، مىس چىنە - پىيالە، جام قاتارلىق نەچچە خىل ئائىلە سايمانلىرى، كولدۇرما، زەنجىر، ئات ئېگىرى، ھارۋا جابدۇقلىرى، ئىشىك - دەرۋازا زىننەت بۇيۇملىرى، چاچ ئاسقۇ، ئۈزۈك، بىلەزۈك، چاچ قىسقۇچ، تاج، قاداق، سوقما، قۇيما ھەيكەل، باسما ھەرپلىرى، تامغا، داچەن پۇل ۋە باشقا قۇيما بۇيۇملار بولۇپ 480 خىلدىن ئارتۇق بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىدۇ.

ئىشلەش ئۇسۇلى: مېتالنى خام، پىششىق دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. مىسكەرلىك ئەنئەنىسىدە ئېرىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئېرىتىش مۇۋاپىق، ئۆلچەملىك بولمىسا، سوققاندا قاسراق كۆپ چىقىپ كېتىپ قالىدۇ ياكى بولقا تەگكەندە يېرىلىپ، ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

مېتال ياخشى ئېرىگەندىن كېيىن باسماقچى بولغان سايماننىڭ ھەربىر بۆلەكلىرىگە كېتىدىغان ماتېرىيالنى پارچىلاپ ئايرىم سوقىدۇ. مەسىلەن، ئاپتۇۋا، چۆگۈنلەرنىڭ چەپچىكى، قورساق، جوغا، تۇتقا، كاناي، قاپقاق، تاج قاتارلىق بۆلەكلىرى ئۆلچەملىك ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەپشەرلىنىپ بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلىدۇ. كەپشەرلىنىپ پۈتكەن سايمان چاققا تۇتۇپ سىلغايتىلىدۇ، ئاندىن قىزىل بولسا قىزىل قۇم، ئاق بولسا ئاق قۇم سۈرۈپ پەرداز بېرىدۇ. تۇچ سايمانلارغا بولسا، قىزىل قۇمغا زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ سۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇچ سېرىق ۋە قىزىل رەڭ ئالىدۇ، ئاندىن كىگىز سۈرۈپ سىلغايتىدۇ.

نەتىجىدە تۇچ ئالتۇن رەڭگە كىرىدۇ.

مىسكەرلىكتە، چاق ۋە ئېكەكتە ئۇۋۇلغان قىرىندىلارمۇ ئىسراپ قىلىنمايدۇ. ئۇنى يىغىپ، ئېرىتىپ يەنە ئىشلىتىدۇ. مىسكەرلىك قەشقەر شەھىرىدە ناھايىتى تەرەققىي تاپقان.

**قۇيمىچىلىق**

ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش تاۋلاپ، ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقارغان ۋە قۇيمىچىلىق كەسپىنى باشلىۋەتكەن.

ئۇيغۇرلاردا قۇيمىچىلىقنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئىشلەپچىقارغان نەرسىلىرى ئۆلچەملىك ۋە سۈپەتلىك. ئۇيغۇر ئۇستىلار قازان، داڭقان، تاۋا، ساپان، مەش، ھارۋا قازنىقى، ھارۋا زىنجىسى ۋە ھەر خىل قوڭغۇراق قاتارلىق تۇرمۇش ۋە دېھقانچىلىق، قاتناش ۋە باشقا ساھەلەردىكى سايمانلارنى قۇيۇپ چىقىرىدۇ.

قۇيمىچىلىقنىڭ ماتېرىيالى چويۈندىن ئىبارەت. قۇيمىچىلىق سايمانلىرى ئوچاق، كۆمۈر، كۆيۈك، قىسقاچ، بولقا، بازغان، چويۈن ئېرىتىدىغان بوتا ۋە قۇمدىن ئىبارەت.

ئىشلەش ئۇسۇلى: ئۇيغۇر قۇيمىچىلىرى ئالدى بىلەن ماتېرىيال تاللايدۇ. چويۈنگە تۆمۈر، مىس، قەلەي قاتارلىق ھەرقانداق غەيرىي مېتال ئارىلاشماسلىقى شەرت. تۆمۈر ئارىلىشىپلا قالسا قۇيۇلغان سايمان يېرىلىپ كېتىدۇ ياكى قۇيغۇچە تېرىلىپ كېتىدۇ. يەنە ئۇيغۇر ئۇستىلار رۇدىدىن ئېلىنغان پېتى ئىشلىتىلمىگەن چويۈننى خام چويۈن دەپ ھېسابلايدۇ. ئىشلىتىلگەن (سايمان ياسالغان) چويۈننى پىششىق چويۈن ھېسابلايدۇ. ئۇلار خام چويۈن ئالغاندا ئېرىتىشكە دىققەت قىلىدۇ. ئېرىتىشتە ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىگەندە ئاندىن ئىشلىتىدۇ.

قۇيمىچىلىق كەسپى ئاساسەن ئېرىتىش، قۇيۇش، قېلىپ ياساشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئېرىتىش ياخشى بولسا قۇيۇش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، قېلىپ يېرىلمايدۇ، قۇيۇلغان ماتېرىيالنىڭ سۈپىتى، تەكشىلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

قىلىپ ياساش: قويمىچىلىق قىلىپى قومدىن ياسىلىدۇ، قويماقچى بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىچ ۋە تاش قىلىپى بولىدۇ. مەسىلەن، قازان قويغاندا، قويماقچى بولغان قازان ئۆلچىمىدە گومبەز ياساپ ئىچ قىلىپنى پۈتكۈزىدۇ، ئاندىن تاش قىلىپ ياسايدۇ. تاش قىلىپنىڭ چوققىسى داچەندەك تۆشۈك بولىدۇ، ئېرىتىلگەن چويۇن ئاشۇ تۆشۈكتىن قۇيۇلىدۇ. چويۇن قۇيۇلۇپ مىنۇت ئۆتمەي قاتىدۇ، بۇ چاغدا قويۇش ئاغزىدا پەيدا بولغان ئەمچەكنى ئۈزۈپ چۈشۈرۈۋېتىپ قىزىق ۋاقتىدا سىلىغايتىدۇ. قازان قۇلقى، داڭقان پۇتى بار جايلارغا قىلىپ ياسىغاندا پۇت، قۇلاق ئورنىنى قويۇپ قويىدۇ.

قويمىچىلىق كەسپىدە بۇزۇلغان چويۇن ماتېرىيالى قايتا ئېرىتىلىپ قۇيۇلىدۇ.

ئۇيغۇر قويمىچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ساپ چويۇن ئىشلەتكەچكە قازان قۇسمايدۇ، ئاشقا ئىس كەتمەيدۇ، تاماق تەملىك بولىدۇ. دېھقان-چىلىق ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭمۇ سۈپىتى ياخشى، ئۆزى چىدامىلىق بولىدۇ. بۇ خىل يەرلىك ئۇسۇلدىكى ئەنئەنىۋى قويمىچىلىق ھۈنەر - كەسپى تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## زەرگەرلىك

ئۇيغۇرلاردا ئالتۇن - كۈمۈشتىن تاج - قاداق تاقاش، بىلەزۈك، ئۈزۈك، زىرە، سىرغا سېلىش، چاچ ئاسقۇ - چېتىق ئېسىش — ئەنئەنىۋى ئادەت. بۇنداق ئىنچىكە، نەپىس زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشنى كەسىپ قىلغۇچىلار «زەرگەر» دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زەرگەرلىك ھۈنەر - كەسپى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەندە زەرگەرلىك كەسپى بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىش تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، ھۈنىرىنىڭ نەپىس ۋە كۆركەملىكى بىلەن مەشھۇر.

زەرگەرلىك سايمانلىرى: ئوچاق، كۆيۈك، ئارچا كۆمۈرى، دەمدان (ئوت پۈۋلەش نەيچىسى)، بوتا (ئالتۇن ئېرىتىش قاچىسى)، جۇپتەك، كىلىك (سىم تارتىدىغان ئەسۋاب)، بولقا، سەندەل، مانكال (يۇملاق

زىننەت بۇيۇم قېلىپى)، ئامبۇر، دانىكا، شورا، زەمچە، ئاق قۇم، چوتكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر زەرگەرلىرى ئىشلەيدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، شاھ تاج، خان تاجى (خېنىملار)، گۈل نۇسخا، تاج، بۆرە، يولۋاس، بۇغا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن (باتۇرلار تاقايدىغان) ئويما تاج، تۆپە قاداق، يان قاداق، رەسىم قاداق، سوقا قاداق، ئانارگۈلى قاداق، ئۇشۇقچە قاداق، يۈلتۇز قاداق (بەش شوئار دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بودىلىك زىرە، كۇچاچە زىرە، مىخۋالىق زىرە، مانتا زىرە، سائەت نۇسخا زىرە ۋە ھەر خىل سىرغىلار، ئون تۆت تاشلىق قوڭغۇراق ھالقا، نوغايچە ھالقا، ئاي ھالقا، چېچەك ھالقا، تولغىما بىلەزۈك، گاڭ بىلەزۈك، گۈللۈك بىلەزۈك، قۇيما ئۈزۈك، ئارچا بېغى ئۈزۈك، گۈلسىز ئۈزۈك، گۈللۈك ئۈزۈك، چاچ ئاسقۇ - چېتىق، ئالتۇن زەنجىر، مېداليون قاتارلىق 100 خىلدىن ئاشىدۇ.

ئىشلەش ئۇسۇلى: ئالتۇن ئېرىتىش قازىنى (بوتا) غا ئالتۇننى سېلىپ، ئارچا كۆمۈرى سېلىنغان ئوچاققا قويۇپ كۆيۈك بىلەن ئوت تۇتاشتۇرىدۇ. ئوت چوغ بولغاندا كۆيۈكنى توختىتىپ، دەمدان بىلەن پۈۋلەپ ئالتۇننى ئېرىتىدۇ. قەلەيدىن ياسالغان نوكەشنى ياغلاپ قويۇپ، نۆكچە قىلىپ سوقۇپ، ئاندىن ئۈزارتىدۇ. تاج - قاداققا ئېرىتىلگەن ئالتۇننى ياپىلاقلاپ، قېلىپقا بېسىپ ئىشلەيدۇ. بىلەزۈكنى نۇسخىغا قاراپ تولغاپ ياكى گۈللۈك قىلىپ ئىشلەيدۇ.

زىرە ياساشتا، ئالتۇننى كىلىك بىلەن تارتىپ سوزغاندىن كېيىن زىرە ھالقىسى (ئوقى) ۋە ئىچكى ئەگمىلەرنى ئېگىپ، ئەنجۈر شەكلىدە گۈل ياساپ، ئوتتۇرىسىغا تېرىقتەك كېسىلگەن ئالتۇننى قويۇپ كەپشەرلەپ تۇتتۇرىدۇ. قۇيما ئۈزۈك قېلىپىغا قۇيۇلىدۇ. چاچ ئاسقۇلار قېلىپقا سېلىنىپ ياسىلىدۇ. ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى شورا، زەمچە بىلەن چوتكىلاپ، پەرداز قىلىپ سىلىغايتىدۇ، ئاندىن قۇم سۈرۈپ جۇلالاندۇرىدۇ. زەرگەرلەر ئالتۇنىلا ئەمەس، كۇمۇش، مىس، سېرىق تۇچ ماتېرىيال قىلىنغان زىننەت بۇيۇملىرىنمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ياسايدۇ. ياسىغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بەزىلىرىگە ياقۇت، گۆھەر ۋە ھەر خىل رەڭدىكى ئېسىل تاشلاردىن كۆز قويىدۇ.

### ساندۇقچىلىق

ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپلىرى ئىچىدە ساندۇقچىلىق تارىخى ئۇزۇن، تۈرى كۆپ، سەنئىتى كۆركەم، بازىرى ئىتتىك كەسىپ.

ئۇيغۇر ساندۇقلىرى خىلمۇخىل بولىدۇ. خاپان ساندۇق، كات ساندۇق، ھەر خىل سىرلانغان، سىرلىنىپ خىلمۇخىل گۈل نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن ساندۇقلار ۋە تۈنىكە مىخلاپ بېزەلگەن پالاس ساندۇق (بۇ خىل ساندۇق ئورۇس ساندۇقى، ئەشتەرخان ساندۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلار. بۇ خىل ساندۇقلار ھەرقايسى ئائىلىلەردىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالىدۇ.

ئۇيغۇر ساندۇقلىرىنىڭ بېزەكلىرى ۋە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ساندۇق مەخسۇس ساندۇقچىلار تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. كاسىلار ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى، يالغۇزلا ساندۇق ياسايدۇ، يەنە بىر خىلى، ھەم ياسايدۇ، ھەم سىرلاپ گۈل نەقىش قىلىدۇ، ساندۇققا تۈنىكە مىخلايدۇ.

ساندۇقنىڭ ماتېرىيالى تېرەك ۋە قارىغاي ياغىچى، يارا يېلىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سايمانلىرى: چوڭ - كىچىك چوت (كەكە)، ھەرە، ئىسكىنە، رەندە، سىزىق تارتىش تانىسى، ئۆلچىگۈچ ۋە ئۈچ بۇلۇڭلۇق سانتىمېتىردىن ئىبارەت.

ياساش ئۇسۇلى: ياغاچنى تىلىپ تاختاي قىلىدۇ. ساندۇق ئۆلچىمى بويىچە كېسىپ تاختاينىڭ بىر تەرىپى سىلىقلىنىدۇ، ئاندىن ئىككى بېشىغا ئەركەك - چىشى ئويۇق ئاچىدۇ ۋە ھەربىر تەرەپنىڭ تاختايلىرىنى يارا يېلىم بىلەن چاپلاپ پۈتۈنلەشتۈرۈپ، ئەركەك - چىشى ئويۇقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ يارا يېلىم بىلەن تۇتتۇرۇپ، ساندۇق رامكىسىنى قۇراشتۇرىدۇ، ئاندىن ئاستىنى ياغاچ مىخ بىلەن مىخلاپ چەپچەك قويۇپ، ئاغزىنى گىرەچە بىلەن تۇتتۇرۇپ ئېچىلىپ - يېپىلىدىغان قىلىدۇ ۋە ئىككى يانغا تۇتقا، ئالدىغا زەنجىر - قاغىتۇمشۇق بېكىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سىرلاش، سىر ئۈستىدىن نەقىشلەش ياكى تۈنىكە مىخلاش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر ساندۇقلىرى ئىچىدە تۇنىكە مىخلانغان ساندۇق ئالاھىدە ۋە كۆركەم بولىدۇ. ساندۇققا مىس تۇنىكە، ئاق، سېرىق، يېشىل دېگەندەك خىلمۇخىل رەڭدىكى تۇنىكىلەر قايچا بىلەن ئۆلچەملىك كېسىلىپ مىخلىنىدۇ.

مىخلاش ئۇسۇلى: تۇنىكە 3 مىللىمېتىرلىق قىلىپ تاسما تىلىنىدۇ. ئۇنى تۈزلەپ، بېلىق سىرتى قىلىپ، ساندۇققا چۈشۈرمەك بولغان نۇسخىلارغا كىرىشتۈرۈپ تۇنىكىنى كاتەك مەنچىر، كاتەك، توقۇلما، كەكلىك قېشى، جۈپ كاتەك، يالاڭ كاتەك قىلىپ مىخلايدۇ. ئۇلارنىڭ چېۋەر قولىدىن خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلەر ھاسىل بولۇپ، ساندۇق يۈزىگە تاغ - دەريالار، قۇياش، ئاي - يۇلتۇز شەكىللىرى، گۈل - گىياھ، مېۋە - چېۋە، ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ.

بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئىلگىرىكى ئاتاقلىق ئۇستىلار ساندۇققا چەككەن ھەربىر نۇسخىلار، ئاق، قىزىل، يېشىل ياقۇت، ئوغىلاردىن كۆز قويۇپ، نەقىشلەرگە جان كىرگۈزگەن. بۇ خىل بېزەلگەن ساندۇقلار ناھايىتى جۇلالىق بولۇپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

ساندۇق مىخلىغۇچى ئۇستىلار سەندەل، ياغاچ بولقا، تۇنىكە كېسىدىغان تۈز قايچا، جادۇ قايچا، سۇمبە، مىخ، ياپىلاق تۇمشۇقلۇق بولقىلارنى سايمان قىلىدۇ.

ساندۇقنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئاشلىق ساقلاش ۋە نان قويۇش ئۈچۈنمۇ ساندۇق (كات) ئىشلىتىدۇ. ئاشلىق كاتلىرى ناھايىتى چوڭ ۋە كۆركەم ياسىلىپ، ئالدىغا قاپارتما شەكلىدە تىلىنغان ياغاچ بىلەن ھەر خىل كۈنگۈرىلىك نەقىشلەر چاپلىنىدۇ. بەزى چوڭ كاتلارغا بىرەر توننا ئاشلىق سىغىدۇ. كاتتا ساقلانغان ئاشلىق ئاسان بۇزۇلمايدۇ.

**قەندالەتچىلىك**

ئۇيغۇرلاردا قەندالەتچىلىكنىڭ تۈرى كۆپ، تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇرلار شېكەردىن ئاق، نوقۇت رەڭ، سېرىق ناۋات، ئۇن نەچچە

خىل مەنپەسى، كۆپ خىل كەمپۇت، پاتاسا، پەشمەك، ئەدرەك، پىچەك، قىيام قاتارلىق تاتلىق مەھسۇلاتلارنى ھەمدە شېكەر قىيامغا مېۋە - چېۋە ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ياڭاق، ئەنجۈر مۇراببىاسى، ئۆرۈك مۇراببىاسى، ھەر خىل گىلاس مۇراببالىرى، قارىئۆرۈك (ئەينۇلا) مۇراببىاسى، ئالما مۇراببىاسى، سەۋزە مۇراببىاسى، بېھى مۇراببىاسى، ئامۇت مۇراببىاسى، قوغۇن مۇراببىاسى، پىننە مۇراببىاسى، گۈلقەنت قاتارلىق 70 — 80 خىل تاتلىق ۋە شىپالىق يېمەكلىكلەرنى ياسايدۇ.

قەندالەتچىلىكنىڭ سايمانلىرى ئاددىي بولۇپ، قازان، يىپ، چېلەك، چۆمۈچ، مەنپەسى قېلىپى، كەپكۈر، بىرقانچە تال چوكا تاياق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ناۋات ئېتىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئادەتتە 120 جىڭ شېكەرگە ئىككى چېلەك سۇ قۇيۇپ، ئىتتىك ئوتتا قاينىتىپ، شېكەر قىيام بولغاندا ئوتنى پەسەيتىپ، تۇخۇمدىن تۆتنى چېقىپ، ئاق - سېرىقنى ئارىلاشتۇرۇپ، قىيامغا تۆكۈپ قاينىتىدۇ. تۇخۇم شېكەردىكى كىر، غەلدە - غەشتىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ كۆپۈك بولۇپ لەيلەيدۇ، ئاندىن كەپكۈر بىلەن ئۇنى سۈزۈۋېتىپ، قىيامنى ئىتتىك ئوتتا قاينىتىدۇ. قىيام قويۇلۇپ تىرناقتا مارجاندەك توختىغاندا، ئېغىزغا سېلىپ باقىدۇ، ئېرىشى ئاستىلاشقاندا، يىپ تارتىپ تەييارلىغان قازانغا تۆكۈپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز قويغاندا پىشقان قىيام يىپقا نوكچە باغلاپ ئاق ناۋات بولىدۇ. خام قىيام قازان تېگىدە قالىدۇ. خام قىيامغا شېكەر قوشۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن يەنە قاينىتىپ ئىشلىگەندە، نوقۇت رەڭ ناۋات، ئۇنىڭدىن قالغاننى ئىشلىگەندە سېرىق ناۋات، ئۇنىڭدىن قالغاننى ئىشلىگەندە مەنپەسى بولىدۇ. مەنپەسى قىيامغا بىرئاز لىمون سېلىنىدۇ. قىيامى ئۇشتالغۇدەك قاتتىق ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنى مايلانغان داسقا سېلىپ قېلىپتىن ئۆتكۈزۈپ ياسايدۇ. مەنپەسى قىيامدىن قالغان خام قىيامنى قاينىتىپ، ئۇنى مايلانغان داسقا تۆكۈپ قوچۇغاندا قىيام قويۇلىدۇ. ئۇنى لېگەننى ياغلاپ تۆككەندە، قېتىپ ئەدرەك بولىدۇ. قىياملارنىڭ رەڭگى كۆپ قاينىغانلىقتىن ئۆزگىرىدۇ.

پاتاسا ـ ناۋاتتىن ئاشقان خام قىيامغا شېكەر سېلىپ يۇقىرىقى ئۇسۇلدا قاينىتىپ، قىيام چىڭراق يۇغۇرۇلغان بوغداي خېمىرىدەك بولغاندا، قىيامنى سوۋۇتۇپ سوزۇپ قوزۇققا ئاسىدۇ. قىيام سوزۇلۇپ ھاۋانى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ ئاقىرىپ كۆپىدۇ. سوزۇلغان قىيامنى قايچىدا ئاق داستىخانغا ئۆلچەملىك كېسىدۇ، قىيام قېتىپ پاتاسا بولىدۇ.

پەشمەك ـــ 1 كىلوگىرام ئېرىتىلگەن قوي يېغىغا 5 كىلوگىرام ئۇن سېلىپ تالقان قىلىپ كۆيدۈرمەي قورۇيدۇ. چىڭ - بوشلۇقى ئەدرەك قىيامدەك بولغاندا مۇۋاپىق لىمون سېلىپ، سوۋۇغان قىيامنى قوزۇققا ئېسىپ سوزۇپ كۆپتۈرۈپ، ئىنچىكە سوزۇلغان قىيامنى شىرەگە تەكشى قويۇلغان تالقانغا تەگكۈزۈپ تالقان يېگۈزىدۇ، ئاندىن ئۆلچەملىك كېسىپ تىزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەشمەك بولىدۇ.

**سەندەل**

سەندەل ـ ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە ئىسسىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سايمان. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى بىر چېتىگە ئۈستى يۈزى يېرىم كىۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى يېرىم مېتىر كېلىدىغان تۆت پۇتلۇق بىر شىرە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىغا چويۇن، تۆمۈر ياكى مىستىن ياسالغان چوغدان (سەندەل) قويۇلىدۇ. چوغدانغا كۆيدۈرۈلۈپ ئىسى قالمىغان ئوتۇن كۆمۈرىنىڭ ياكى ئىسسىز كۆمۈرنىڭ چوغى ئېلىنىدۇ. شىرە پاختىلىق كۆرپە ياكى يوتقان بىلەن پۈركەپ قويۇلىدۇ. پۇت - قولنى ئىسسىتماقچى بولغان ئادەملەر پۇتىنى شىرە ئاستىغا تىقىپ ئولتۇرۇپ ئىسسىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا يار - بۇرادەرلەر يىغىلىپ سەندەل ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ، كىتابخانلىق قىلىشىدۇ. بەزىدە يەنە شىرە ئۈستىگە داستىخان سېلىپ چاي ئىچىشىدۇ. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرى ئاياغ تەرەپنى سەندەلنىڭ ئاغزىغا قارىتىپ ئورۇن تەييارلاپ ئۇخلاشقىمۇ بولىدۇ. سەندەلنىڭ ئۈستىگە بوۋاق بالىلارنىڭ بۆشۈك كۆرپىلىرى يېيىلىپ، ئىسسىغاندا كۆرپىنى بۆشۈككە سېلىپ بوۋاقنى بۆلىسە، بالا تولىمۇ راھەت ھېس قىلىدۇ. سەندەلنىڭ

بىختەرلىكىگە كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ چوغدان قىسمى ئادەتتە چوڭراق بولۇپ، تۆت ئەتراپى يەر يۈزىدىن 3 — 4 سانتىمېتىر ئېگىزرەك ياسىلىدۇ.

## رەڭچىلىك

رەڭچىلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بىرى.

قومۇلدىكى بەشقەلئە خارابىسىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1200 - يىللارغا تەئەللۇق رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلاردىن سەككىز خىل رەڭدار يىپتا توقۇلغان يۇڭ چەكمەن، توققۇزسارايى خارابىسىدىن قىزىل، كۆك، سېرىق، ئاق رەڭلەرنى تەگشەش ئارقىلىق چۈجە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، شاپتۇل چېچىكىنىڭ بەرگىسى كەشتىلەنگەن يۇڭ پالاسلار، نىيە خارابىسىدىن يىل ئىلگىرى دەپ بېكىتىلگەن رەڭدار پالاس، ئۈزۈم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چەكمەن، يەنە كەشتىلىك ئەينەك قېپى (كەشتىنىڭ تېگى يېشىل، قىرغىقىغا جىگەر رەڭ شايىدىن جىيەك توقۇلغان سېرىق، كۆك، سۆسۈن، قارا، قوڭۇر رەڭلەردە يۇملاق گۈللەر شەكلى چۈشۈرۈلگەن)، پەرداز قۇتىسى ۋە خىلمۇخىل رەڭدار يىپلار تېپىلدى. بۇلار ئۇيغۇرلاردا رەڭ ئىشلەش سەنئىتىنىڭ خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر بوياقچىلىق رىسالىسىدە: «خۇدا بىر يىلنى 365 كۈن قىلىپ ياراتتى. پىرى كامىللار ھەر كۈنى خۇدانىڭ مۆجىزىسىدىن بىرىنى تاللاپ 365 مۆجىزىدىن 72 خىل رەڭ كەلتۈرۈپ بۇ كەسىپنى راۋاج ئەتتى......» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار شاپتۇل چېچىكى، يۇلغۇن چېچىكى، ئانارگۈلى، ئانار پوستى، زاراڭزا چېچىكى، گۈلسۇرۇخ، لەيلىگۈل، ياڭاق پوستى، ئوردان، جىگدە پوستى، تۇخۇمەك، ئۇجمە قوۋزىقى، ئۆرۈك قوۋزىقى، سېرىق سەبدە، كېۋەز غوزىسى، زاك، زەمچە، كاتاپ، ئىتئۈزۈمى، تاجىگۈل، ئازغان قاتارلىق گۈل - گىياھلار، ھەر خىل مېۋە چېچەكلىرى، سۇمۇق (كالىي ئالىيۇمىن سۇلفات)، كۆكتاش (مىس

سۇلفات)، گىل (مانگان XII ئوكسىد)، قىزىل تاش رەڭ (قىزىل تۆمۈر رۇدىسى) دەرەخ پورلىرى، ئۆسۈملۈك يىلتىزى، رەڭلىك توپا، سېغىز قاتارلىق تەبىئىي خام ئەشيالارنى مەنبە قىلىپ، گۈڭگۈرت پوقى، شاپتۇل چېچىكى، گۆش رەڭ، زانكار، زەيتۇنە، ئانارگۈلى، توق قىزىل، ئاچ سېرىق، قارا، سۆسۈن، توق سېرىق، نەشە رەڭ، كاۋا چېچىكى، يېشىل، هاۋا رەڭ، سۇس هاۋا رەڭ، قارا قىزىل، قارا كۆك قاتارلىق نەچچە ئون خىل رەڭ ۋە خىلمۇخىل سىر، پەرداز بۇيۇملىرى ئىشلىگەن.

رەڭ ئىشلەش ئۇسۇلى: ئوخشاش تىپتىكى گۈل - چېچەكلەر دەرەخ قوۋزىقى، مېۋە پوستى قاتارلىقلارنىڭ قايناتما بىرىكمىسىدىن خىلمۇخىل رەڭ ئالغان. مەسىلەن، تۇخۇمەك گۈلى، ئىنەكپىتى (ئابدىمىلىك)، قارىقات، ئالىقات، ئاق يانتاق ئۇرۇقى بىرىكمىسىدىن قارا كۆك رەڭ، ئاق تېرەك پورىدىن پور رەڭ، قارىغاي يېلىمى، هەشقىپىچەك گۈلى، نۆشۇدۇردىن ئاق رەڭ، ئازغان ئۇرۇقىدىن قىزىل رەڭ، پىياز پوستىدىن يېشىل - كۆك رەڭ، تۇز تېشى ۋە باشقا. هەر خىل رۇدىلاردىن كۆك، يېشىل، زەڭگەر رەڭ، زىرىق ئۇرۇقىدىن قىزىل رەڭ، قارا ئۈجمە، قۇرۇم قاتارلىقلاردىن قارا رەڭ، يۇلغۇن چېچىكى، ئانار پوستلىرىدىن ئۆز رەڭگىدە رەڭ، ئوردان بىلەن ياڭاق پوستى بىرىكمىسىدىن جىگەر رەڭ، ئىنئۇزۇمى بىلەن تاجىگۈل چېچىكى بىرىكمىسىدىن ئاچ قىزىل رەڭلەرنى ئىشلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوتەن قاراڭغۇتاغ، ئالتۇنتاغ باغرىدا ئۆسىدىغان هەر خىل گۈل - گىياهلاردىن خىلمۇخىل رەڭ ئالغان.

ئۇيغۇرلار هەر خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەشكىمۇ ماهىر بولغان، ئۇلار لەۋ سۇرۇخ، مەڭز سۇرۇخ، يىتقاق سۇرۇخ، قاشلىق، چاچ مېيى قاتارلىقلارنى خېلى بۇرۇنلا ئىشلىگەن. مەسىلەن، زاراڭزا چېچىكىنى مەلھەم قىلىپ نۆكچە هالىتىدە لەۋ سۇرۇخ، مەڭز سۇرۇخ (ئەڭلىك) ئىشلىسە، گۈلسۇرۇخ بەرگىسىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەبىئىي ئۇپا ياسىغان. خېنىگە مەلۇم نىسبەتتە زەمچە ئارىلاشتۇرۇپ قول - پۇت خېنىسى، ئوسما مەلهىمىدىن قاش قارىسى، شاپتۇل مېغىزى، تۇخۇم سېرىقى، سىيادان يېغى ئارىلاشمىسىدىن چاچ مېيى ياسىغان.

ئۇيغۇرلار قايسى خىل گۈل - چېچەكتىن رەڭ ئالسا، رەڭنى شۇ

گۈل ـ چېچەك ئىسمى بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن، ئانارگۈلى، شاپتۇل چېچىكى، يۇلغۇن چېچىكى، پور رەڭ، نىل رەڭ، كاۋا چېچىكى رەڭ...... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**مەشۇتچىلىق**

مەشۇت — پىششىقلاپ تەييارلىنىدىغان نەپىس يىپەك توقۇلما ماتېرىيالى.

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىختىن بۇيان، 160 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل كەشتە، ياستۇق قېپى، يوتقان تېشى، كۆڭلەك ياقىسى، كۆڭلەك ئېتىكى، يەڭ ئۇچى، چاچ پۆپۈكى، ئۆتۈك، چورۇق پۆپۈكى، قول ياغلىق، پايپاق گۈلى، چاي خالتىسى، تاماكا خالتىسى، يوتقان گۈلى، مېھراب ياپقۇ، ئورۇن ياپقۇ، سائەت بېغى، بۆشۈك پۆپۈكى ھەتتا ئىشتانباغ پۆپۈكىگىچە ھەمدە 100 خىلدىن ئارتۇق دوپپا گۈللىرىگىچە مەشۇت ئىشلىتىپ كەلدى.

مەشۇت ئىشلەش ئۇسۇلى: پىلە غوزىسىنى قۇرۇتۇپ، قازانغا غوزا چۆككىدەك سۇ قۇيۇپ قاينىتىلىدۇ. غوزا پىشقاندا، پىلىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن سوغۇق سۇ قۇيىدۇ ۋە ئوتنى توختىتىپ، قازاندىكى سۇ قول كۆيمىگۈدەك بولغاندا، پىلە غوزىسىنى چىلە ـ چۇپ بىلەن (پىلىنى سۈزىدىغان ياغاچ) كۆتۈرۈپ پىلىنىڭ ئۇچىنى تاپىدۇ ۋە پىلە ئۇچىنىڭ توم ـ ئىنچىكىلىكىنى تەڭشەپ، ئۇچىنى تارتىپ چاققا يۆگەپ تارتىلغان يىپەكنى كاللەك قىلىدۇ. بۇ، يىپەكنىڭ تارتىلىشى. تارتىلغان يىپەكنى چوڭ چاققا يۆگەپ كالۋا قىلىپ، 3 كىلوگىرام يىپەككە 1 كىلوگىرام شاخار سېلىپ 3 سائەت ئەتراپىدا قاينىتىلىدۇ. يىپەك قانچە ئۇزۇن قاينىتىلسا شۇنچە ئاقىرىدۇ ۋە يېشىلىدۇ.

يىپەك شاخاردىن چىققاندىن كېيىن سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ، شاخىرىنى چىقىرىۋېتىپ، قوغۇن ئۇرۇقىنى سوقۇپ، خالتىغا ئېلىپ، ئىلمان سۇغا سېلىپ، يىپەكنى ئاشۇ سۇ بىلەن چايقايدۇ. شاخاردا قاينىتىلىپ ئاقارغان، تالالىرى يېشىلگەن يىپەك قوغۇن ئۇرۇقى سۈيىدە چايقالغاندا تېخىمۇ ئاقىرىدۇ ۋە پارقىرايدۇ. يىپەكنى قوغۇن سۈيىدىن

ئېلىپ سۈزۈك سۇدا چايقايدۇ (ئېقىنى ئاق بويىچە ئىشلىتىدۇ، ئۆڭگەنلىرىنى بويايدۇ). بۇ چاغدا يىپەك رەسمىي مەشۇت بولىدۇ.

مەشۇتنىڭ بوياقچىلىقى ۋە تەڭشەش ئۇسۇلى:

مەشۇت بوياقچىلىقىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بوياش، تەڭشەش ئۇسۇلى ناھايىتى زىل بولىدۇ.

مەشۇت بوياقچىلىقىدا، ھازىر 25 خىل رەڭ تۈرى بار (ئىلگىرى 40 تىن ئاشاتتى). بۇ 25 خىل رەڭ تۈرىنىڭ ئاساسىي رەڭگى سەككىز خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئالتە خىلىدىن 25 خىل رەڭ تەڭشىلىدۇ.

1) گۇگۇت پوقى رەڭگە شاپتۇل چېچىكى رەڭدىن ئازراق قوشۇلسا ئانارگۈلى، تېخىمۇ ئازراق قوشۇلسا قىمىز رەڭ، كۆپ قوشۇلسا قارا قىزىل بولىدۇ.

2) شاپتۇل چېچىكى رەڭنى سۇس تەڭشىسە سۇت رەڭ، ئازراق سېرىق قوشۇلسا ناۋات رەڭ، جىقراق قوشۇلسا توق سېرىق، تېخىمۇ كۆپ قوشۇلسا كاۋا چېچىكى بولىدۇ.

3) گۆش رەڭگە سۆسۈن رەڭ قوشسا سۆسۈن رەڭ، گۇگۇت پوقىغا سېرىق رەڭ قوشسا توق ئانارگۈلى، توق سېرىق قوشسا نەشە رەڭ بولىدۇ.

رەڭ قول كۆيمەيدىغان سۇغا سېلىنىپ تەكشى ئىلەشتۈرۈلىدۇ. مەشۇت رەڭگە سېلىنغاندا، بىر باشتىن سېلىپ، رەڭنى تەكشى ئىچۈرۈۋېلىپ، سالقىن جايدا قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇغان مەشۇتنى رەڭ تۈرى بويىچە كاللەكلەپ، ئاندىن بازارغا سالىدۇ.

## چاق

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىلگىرى ئائىلە ئىشىدىن بوشىغاندا، چاقتا يىپ ئېگىرىپ، ئائىلىنىڭ يىپ ئېھتىياجىدىن چىقاتتى.

چاق ياسىغۇچىلار تەرىپىدىن ياغاچتىن ياسىلىدۇ. 80 سانتىمېتىرلىق تاختايىنىڭ بىر بېشىغا 50 سانتىمېتىرلىق ئىككى ياغاچنى 10 سانتىمېتىر ئارىلىق قويۇپ تۇرغۇزىدۇ. يەنە بىر بېشىغا 20 سانتىمېتىرلىق ئىككى ياغاچنى ئارىلىقىدا تىك تۇرغۇدەك قىلىپ

تۇرغۇزىدۇ. 8 — 16 چىشلىق قىلىپ ياسالغان يۇملاق ئىككى چاقنى پۇزا شەكىللىك ئوقنىڭ ئىككى تەرىپىگە بېكىتىپ، چاقنىڭ قارىمۇقارشى چىشنى يىپ بىلەن ئۇدۇل چېتىپ قويىدۇ ۋە چاق بىلەن يىك ئارىلىقىغا ئۆلچەپ تاناپ بېكىتىدۇ. بۇ تاناپ چاق بىلەن يىكنى ئايلاندۇرىدىغان تاسمىلىق رولىنى ئوينايدۇ.

ئېگىرىش: ئۈچ قىلىنغان پاختىنىڭ بىر ئۇچىدىن بىر غېرىچ يىپ ئېشىلىپ، يىك ئۇچىغا ئىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئوڭ قول بىلەن چاقنىڭ ئوقىنى ئايلاندۇرۇپ، سول قولدا پىلتە پاختىنى سوزىدۇ. يىپ ئېشىپ غولاچ بولغاندا، ئوقنى ئارقىغا ياندۇرۇپ ئېشىلگەن يىپنى يىككە يۆگەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، بىردەمدىلا يىك توشىدۇ، ئاندىن يىكتىكى يىپنى قومۇشقا چاق بىلەن ئوراپ كاللەك قىلىدۇ، قومۇش توشقاندا بازارغا ئەكېلىدۇ.

ئەزەلدىن پاختا ماكانى بولغان قەشقەرنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا چاق ۋە چاق ئېگىرىش ھەربىر ئائىلىلەرگىچە كەڭ ئومۇملاشقان.

چاق ياساش خېلى مۇرەككەپ ھۈنەر - سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەخسۇس ئۇستىكارلىرى بار.

چاقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى كۆپىنچە تىرەك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. يىك بولسا چىلان، ئۆرۈك، يۇلغۇن ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ.

زامانىۋىلاشقان بۈگۈنكى دەۋردە گەرچە يىپ ئېگىرىش ماشىنىلاشقان بولسىمۇ، لېكىن چەت يېزا - قىشلاقلاردا بۇ ئەنئەنىۋى ھۈنەرۋەنچىلىك مەلۇم دائىرىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

# سەككىزىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكى

**ئەتلەس**

ئەتلەس — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستېتىك تەپەككۇرىدا ئۆز يېرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى، گۈزەل باغۇبوستانلىرىنى، يېشىل لىنتىدەك سوزۇلۇپ ئاققان دەريالىرىنى نەپىس ۋە رەڭدار يىپەك بىلەن تەقلىدىي ئىپادە قىلغان سەنئەت خەزىنىسىدۇر.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەتلەس كۆڭلەكنى نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە ئەتىۋارلايدۇ؟ مۇقەددەس كىتابلاردا «جەننەتكە كىرگەنلەر يىپەكتىن كىيىم كىيىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. چۈنكى، ئۇ يىپەكتىن توقۇلغان، سۈپىتى ياخشى، يۇمشاق ھەم نەپىس بولغاچقا، بەدەنگە ھۇزۇر - ھالاۋەت بېغىشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەتلەس ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى رەڭ چۈشەنچىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئەتلەسلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، رەڭگى خىلمۇخىل.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ، يىپەكچىلىك بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان رايونلارنىڭ بىرى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋە قەشقەر رايونلىرىدا يىپەكچىلىك بىرقەدەر بۇرۇن تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇرۇن «يىپەك يولى» دەپ نام قويغۇچى گېرمانىيەلىك مەشھۇر گېئوگراف رىچخوفېن (1833 — 1905) قەدىمكى چاغئەن ۋە ئۇدۇن (خوتەن)نىڭ نەپىس ئىشلەنگەن جۇلالىق يىپەك رەختلىرى «يىپەك يولى» سودىسى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە زور داغدۇغا قوزغىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئەتلەس — ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك قول ھۈنەر مەھسۇلاتى. خوتەن

شەھىرى، لوپ، گۇما، سەئىدىيە، يېڭىسار ۋە قەشقەر ئەتراپىدا ئەتلەس توقۇشنى ھۈنەر - كەسىپ قىلغان نۇرغۇن كاسىپلار بولۇپ، يېپەك سانائىتى زامانىۋىلاشقان بۈگۈنكى زاماندىمۇ ئۇلار قولغا تايىنىپ ئەتلەس توقۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى مىللىي ئادىتىنى يوقاتقىنى يوق.

ئەتلەس توقۇشتا، بوياپ قۇرۇتۇلغان يىپ ئىنچىكە تالاسى بويىچە ئەتلەس دەستىگاھىغا تارتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاراق (مەلۇم بىر خىل يەرلىك چۆپنىڭ يىلتىزىدىن كىيىم چوتكىسىغا ئوخشاش ياسالغان ئەسۋاب) بىلەن يىپنى تەكشىلەپ، يىپەك موبىلىرىنى تازىلايدۇ. ئارقىدىن قوناق ئۇننى سۇيۇلدۇرۇپ يىپنى پاتلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەشۇت يىپ تارالغان چاچتەك تالا - تالا ھالەتكە كېلىدۇ، ئاندىن ئۆرۈش يىپنى موكا بىلەن ئارقاق يىپ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەتلەسنى توقۇشقا باشلايدۇ. توقۇماقچى بولغان ئەتلەسنىڭ رەڭ تۈرى ۋە نۇسخىسى ئۇستىكارنىڭ مېڭىسىگە «سىزىلغان» بولۇپ، ئۇلار ھېچقانداق ئىسخېما تەلەپ قىلمايدۇ.

ئادەتتە قولدا توقۇلغان يەرلىك ئەتلەسنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.40 مېتىر، ئېنى 45 سانتىمېتىر بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ ياش قۇرامىغا قاراپ ئەتلەسنىڭ رەڭگىنى تاللاپ كىيىشكە ئادەتلەنگەن. قارا ئەتلەس (دارايى ئەتلەس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى كۆپرەك يېشى چوڭراق ئاياللار، خان ئەتلەس (ئوچۇق رەڭلىك ئەتلەس)نى قىزلار ۋە چوكانلار، خوجەنە نۇسخا دەپ ئاتالغان كۆك ياكى زەيتۇن رەڭ ئەتلەسنى ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار ياخشى كۆرىدۇ.

دېمەك، ئەتلەس، شايى، بەقەسەملەر روشەن يەرلىك مەھسۇلاتلار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يىپەك رەختلىرىدۇر.

## توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق

ھۈنەر - سەنئەتكە باي ئۇيغۇر خەلقى يىپەك يولىدىكى سودا - ئالاقىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. ئۇلار بۇ مۇنبەت زېمىندا سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىپ تاۋار، دۇردۇن، كىمخاب، شايى -

ئەتلەس، بەقەسەم، ماتا - چەكمەنلەرنى توقۇپ، يىپەك يولى سودىسىنى جانلاندۇرغان.

ئۇيغۇرلار بىرقەدەر تونۇلۇپ ئۇلتۇراقلاشقان خوتەن، سەئىدىيە، قەشقەر قاتارلىق رايونلار يىپەكچىلىكنىڭ ئانا يۇرتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان يىپەكتىن سېرىق، ئات باغرى، قىزىل ئالا، سېرىق ئالا، ئالا قاغا، قارا قاتارلىق كۆپ خىللىق ئەتلەس، تۆمۈر رەڭ، يېشىل، يېشىل ئالا قاغا قاتارلىق 20 نەچچە خىل بەقەسەم، ئاق، سېرىق، ئەت رەڭ، قارا، پور رەڭ شايى، قوش يىپلىق چەكمەن، شايى قاتارلىق رەختلەر، يىپەك گىلەم، جايناماز، مېھراب ياپقۇ، بەلباغ، ئايااللار ياغلىقى، چۈمپەردە، پەرىجە، ھەتتا ئەگلەك شايىلارنى توقۇغان.

پاختىدىن ھەر خىل كاتەكچە، ھەيرانى ۋە ئانارگۈلى، ئالما گۈلى، يۇلغۇن چېچىكى، توز قۇيرۇقى، يېشىل، نىل رەڭ تولىما، شاتاۋار، ئاق قىرغاق سىماۋى تىرىكە، قوش يىپلىق رەڭمۇرەڭ تىرىكە قاتارلىق 70 — 80 خىل گۈللۈك رەخت، كۆپ خىللىق ماتا - چەكمەن (ماتا - چەكمەن ئاق توقۇلۇپ بويىلىدۇ)، ھەر خىل گۈللۈك پالاس، گۈللۈك تاغار، گۈللۈك خۇرجۇن، گۈللۈك ئىشتانباغ قاتارلىق 100 نەچچە خىل پاختا توقۇلمىلارنى توقۇيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تولانغان يىپتىن تىۋىتىلىك توقۇپ، قىزىل، قارا كۆك ياكى نىل رەڭ بىلەن بويىغان چەكمەنلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار يۇڭ توقۇمىچىلىقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار ساپ تۆگە يۇڭىدىن چەكمەن (قىزىقىلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قازىغاندا يۇڭ چەكمەننىڭ تۈرى كۆپ)، تىۋىت رومال، يۇڭ پالاس، كاشا، ئات - ئۇلاغلار ياپقۇسى قاتارلىق كۆپ خىل توقۇلمىلار ۋە يۇڭ تاغار، يۇڭ خۇرجۇن قاتارلىق ئىپتىدائىي يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇغان.

ئۇيغۇرلار بوياقچىلىقتا ماھىر، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بوياقچىلىقى تەرەققىي قىلغان. ئۇلار قىزىل، نىل، قارا، قارا كۆك، زەيتۇن رەڭ، چەيزە رەڭ، شاپتۇل چېچىكى، ئانارگۈلى، خورما رەڭ، توپا رەڭ، ئەت رەڭ، توق سېرىق، تۇخۇم سېرىقى، پور رەڭ، كاۋا چېچىكى قاتارلىق كۆپ خىل رەڭ ئىشلىتىدۇ ۋە ئارىلاشتۇرۇش

ئارقىلىق تۆرىنى كۆپەيتىدۇ، رەڭلەرنى تەڭشەيدۇ.

تەڭشەلگەن رەڭلەردە يىپەك، پاختا، يۇڭ رەختلەرنى بويايدۇ، مەشۇت بويايدۇ. ئۇلار بوياق ئۈچۈن تۇخخۇمەك، زاك، زەمچە، ئانار پوستى، يۇلغۇن چېچىكى، ئۆرۈك قوۋزىقى، ياڭاق پوستى، تۆمۈر دېتى، داشقال قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدۇ. بۇ خىل بوياق مەڭگۈ تورزۇمايدۇ.

ئۇيغۇر توقۇمىچىلىق دەستىگاھلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدۇ. بىر دەستىگاھ ئۈچۈن ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر مەيدان بولسا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ «دۇكان» دەپ ئاتىلىدۇ.

1) دۇكاننىڭ ئالدىغا ئىككى ياغاچ ئورنىتىلىپ ئۇستىگە توغرا ياغاچ قويۇلىدۇ. ئارقا تەرەپكە ئۇستا ئولتۇرىدىغان بىر تاختاي، تاختاي ئالدىغا ئۆرۈش (ماتا) يۆگەش ئۈچۈن بىر چىغرىق ئورنىتىلىدۇ. ئاستى تەرەپكە ئۇستىننىڭ ئىككى پۇتىغا ئۇدۇل قىلىپ ئىككى تەپكە (تاختاي) قويۇلۇپ، تەپكىنىڭ ئۇچىغا شانىغا چىگىش ئۈچۈن بىردىن شوينا بېكىتىپ قويۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق دۇكاننىڭ توقۇش ۋاقتىدا ئىشلىتىدىغان ئىككى شانا، موكا، ناچا قاتارلىق سايمانلىرى بولىدۇ.

2) خام ئەشيا تەييارلاش: چىغرىق ئارقىلىق كېۋەزدىن پاختا ئايرىۋېلىنىدۇ. چىغرىقتا ئىككى ئوق بولۇپ، پۇت بىلەن چىغرىق تەپكىسىنى تېپىش ئارقىلىق ئايلاندۇرۇلغان چوڭ ئوقنىڭ تۇرتكىسى بىلەن چىغرىقنىڭ كىچىك ئوقى ئوڭ قولدا قارىمۇقارشى ئايلاندۇرۇلىدۇ. چىغرىقچى سول قولى بىلەن كېۋەزنى ئىككى ئوق ئارىسىغا يېگۈزۈپ چىگىتنى ئايرىيدۇ. پاختىنى زەي تارتىلغان دۇكان بىلەن ئېتىپ، تالالىرىنى يېشىلدۇرۇپ پىلتە قىلىدۇ. قول چاقىدا ئېگىرىپ قومۇشقا يۆگەيدۇ.

3) ئۆرۈش تارتىش ۋە ئارقاق: ئۆرۈش توقۇلىدىغان رەختنىڭ كەڭلىكىگە قاراپ تارتىلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى چەكلەنمەيدۇ. ئۆرۈش يىپىنىڭ بىر ئۇچى ئىككى شانا ۋادىكىدىن ئۇدۇل ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇستا ئالدىدىكى

چىغىرىقتا يۇگىلىدۇ. يەنە بىر ئۇچى دۇكاننىڭ ئالدى تەرىپىدىكى دارغا ئارتىلىپ ئاستىغا مۇۋاپىق ئېغىرلىقتا تاش ئېسىپ ئۇرۇشنى تەكشىلەيدۇ، ئىككى شانىغا ئىككى تەكىدىكى شوينىنى باغلايدۇ. ئارقاق ئۇچۇن ناچا، موكا تەييارلايدۇ.

4) توقۇش ئۇسۇلى: ئۇستا ئورنىدا ئولتۇرۇپ، قولىغا موكا ئالىدۇ ۋە ئىككى بارمىقى بىلەن شانىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ بىر پۇتى بىلەن بىر تەپكىنى تېپىدۇ. شانىنىڭ بىرى كۆتۈرۈلۈپ يىپ ئېكس (×) شەكلى هاسىل قىلىدۇ. موكا ئېكس ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇستا موكىنى تۇتۇۋېلىپ بارماق قولىنى شانىدىن ئالىدۇ. شانا ئارقىغا يېنىپ توقۇلغان يىپقا تېگىپ ئۇنى چىڭدايدۇ. شۇنداق قىلىپ موكا تىنىم تاپماي ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ يۈرۈپ، ئارقاق بىلەن ئۇرۇشنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تىنىم تاپماي يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان كىشىلەرنى «باپكارنىڭ موكىسى»غا ئوخشىتىش ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

**سەرگەزچىلىك ۋە گۈل بېسىش**

ئۇيغۇرلاردا رەختلەرگە هەر خىل گۈل بېسىشمۇ بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە ئەنئەنىۋى هۈنەر سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلگەن. سەرگەز، هەمرەك، زەدىۋاللار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

سەرگەزنىڭ رەختى ئاق ماتا بولۇپ، گۈلى ياغاچ ئويما، نەقىشلىرىنىڭ نۇسخىسى شاخچە گۈل، چارچە گۈلدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاساسى خورۇجى يەرلىك ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىغان كاتاپ قارا بولۇپ، ئۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ. 30 جىڭ سۇغا 1 جىڭ ئۇن سېلىپ قاينىتىلىدۇ. تۆمۈر دېتى، داشقال، سوققان يېلىمنى خالتىغا سېلىپ ئۇنىڭغا قوشىدۇ. ئۇ يازدا 8 — 10 كۈن، كۈزدە 10 — 20 كۈن تۇرغاندا، جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭغا زەمچىنى ئېرىتىپ، قاينىتىلغان تۇخۇمەكنى قوشقاندىن كېيىن داسقا ئېلىپ، ئۇستىگە دۇغ ئۆتمەسلىك ئۇچۇن كىگىز، ماتا قويۇپ، نەم ئۇستىگە چىققاندا، رەڭ چوتكىسى بىلەن ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مازغاپلىشىدۇ. ئەنە شۇ

مازغاپلىق بىرىكمە «كاتاپ قارا» دېيىلىدۇ. كاتاپ قارا بىلەن گۈل بېسىشتىن بۇرۇن ئاق ماتانى شاخار سۈيى بىلەن قاينىتىۋالغاندىن كېيىن، بۆرەك شەكلىدە ياسالغان كۆتەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ياغاچ بولقا بىلەن سوقۇپ ئۇنى يۇمشىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، تەخمىنەن ئون ماتاغا 100 گىرام ھېلىلىنى ئېرىتىپ، سۈيىگە ماتانى چىلاپ ھېلىلە سۈيىنى ماتاغا سىڭدۈرىدۇ. ماتانى قۇرۇتۇپ، گۈل بېسىش تاختىسىغا يايىدۇ.

تەييارلانغان كاتاپ قارىغا قېلىپنى تەگكۈزۈپ ماتا ئۈستىگە باسىدۇ. كاتاپ قارىغا قايسى رەڭنى سالسا، سەرگەز رەڭگى شۇ رەڭدە بولىدۇ. سەرگەزنى يەنە سۈزۈك سۇدا چايقاپ دۇغلارنى چىقىرىپ يەنە سوقىدۇ، سەرگەز يۇمشاپ ئەسلىگە كېلىدۇ. بىرقانچە قېتىملىق سۇدا چايقالغان بۇ سەرگەزنىڭ رەڭگى نەچچە يۈز يىلدىمۇ توزۇمايدۇ.

ھەمىزەكنىڭ رەختىمۇ ئاق ماتا. ماتا شاخار سۈيى بىلەن قاينىتىپ يۇمشىتىلىدۇ، ئاندىن ئۆلچەملىك ھاك، سوپۇن، يېلىمنى بىرلەشتۈرۈپ ئېرىتىپ تەشتەككە سېلىنىدۇ. ھەمىزەك قېلىپى تۆمۈر، تۇنىكىدىن ياسالغان بولۇپ، گۈل ئورنى ئويۇق بولىدۇ. تەشتەكتە تەييارلانغان ھاك، سوپۇن ئېرىتمىسىنى چوتكا بىلەن سۈرگەندە، ماتادا ئاق گۈل ئىزى قالىدۇ، ئاندىن ماتا نىل رەڭگە سېلىنىدۇ. رەڭدىن چىققاندا، ئاق گۈل توزۇندىلىرى چۈشۈپ ئاق ئىزى قالىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەمىزىكى مىڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان بولۇپ، بۇ خىل ھەمىزەك ئىچكىرىدە ھازىرغىچە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىدىكى زەدىۋالمۇ ئەسلىدە ئاق رەخت بولۇپ، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن تۆمۈر قېلىپ بىلەن ھەمىزەك ئىشلىگەن ئۇسۇلدا ئىشلەيدۇ. ھەمىزەك ئۇيغۇر ئائىلىسىدە يوتقانغا ئىشلىتىلسە، زەدىۋال ھەربىر ئۆينىڭ تېمىغا تارتىلىدۇ.

جايناماز، مەرەپ ياپقۇلارنىڭ گۈل نۇسخىسى قۇببە، مېھراب شەكلىدە بولۇپ، مەسچىت دەرۋازىسى ياكى مېھرابلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بەزى ئۇستىلار بەيتۇللانىڭ شەكلىنى چۈشۈرىدۇ. بۇلارنىڭ خام ئەشياسى يەنىلا ئاق ماتا بولۇپ، ماتانى شاخار سۈيىدە قاينىتىپ، سوقۇپ

يۇمشتىپ، داۋا، يۇلغۇن چېچىكى، ئانار پوستىنى زاك بىلەن قايىنتىپ كاتاپقا ئارىلاشتۇرۇپ گۈل باسىدۇ. گۈلدىن چىققان جايىنى ماز، مېھراب ياپقۇلارنى سۆزۈك سۇدا يۇيۇپ دوغلارنى چىقىرىپ، قايتا سوقۇپ ماتانى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىشلىتىدۇ.

## جۇۋىچىلىق

جۇۋىچىلىقنىڭ تۈرى كۆپ، رەختى، رەڭگى خىلمۇخىل. ئۇيغۇرلار قوي، تۈلكە، بۆرە، سۇلەيسۇن، تىيىن، قاما، سۇغۇر، سۆسەر، كەمچەت، ئەلتېرە قاتارلىق 80 نەچچە خىل ھايۋان تېرىسىدىن جۇۋا تىكىدۇ. ئۇيغۇر جۇۋىلىرى تاشلىق، تاشسىز ئىككى خىل بولىدۇ. تاشلىق جۇۋىلارغا مەخمەل، دۇخاۋا، موۋۇت، سارجا، باستون، كىبىرىكوت، ھەر خىل تېرىكە، چىبەرقۇت، چەكمەن قاتارلىقلارنى تاش قىلىدۇ.

تاشسىز جۇۋىلارنىڭ تېرە يۈزىنى ئاق قالدۇرىدۇ ياكى قارا، سېرىق، پور رەڭ، جىگەر رەڭ بىلەن بويايدۇ.

جۇۋىچىلىق سايمانلىرى: قايچا (رەخت كېسىشكە ئىشلىتىدۇ)، تېرە كېسىدىغان پىچاق، ئەندىزە، يىپ - يىڭنە، ئويماق، گەز، شىلىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تېرە پىششىقلاش ئۇسۇلى: جۇۋا تىكىدىغان ھەرقانداق تېرە ئالدى بىلەن سۇغا چىلاپ يۇمشىتىلىپ، تېرىدىكى ياغ، گۆش، شۇللۇق ئەتلەر قىرىۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇن بىلەن ئاشلايدۇ، تېرە ئاشتىن چىققاندىن كېيىن ئەيلەيدۇ ۋە ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىدۇ. تېرە سىقىمغا سىغقۇدەك يۇمشىغاندا، تېرىنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈپ تېخىمۇ يۇمشىتىپ تېرىنى تارتىشتۇرۇپ، قورۇق، قىيپاچ ئورۇنلىرىنى تۈزەپ تامغا تارتىپ مىخلاپ كېرىيدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېرىدىكى ئۆلچەمسىز ئورۇنلار تۈزلىنىدۇ.

كېسىش ئۇسۇلى: تېرىنىڭ يۈزى تەرىپىدىن ئەندىزە قويۇپ، تېرە كېسىش پىچىقى بىلەن كېسىدۇ. رەخت كىيىم كەسكەندەك پارچە بولىدۇ، ئاندىن تىكىدۇ. تىككەندە تېرىنىڭ يۇڭىنى ئىچىگە قىلىپ يۈزى تەرەپنى جۈپلەشتۈرۈپ يىپ بىلەن يۆمەيدۇ. پەش، ياقا، يەڭ ئۇلتۇرغۇزۇشلار چاپان تىكىشكە ئوخشىشىدۇ، جۇۋىنىڭ تاشلىقىنى قايچا

بىلەن كېسىپ ئىلگىرى قول بىلەن ھازىر ماشىنا بىلەن تىكىپ پۈتكۈزۈپ، جۈۋىنىڭ ئۈستىگە كىيدۈرگەندىن كېيىن، ياقا، ئېتەكلىرىنى يۆمەيدۇ. ئەگەر چوڭ ياقىلىق ياكى كەمچەت، قاما، تۈلكە ياكى كۆرپە ياقا بولسا، بۇنى ئايرىم ئۇلتۇرغۇزىدۇ.

تاشىسىز جۈۋىلارنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ، ئالدى پەش ۋە ئاستى تەرەپ پۇچقاقلىرىغا، شۇنداقلا يەڭ ئۇچلىرىغا 2 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بىر خىل رەڭلىك ئەلتېرىدىن زىغزىق تۇتۇلىدۇ. زىغزىقنىڭ لېۋىگە تېرىدىن تىرناق چوڭلۇقىدا ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك نەقىش ئويۇلىدۇ. تاشىسىز جۈۋا ئاساسەن تون شەكلىدە تىكىلىدۇ.

### تۇماقچىلىق

ئۇيغۇر تۇماقچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا، ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى يەرلىك تۇماقلارنى كىيىشنى ئۆزلىرىنىڭ غۇرۇرى، سەلتەنىتى دەپ بىلىدۇ. ھەممە جاينىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تۇمىقى بولغىنىدەك، قەشقەرلىكلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تۇمىقى بار. تۇماقچىلىق ئاتا كەسىپ سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇر تۇماقلىرى يارىشىملىق، ئىسسىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى، گۈل قىسىپ كىيىشكە، ئالدى - ئارقىنى ئايلاندۇرۇپ كىيىشكىمۇ ئەپلىك.

تۇماق رەختى: قولى چېۋەر ئۇستىلار تۇماق رەختى ئۈچۈن كەمچەت، قاما، سۆسەر، تىيىن، تۈلكە، سۈلەيسۈن، سۇغۇر، ئەلتېرە، قوي، ئۆچكە، ئات تېرىسى قاتارلىق 183 خىل ھايۋانات تېرىسىنى، تاش ئۈچۈن دۇخاۋا، مەخمەل، مووۇت قاتارلىق ھەر خىل ئېسىل رەخت ۋە ئەستەر ئۈچۈن ھەر خىل رەختلەرنى ئىشلىتىدۇ.

تۈرى: ئۇيغۇرلارنىڭ تۇماقلىرى ئەرەنچە، ئايالچە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنۈش بىلەن بىرگە، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلار، ياشانغانلار، دىنىي زاتلار تۇمىقى ۋە خىلمۇخىل يەرلىك تۇماقلارغا، مەسىلەن ئاتۇش تۇمىقى، پەيزاۋات تۇمىقى، قەشقەر، خوتەن، كېرىيە تۇمىقى، قاغىلىق

توْمىقى، مەكىت توْمىقى، يىڭىسار ساغان توْمىقى، كۇچا توْمىقى، قومۇل توْمىقى دېگەنگە ئوخشاش يەرلىك تۈر، نۇسخىلارغا بۆلۈنىدۇ.

توْماقچىلىق سايمانلىرى: تېرە كېسىدىغان پىچاق، ئەستەر، تاشلىق رەخت كېسىدىغان قايچا، يىپ - يىڭنە، پاختا، قېلىپ، ناۋات، چىۋىق، قارىگۈل، رەڭ ۋە باشقا پەرداز بويۇملىرى.

تىكىلىشى: ھەرقانداق تېرە ئالدى بىلەن ئۇندا ئاشلىنىپ، قۇرۇتۇلۇپ، ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىلىدۇ. كېيىنچە، تېرىنىڭ يۈزىدىن ئەندىزە قويۇپ توْت تالالىق، ئالتە تالالىق قىلىپ ئۆلچەملىك كەسكەندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ، توْماقنىڭ تۆپىسىنى پۈتكۈزىدۇ. ئەگەر توْماق ياكى قۇلاقچىلارغا ئەستەر ئالماقچى بولسا، رەختكە پاختا سېلىپ سىيرىپ، تۆپە تالاسىدەك كېسىپ چىقىپ، تۆپىنى ئەستەرگە كىيدۈرىدۇ. ئەتراپىنى يۆمەپ تىكىپ بولۇپ، قېلىپقا سېلىپ قايچا بىلەن موْيلىرىنى قىرقىپ تەكشىلەيدۇ ۋە سۇ پۈركۈپ موْيىنى چىۋىقلاپ، سۇنئىي بۇدۇر قىلىدۇ. بۇدۇرنىڭ ئاسان بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ناۋات شىرنىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ موْيغا پۈركۈيدۇ، ئاندىن قېلىپتىن چىقىرىپ بازارغا سالىدۇ.

ئەگەر ئىشلەتكەن تېرىنىڭ موْيى ئالىپاساق بولۇپ قالسا، ئۆز رەڭگىگە ئوخشىتىپ بويايدۇ. توْماق، قۇلاقچا قاتارلىقلارنىڭ تۆپىسى خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بولسا، ئۆز رەڭگىدە قارىگۈل ياكى ئۆتۈك مېيى بىلەن پەردازلايدۇ. ئاق تېرە توْماقلارغا ئاق سىزىقچە گۈل چىقىرىدۇ ۋە گەج بىلەن ئاق پەرداز بېرىدۇ.

## كۆنچىلىك

كۆنچىلىك قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسپلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

خۇرۇجلار: ھاك، شور، تۇز، كاتاپ قاتارلىقلارنى تېرىنى ئاشلاش، كۆپتۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ. كەمەك، ھېلىلە، زاك، رەڭ، ئۆرۈك قوۋزىقى، ئانار پوستى قاتارلىقلارنى رەڭ ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. قومۇش، زىغىر ياغلىنى ئىسلاش، پىشۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ. چىغ ۋە تېرىقنى چىگرىن،

مەسكاپـقا گـۈل چىقىرىـشقا، سـۇ يېغـى، قېيىن يېغىنـى پەردازغـا ئىشلىتىدۇ.

كۆنچىلىك سايمانلىرى: ئاش تۈگى، سېسىق سۇ قـۇدۇقى، داس، ئورغـاق، شـور قـازىنى، قاشـتاش، سـىمتراش، چـاك كەكە، پەشـگەھ، ئىتتىك ۋە گال كەكە، بادرا.

ئىشلەيدىغان مەھسۇلاتلار: خامان كۆن، شورلۇق كـۆن، چىگـرىن، مەسـكاپ، بۇلغـارى، بـىشۇ (ئەسـتەر)، لايكـا، چەم، ئـات ئـېگەر ـ جابدۇقى، هارۋا جابدۇق رەختلىرى.

ئـىشلەش ئۇسـۇلى: ھەرقانـداق تېرىنـى دەسـلەپتە سـۇغا چىلاپ يۇمشىتىدۇ، ئانـدىن بەز، گـۆش، يـاغلارنى قىرىۋېتـىپ، هـاك سۇيىگە چىلاپ ئاشلايدۇ؛ يـۇڭىنى قىرقىـپ ئېلىۋېتـىپ، سېسىق سـۇ قۇدۇقىغا سـالىدۇ (ئـۇزۇن يىـل تېـرە سـالغان بـۇ سـۇ ئېچىـپ تەبىئىـي ئېچىتقۇ بولغان). بۇنىڭ بىلەن تېرىـدىن هـاك چىقىـپ كېتىـپ تېـرە يۇمشايدۇ، ئاندىن ئۆلاقتىكى شور سۇيىگە كەپتەر مايىقى سېلىپ، كەپـتەر مـايىقىنى تېـرىگە يېگۈزىـدۇ. شـوردىن چىققـان تېرىنـىڭ يـۈزىنى يەنە بىـر قېتىم قىرىـپ سىرىقسۇ، يـاۋا تـۆكلەرنى چىقىرىۋېتـىپ، قازانغـا شـور سـېلىپ، تېرىنى بېسىپ قاينىتىـپ شورلايدۇ، ئانـدىن شـوردىن چىققـان تېرىنـى قومـۇش بىـلەن زىغىـر پـاخىلىنى ئارىلاشـتۇرۇپ قـالاپ بىرقـانچە قېتىم ئىسلايدۇ. تېرىنى ھەر قېتىم ئىسلىغاندا، كەمەك سۇيىگە چىلاپ قويىدۇ. ئىـس ۋە كەمەك سـۇيى بىـلەن تېـرە سـارغىيىدۇ. تېرىنـى قۇرۇتـۇپ بولغانـدىن كېيىـن ئـۇۋۇلاپ يۇمـشىتىدۇ، ئانـدىن سـۇ يېغـى پۈركـۈپ، ئۈسـتىدىن قاشـتاش سـۈرۈپ پەردازلايـدۇ. قـارا كـۆننى قـارىگۈل، ئانـار پوستى، كاتاپ بىلەن قارىغا بويايـدۇ. چەممۇ يۇقىرىقىـدەك ئىشلىنىدۇ. رەڭ بېرىـشتە پەرق قىلىـدۇ. لايكىنـى ئۇنـدا ئىـشلەيدۇ. باشـقا ياسـاش ئۇسۇلى ئوخشاش.

ئـېگەر ـ جابـدۇق، هـارۋا جابـدۇق رەختلىرىنـى تۆۋەنـدىكىچە ئىشلەيدۇ: تېرىنى ئالدى بىلەن سۇدا پىشۇرىدۇ، قوۋزاقتا باسماي قىيىش ئـىشلەيدۇ. هـاكتىن چىققـان تېرىنـىڭ يـۇڭىنى ئېلىۋېتـىپ، ئـىسلاپ، هـاكنى چىقىرىۋېتـىپ، بـۇ تېـرىگە 10 جىـڭ هېسابىدا ئـۇن سـېلىپ

ئاشلايدۇ، بۇنىڭدىن يوگەن، ئۆزەڭگە باغ، نوختىنغا لايىق رەخت ئىشلەيدۇ.

## كىگىزچىلىك

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە كىگىزچىلىك ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ؛ تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، رەڭدارلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇرلار يۇڭنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى ئاساس، گۈل بېشىنى قوشۇمچە قىلىپ خىلمۇخىل كىگىز ئېتىدۇ. ئاق يۇڭدا جايناماز ۋە گۈللۈك چۈچىلىق ئاق كىگىز، قارا يۇڭدا قارا كىگىز ۋە ھەر خىل گۈللۈك كىگىز، ناماتمان، شىرداق قاتارلىقلارنى ياسايدۇ.

كىگىزنىڭ ماتېرىيالى: قوي يۇڭى، ئۆچكە يۇڭى، سۇ، كۆنجۈرە ۋە ھەر خىل بوياقلاردىن ئىبارەت.

سايمانلىرى: چىغ (چىغدان)، ساۋاق، يۇڭ ئاتىدىغان دۇكان، سالغۇ، پالاس، ئارقان، سوپۇرگە ۋە پۇت كۆچى.

كىگىز ئېتىش ئۇسۇلى: يۇڭ رەڭگى بويىچە تاللىنىدۇ. تاللانغان يۇڭ يۇيۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇغان يۇڭنى ساۋاق بىلەن ساۋاپ يېتىلدۈرۈپ، يۇڭ ئاتىدىغان دۇكان بىلەن ئاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەييارلانغان چىغنى يەرگە يېيىپ، چىغ ئۈستىگە ئېتىلگەن يۇڭنى سالغۇ بىلەن تەكشى سېلىپ، ئۈستىگە كۆنجۈرە چىلانغان ئىسسىق سۇ سېپىدۇ، چۆرىسىگە چۈچا قويىدۇ. ئۈستىگە ئىككىنچى قەۋەت يۇڭنى سالغاندىن كېيىن، يۇڭنى چىغ ئارىسىغا ئېلىپ تۈرتەكلەپ يۆگەيدۇ. ئۈستىدىن پالاس يۆگەپ، ئارغامچا بىلەن تېڭىپ، ئىككى كىشى پۇتى بىلەن تەكشى تېپىپ دومىلىتىدۇ. يۇڭ كىرىشكەندىن كېيىن يۇڭنى تەتۈر ئۆرۈپ تېڭىپ يەنە دومىلىتىدۇ. بۇنداق دومىلىتىش 3 — 4 قېتىم تەكرارلانغاندا يۇڭ پىشىدۇ، ئاندىن ئىككى كىشى بىلىكى بىلەن دومىلىتىپ، سىلىغايتىپ پىشۇرىدۇ. كىگىز تەييار بولغاندا يېشىپ قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، سوپۇرۇپ ياۋا قىللارنى تازىلاپ، كىگىزنىڭ يۈزىنى تەكشىلەيدۇ.

گۈل بېسىش: گۈل ئۈچۈن قايسى رەڭ لازىم بولسا، شۇ رەڭدە بويالغان يۇڭنى كىگىز قىلىپ پىشۇرۇۋالىدۇ. لازىم بولغان نۇسخىنى ئويۇپ، كىگىز يۇڭى سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، نۇسخا ئورنىدا ئۈستىگە قويۇپ كىگىز بىلەن بىرلىكتە پىشۇرىدۇ.

## توققۇزىنچى باب

# قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى

بىز يۇقىرىقى بابلاردا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى بىرقەدەر تىپىكلىككە ئىگە بولغان تۈر ۋە ژانىرلىرىنى ماكرولۇق نۇقتىدىن قىسقىچە بايان قىلدۇق. ئەگەر ھەربىر ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ۋە تەلىپى، ئەمەلىي ئىقتىدارى، ئۈسكۈنە ـ جاھازلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ياسىلىش، قۇراشتۇرۇلۇش تەرتىپلىرى...... قاتارلىقلارنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، بىرقانچە كىتاب تۈزۈلسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. كەلگۈسىدە «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك قامۇسى» ئىشلەنسە، بۇ تېمىلار ئاندىن تولۇق يورۇتۇلۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قەشقەر ئۆزىنىڭ قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرى بىلەن «ھۈنەرۋەنلەر ماكانى» دېيىلىپ، تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن ئالىملار ۋە سەيياھلار بۇ ھەقتە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «سۇلى (قەشقەر) بەگلىكىنىڭ مەركىزى سۇلى شەھىرىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتتى مول، بازارلىرى ئاۋات......» دېگەن خاتىرە ئۇچرايدۇ.[1]

ئىتالىيەلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى ماركوپولو قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىدىن تەسىرلىنىپ:

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 2 ـ توم، 606 ـ بەت.

«قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تىرىك مۇزېيى ئىكەن، ھەممە كوچىلىرىدىن ھۈنەر - سەنئەتنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىكەن......» [1] دېگەن. پارس تارىخچىسى گەردىزى ئۆزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە: «قەشقەر بازارلىرىدىكى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاياغ بېسىپ ماڭغىلى بولمايدۇ......» [2] دەپ يازغان. قىسقىسى «ھۈنەر - سەنئەتنى ئىسكىلاتى» دەپ تەرىپلەنگەن بۇ سېھىرلىك زېمىنغا ئاياغ باسقان ھەرقانداق بىر سەيياھنىڭ تەسىرات خاتىرىسىنىڭ بىرىنچى بېتى بۇ يۇرتنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىن باشلانغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان.

دەرۋەقە، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا تۈزۈلگەن «قەشقەر تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئازادلىقتىن بۇرۇن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ 25% دىن كۆپرەكى مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ھەر خىل قول ھۈنەر - كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىرقەدەر مەركەزلەشكەن قەشقەر شەھەر ئىچى ۋە ناھىيە بازارلىرىدا بولسا 50% دىن كۆپرەك ئاھالە ھەر خىل ھۈنەر - كەسپكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. ئەنە شۇنداق چوڭ نىسبەتنى ئىگىلىگەن ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر گۇرۇھ سۈپىتىدە مەخسۇسلاشقان مەنزىرىسىنى 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق سۈرەتلىگەن:

يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ھۈنەرۋەن ئېرور،
تىرىكلىك يولىدا ھۈنەرلەر قىلۇر.

بۇ دۇنيا زىننىتى بۇلاردىن بولۇر،
جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.

---

① ② ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 - يىلى 2 - توم، 606 - بەت.

سانا ۋەرسە كۆپتۇر، سۆزۈم ئۇزىرار،
ئۈزەيمەن سۆزۈمنى، ئۆزۈڭ سەن ئاڭقار.[1]

ياپونىيە فولكلورشۇناسلىرىنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرلىرى ھەققىدە مەخسۇس رىسالە (قوللانما) تۈزۈپ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغان مىللەتلەر ئانچە كۆپ ئەمەسكەن.

ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر رىسالىچىلىكى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، قەشقەر رايونىدىلا بۈگۈندىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى پۈتۈلگەن «قول ھۈنەر رىسالىلىرى» نىڭ تۈرى 150 دىن ئاشىدىكەن. دەرۋەقە، فولكلورلۇق تۈسكە ئىگە بولغان بۇ ھۈنەر - سەنئەت رىسالىلىرى مەزمۇن جەھەتتىن بەزى دىنىي تەركىبلەردىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن قول ھۈنەر ئىگىلىكى كۈنسېرى تارىيىۋاتقان ۋە يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، بۇ «قول ھۈنەر رىسالىلىرى» نىڭ تارىخى ۋە ئىلمىي قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن پۈتۈلگەن ئەنە شۇ رىسالىلەرنىڭ بەركاتى بىلەن ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئېتىقادلىق ۋە ئىستىقباللىق كەسىپ زەنجىرىنى ھاسىل قىلىپ، بىر پۈتۈن مىللىي ئىگىلىكتە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئۈنۈم يارىتىدىغان ئۇنىۋېرسال تېخنىكىلىق ھۈنەر - سەنئەت تۈرىگە ئايلانغان.

قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەرقايسى رايون ۋە مىللەتلەردە ئورتاق مەۋجۇت بولغان بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما تەرەققىيات دەرىجىسى، ئومۇملىشىش دائىرىسى جەھەتلەردە بەلگىلىك پەرق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى ۋە ۋارىسچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئاتىدىن بالىغا، ئۇستازىدىن

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىگ»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى، 4456 - ، 4459 - ، 4460 - بېيىتلار.

شاگىرتىغا مىراس قالىدۇ. ۋاھالەنكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەر، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ زەربىسى ئاستىدا، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ئىگىلىكى دۇنياۋى كىرىزىسقا دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر-ۋەنچىلىكىنى قوغداش، ئېچىش دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ يۇكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. نەتىجىدە، 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ 32 ـ نۆۋەتلىك چوڭ يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» دا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئومۇميۈزلۈك قوغدىلىدىغان بەش چوڭ تۈرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ قول ھۈنەر ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كارخانىلار بۇ «ھۈنەر ـ سەنئەت ماكانى» نىڭ قول ھۈنەر ۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىنى قايتا جۇلالاندۇرۇشقا بەل باغلاپ، بۇ ساھەدە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇنىڭغا «قەشقەر سەمەن ساياھەتچىلىك كەسپىي گۇرۇھى» نىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، قوغداش ۋە ئېچىش جەھەتتىكى ئەمەلىي خىزمەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ.

«مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا ـ بازار كارخانىچىسى»، «يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى بويىچە مەملىكەتلىك 100 كۈچلۈك كارخانا» نىڭ بىرى، «ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا ـ بازار كارخانىچىسى» قاتارلىق كۆپلىگەن نام ـ شەرەپلەرنىڭ ساھىبى بولغان قەشقەر سەمەن ساياھەتچىلىك كەسپىي (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ باش لىدىرى، دېھقان پەرزەنتى ئىبراھىم مۇسا (ئەل ئىچىدىكى نامى ئۇرايىم سەمەن) گوۋۋيۈەنىنىڭ «4 ـ (2005)» نومۇرلۇق ۋە «18 ـ (2006) نومۇرلۇق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش ھەققىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەرنىڭ روھى ۋە ئىلھامى ئاستىدا، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، شىركەت مەركىزى قەشقەر سەمەن كاتتا مېھمانخانىسى قورۇسى ئىچىدە «قەشقەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك باغچىسى» نى قۇرۇپ چىققان. بۇ «باغچە» دىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرى 70 نەچچە خىلغا، ئۇنىڭدا ئەمەلىي مەشغۇلات ئىشلەپ ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ئۇستىكارلارنىڭ سانى 150 دىن ئارتۇق كېلىشكە يەتكەن.

«قەشقەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك باغچىسى» بىر پۈتۈن ئۇنىۋېرسال گەۋدە سۈپىتىدە مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكى 15 چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن:

## 1. ئەنئەنىۋى بىناكارلىق

بۇ تۈر مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقى، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى بىناكارلىقى، مەسچىت - مەدرىسە بىناكارلىقى، قەلئە - قورغان بىناكارلىقى، مازار بىناكارلىقى، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى بىناكارلىقى قاتارلىق ئالتە خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئىش تەرتىپى ۋە ھۈنەر شەكلى جەھەتتىن تامچىلىق، سۇۋاقچىلىق، ياغاچچىلىق، ئويمىچىلىق، گەجخاچىلىق، نەققاشلىق، خۇشخەتچىلىك، سىرچىلىق، ئەينەكچىلىك، فارفۇرچىلىق، مېتالچىلىق، قاڭالتىرچىلىق...... قاتارلىق 12 خىلغا ئايرىلغان. قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقى خاسلىققا ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئاساسەن توپا - ياغاچ، ياغاچ - تاش، كېسەك (پىششىق كېسەك ۋە خام كېسەك) - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، بىر يۈرۈش ئىچكىرى ۋە تاشقىرى قىلىپ ياسالغان ھەمدە ئولتۇراق ئۆي (مېھمانخانا)، دەھلىز، ياتاق ئۆي، ئاشخانا، قازناق، سەراپ (ئەۋرەزخانا)، پېشايۋان، ھويلا - ئارام، گۈللۈك، باغ، قوتان، بالىخانا، يازلىق چايخانا، ھاجەتخانا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تىپىك ئايۋان - سارايلىق،

هويلا - ئارانلىق قۇرۇلۇش شەكلىنى ئالغان. ئۆيىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى مەرەپ، تەكچە، تاختىبېشى (لىمتاق)، ئويۇق، مورا، ئوچاق، تۈگلۈك، كات - ساندۇق، سۇپا، چارشاپ (زەدىۋال)، پەنجىرە - قاپقا (ئىشىك) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. قەشقەر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك باغچىسى ئەڭ دەسلەپ قەشقەر بىناكارلىق سەنئەت تۈرى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، «باغچە» ئىچىگە قوپۇرۇلغان بىر يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي قەشقەر ئەنئەنىۋى بىناكارلىقىنىڭ ئۆزگىچە خاس ھەممە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

### 2. دان ئايرىش ۋە يانجىش ئەسۋابلىرى

«قەشقەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك باغچىسى» دا بۇ تۈرگە مەنسۇپ بولغان ھۈنەرلەردىن يارغۇنچاق، سۇ تۈگمىنى، يەرلىك سوقا، جۇۋاز قاتارلىق چوڭ تۆت خىل ھۈنەر ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭغا يەنە تۇلۇق (خامان تېشى)، سەكسەن پۇت قاتارلىق يانجىش سايمانلىرىمۇ قويۇلغان.

### 3. كۇلالچىلىق

كۇلالچىلىققا مەنسۇپ بولغان ھۈنەر بۇيۇملىرىدىن تاۋاق، قۇمرا، چوڭ ئىدىش، كۇپ، ئىۋرىق (چۆگۈن)، فارفۇر چەينەك، لېگەن - تەخسە، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، خاتىرە قاتارلىقلار بولۇپ، ھەممىسى سېغىز لايدىن ياسالغان.

### 4. ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياساش

ياغاچ ساپان — بوقۇسا، ئارا - گۈرجەك، خامان تېشى، توقسان تۇلۇق (بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ دانلىرىنى يانجىپ ئايرىشتا ئىشلىتىدىغان ياغاچ تۇلۇق)، زەمبىل، ئورغاق، تىرنا، بەلچە سۆرەم، سېۋەت، قول ھارۋا، مەپە، يارىيار ھارۋا، چىغرىق، چاق...... قاتارلىقلار.

**5. ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرى**

ياغاچ قاچا، قوشۇق، كاساڭ (تەڭنە)، چەينەك، لېگەن، قوشۇقلۇق، چىراغ، ساندۇق، ياغاچ ھاۋانچا، ئاشتاختا، پۇزا، لاخشىگىر، مىسۋاك، تۇكچە، گۈل بېسىش تامغىلىرى قاتارلىقلار.

**6. ياغاچ ئۆيمىچىلىقى**

بۆشۈك، ئويما پەنجىرە، ھەر خىل ئويما نەقىشلەر، ياغاچ قورچاق، لوك (قۇلۇپ)، نەپىس بۇيۇملار ۋە باشقىلار.

**7. سەرراچلىق**

ئات ئېگەر - جابدۇقلىرى، ھارۋا جابدۇقلىرى، يۇگەن، نوختا، ئۈزەڭگە، ئۇچلۇق، قۇش باشلىق قەدىمكى ئېگەر، توقۇم - مۆلە ۋە باشقىلار.

**8. تۆمۈرچىلىك ۋە مىسكەرلىك**

كەتمەن، كۈرەك، ئورغاق، بولقا، بازغان، ئات تاقىسى، ناھال، مىخ، قاماق، كويزا - كىشەن، قاپقان، زەنجىر، ئىشىك ھالقىسى، قۇلۇپ، پىچاق، ئۇستىرا، قايچا، قىڭراق، قىلىچ، رەندە تىغى، ئىسكىنە، ئۇشكە، كەكە، پالتا، ئېكەك، دەرەش، قازان - قومۇچ، مىس چەينەك، چۆگۈن، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، جىمبىل، داڭقان...... قاتارلىقلار.

**9. موزدۇزلۇق**

قىشلىق ئاياغ، يازلىق ئاياغ، ئەزەنچە، ئايالچە، باللار ئاياغلىرى قاتارلىق ئاياغلارنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى.

**10. چالغۇ ئەسۋاب**

قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى، دۇتار، تەمبۇر، غېجەك، قالۇن،

نەي، داپ، ناغرا، بۇرغا، پىپى (بالمان)، چاق - چۇق، چاڭ، ساتار...... قاتارلىقلار.

### 11. دوپپا - تۇماقچىلىق

دوپپا - تۇماقنىڭ تۈرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ.

### 12. يىپ توقۇمىچىلىق

بۆز (ماتا)چىلىق، چەكمەنچىلىك، داكىچىلىق، يىپچىلىق، داستىخان، پوتا (بەلباغ)، سەرگەز، ھەمىزەك، تاغار، خۇرجۇن، تىوۋرا، ئارغامچا، تانا ۋە باشقىلار.

### 13. يىپەك ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق

ئەتلەسچىلىك، سايىچىلىق، يىپەك ياغلىق ۋە شارپا، بەقەسەم، كىمخاب، گىلەمچىلىك، يۇڭ چەكمەن، يۇڭ پوتا، يۇڭ رومال ۋە شارپا، كىگىزچىلىك، يۇڭ قالپاق...... قاتارلىقلار.

### 14. بوياقچىلىق

يىپ رەخت بوياقچىلىقى، يىپەك بوياقچىلىقى، يۇڭ بوياقچىلىقى، تامغا بوياقچىلىقى، مەشۇت يىپ بوياقچىلىقى...... قاتارلىقلار.

### 15. زەرگەرلىك، قاشتاش ئويمىچىلىقى

ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، كۇمۇش ۋە مىستىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى، قاشتاش ئويمىچىلىقى، ياقۇت، كەھرىۋا ۋە باشقا تاشلاردىن ياسالغان كۆز مونچاق، مارجان، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە خاتىرە بۇيۇملىرى قاتارلىقلار.

بۇ ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىدە ئىشلەۋاتقان پىشقەدەم ئۇستىكارلار يەنە مۇشۇنداق تۈرلەر بويىچە شاگىرت تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان.

بۇ «باغچە» نى زىيارەت قىلغان پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلىرى باش لىدىر ئۇرايىم سەمەتنىڭ بۇ خالىسانە تۆھپىسىنى قىزغىن قوللاپ، «باغچە» نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات نىشانى ئۈچۈن پايدىلىق تەكلىپ- پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ ئاساستا بۇ «باغچە» نىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقىلغان.

بۇ كىچىككىنە تىپىك مىسال قەشقەر جامائەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ھەمدە ئۇنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى جۈرئەت - شىجائىتىنى ئىسپاتلايدۇ.

دەرۋەقە، قەشقەرگە زىيارەتكە كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئوڭ ۋە سول بىقىنىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان ئالتۇن ۋە زىبۇ - زىننەتلەر بازىرى، ئۆستەڭبويى پىيادىلار كوچىسىدىكى ساندۇق بازىرى، دۆڭباغ كۆلىنىڭ بويىدىكى «كوزىچى يار بېشى» مەھەللىسى، كەسكەنيار مەھەللىسىدىكى «دوپپا - تۇماق كوچىسى»، گۈزەر ئىجتىمائىي رايونىغا جايلاشقان «ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيا يېڭى بازىرى» قاتارلىق تىپىك قول ھۈنەر بازارلىرىنى كۆرسە، قەشقەرنىڭ گۈللەنگەن مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. قەشقەر شەھىرىدىن قالسىلا قەدىمدىن تارتىپ قول ھۈنەر - ۋەنچىلىكنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سەئىدىيە ناھىيەسى قول ھۈنەر تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە تېخىمۇ تىپىكلىككە ئىگە.

قەشقەرنىڭ يېڭى دەۋردىكى ھۈنەر - كەسىپ تەرەققىياتىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بۇرۇنقى تارقاق ۋە يەككە ھالەتتىن ئۆزگىرىپ، مەخسۇسلىشىشقا ۋە كوللېكتىپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، يېزا - قىشلاقلاردىن شەھەر - بازارلارغا مەركەزلەشتى.

ئىككىنچى، خېلى كۆپ قول ھۈنەر - كەسىپ تۈرلىرىدە ماشىنىلىشىش (ئاپتوماتلىشىش) ياكى يېرىم ماشىنىلىشىش يولغا

قويۇلۇپ، قولغىلا تايىنىشتەك ئىپتىدائىي ئەمگەك مۇشەققىتىدىن ئازاد بولدى.

ئۈچىنچى، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، بازار ئېگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، بازار ئېھتىياجلىق بولغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىجاد قىلىش، ھەرقايسى ھۈنەر - كەسىپ تۈرلىرى بويىچە تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، يېڭى ۋە ئەلا ماركا يارىتىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن قول ھۈنەر - كەسىپى بۇرۇنقى قاتمال ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، بازار رىقابىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان جۇلالىق نەپىس بۇيۇملار بارلىققا كېلىپ، خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان جەزبىدار كەسىپكە ئايلاندى. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداق بىر قول ھۈنەر كارخانىلىرىغا كىرسىڭىز، شۇ ھۈنەر - كەسىپكە ئائىت تېخنىكىلىق قوللانمىلىرى ئاساسىدا تېخنىكا يېڭىلاش يولىدا باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىۋاتقان تەلەپكار تېخنىكا ئۇستىلىرىنى ئۇچرىتىسىز. بۇيرۇتمىلارنى ئۆلارنىڭ قوللانمىلىرىدىكى نۇسخىلاردىن تاللاپ زاكاز قىلىسىز.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر قول ھۈنەر - كەسىپى دۇنيا بويىچە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ھازىر رايونىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ساياھەت نۇقتىسىغا بارسىڭىز، سىزنى ئالدى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان نەرسە ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭگارەڭ مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى پايدىلىق پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىدى، قول ھۈنەر - كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قىسقىسى، بۇ ئىككى خىل ئىگىلىك شەكلى ئۆزئارا بىر گەۋدىلەشتى.

بەشىنچى، يەنە بىر خۇشاللىنارلىق نۇقتا شۇكى، رايونىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقات ئىشلىرى قانات يېيىپ، ئىلىم - پەننىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى. ھەتتا، ئالىي مەكتەپلەر ۋە پەن تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ يۇقىرى ئىقتىدارلىق ئىلىم - پەن خادىملىرىنى

تەربىيەلەيدىغان ئاسپىرانتلار بۆلۈملىرىدە ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپلىرى مەخسۇس ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات تۈرلىرى بولۇپ قالدى. «ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى» قاتارلىق بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيەلىك دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەلىرى يېزىلىپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى، مىللىي ئاپتورلار ۋە باشقا مىللەت ئاپتورلىرى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، «ئۇيغۇر بىناكارلىقى»، «خوتەن گىلەمچىلىكى»، «ئۇيغۇر بوياقچىلىقى»، «ئۇيغۇر باش كىيىملىرى»، «ئۇيغۇر نەققاشلىقى»، «ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەكلىرى»، «ئۇيغۇر ئەتلەسلىرى»...... قاتارلىق مەخسۇس ھۈنەر-كەسىپكە ئائىت يىرىك ئەسەرلەر نەشر قىلىندى ۋە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلدى.

ئالتىنچى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك ھۈنەر - كەسپى ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ھەتتا باشقا مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كىردى. ئۇيغۇرلارنىڭ دائىملىق ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرىدىن نان، پولۇ، كاۋاپ، لەڭمەن قاتارلىقلار ئېلىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئارزۇلۇق يېمەكلىكىگە ئايلىنىپ، قىزغىن بازار تاپتى. «ئارمان»، «ئىخلاس»، «سالامەت»، «ئامىنە»، «دەرمان»، «مىراج»، «مىزان» قاتارلىق زامانىۋىلاشقان ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك شىركەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك ھۈنەر - كەسپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە يېڭىلاش ئارقىلىق بۈگۈنكىدەك يۇقىرى شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

دېمەك، ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىكى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يارىتىش يولىدا دادىل ئىلگىرىلەپ، مىللىي ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى. لېكىن سەگەكلىك بىلەن شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋى سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى،

ئىسلاھات ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ئىگىلىكى بارغانسېرى تارىيىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. ھەتتا تارىختا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان بەزى قول ھۈنەر - سەنئەتلىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇپ، تارىخىي مۇزېيلارنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇملىرىغا ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن، تارىختا ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، نەپىسلىكى، چىدامچانلىقى، تەبىئىيلىكى ۋە ئىشلىتىش قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنيادا مەشھۇر بولغان «خوتەن قەغىزى» ھۈنەرۋەنچىلىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بۆزچىلىك - سەرگەزچىلىك، لوكچىلىق (ياغاچتىن ياسىلىدىغان بىخەتەر قۇلۇپ)، سۇ تۈگمىنى، سوقا قاتارلىق ئونلىغان ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - كەسىپلىرى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ، ئۆز ئورنىنى زامانىۋى سانائەت تارماقلىرىغا بوشىتىپ بەردى. دەسلەپكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - كەسپى تارىختىن بۇيانقى ئۇيغۇر قول ھۈنەر - كەسىپ تۈرلىرىنىڭ تەخمىنەن 40% نى، ئىشلەپچىقىرىشتىن پۈتۈنلەي توختىمىغان، ئەمما ھاياتىي كۈچى ئاجىزلاشقانلىرى 42% نى، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ ئىزى ئۆچۈشكە باشلىغانلىرى تەخمىنەن 18% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ نىسبەتلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ئىگىلىكى ئېغىر «كىرىزىس» ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل ئامىللار بىلەن مىللىي قول سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. چۈنكى، ئەنئەنىۋى ھۈنەرۋەنچىلىك شۇ مىللەتنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان قىممەتلىك ماددىي مەدەنىيەت مىراسى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، ئەگەر بۇ قول ھۈنەر تۈرلىرى دەۋر روھىغا ماس ھالدا ئىسلاھ قىلىنسا، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلالايدۇ ھەمدە مىللىي ئىگىلىكىنىڭ جانلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول

ئوينىيالايدۇ. بۇ ھەقتە تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، قول ھۈنەر ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك. مەلۇمكى، 20 - ئەسىر ئىچىدە ياپونىيەنىڭ زامانىۋىلىشىش ۋە سانائەتلىشىش قەدىمى ناھايىتى تېز بولدى. سانائەت ماللىرى دۇنيا بازارلىرىنى قاپلىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ھەرگىز تاشلاپ قويغىنى يوق. ئەكسىچە، ھۆكۈمەت ۋە پۇقرالار بىردەك ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئۈزۈلكىسىز ئىزدىنىپ، زامانىۋىلىك بىلەن ئەنئەنىۋى ھۈنەرۋەنچىلىكنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇردى. ھەتتا بۈگۈنكى دەۋردە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمايدىغان، ھاياتىي كۈچى ئاجىزلاشقان بەزى مىللىي ھۈنەر - سەنئەتلەرگە دۆلەت مالىيەسىدىن خىراجەت ئاجرىتىپ، ئۇنى قوغداپ قالدى. شۇ ئارقىلىق مىللىي روھنى ئۇرغۇتتى. ھەقىقەتەن، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەسىلىگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلمەكتە. دەرۋەقە، ھەرقانداق دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمانلىرىغا بېرىدىغان سوۋغا - سالىمى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرىدۇر. ئۇلار بۇ ئاددىي، ئەمما مەنىلىك سوۋغا ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى نامايان قىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر رايوننىڭ مىللىي، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى، مەلۇم نۇقتىدىن، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ.

دېمەك، مىللىي قول ھۈنەر ئىگىلىكى ھەم ئىقتىسادىي، ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىدىغان ئىستىقباللىق ساھە. ئۇنى ماددىي مەدەنىيەت نۇقتىسىدا بىر مىللەتنىڭ يىلتىزى ۋە روھى دېيىش مۇمكىن. ئۇ گەرچە دۇنيانىڭ بۈگۈنكى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دا زامانىۋىلاشقان سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يەكلىشىگە ۋە زەربىسىگە ئۇچرىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ. ناۋادا، ئاڭ نۇقتىسىدىن بىز ئۇنى بىر خىل ئەنئەنىۋى

مەدەنىيەت دەپ قارىساق، پەلسەپىۋى قانۇنىيەت بويىچە، بۇ «ئەنئەنە» مەڭگۈ ھەرىكەت ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى يۈكسىلىشچانلىققا ئىگە. خۇددى ھازىرقى زامان ئىزاھات ئىلمىنىڭ پىر - ئۇستازى گادامور ئېيتقاندەك: «ئەنئەنە — ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ ئۈزۈكسىز توقۇنۇشى ۋە سىڭىشىشى ئىچىدە بارلىققا كەلگەن خىلمۇخىل ئىمكانىيەت ياكى ئىمكانىيەتلىك دۇنيا، يەنى بىز چۈشىنىدىغان كېلەچەك» شۇڭا، بىر تەرەپتىن مىللىي قول ھۈنەر - كەسپىنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنىنى كۆچەيتىپ، بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش يولىدا ئۈزۈكسىز ئىزدىنىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بەزى قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرىنى دۆلەت ياكى كوللېكتىپ مەبلىغى بىلەن قوغداش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش لازىم. ھازىر ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش ئەسىر ھالقىغان يېڭى ئۇقۇم ۋە خەلقئارالىق يېڭى مىلودىيە سۈپىتىدە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ جىددىي دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. مۇشۇ ۋەجىدىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى 1972 - يىلى 11- ئاينىڭ 16 - كۈنى پارىژدا ئېچىلغان 17 - نۆۋەتلىك خەلقئارا يىغىنىدا «دۇنيانىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»نى ماقۇللىدى. بۇ ئەھدىنامىغا ئەينى ۋاقىتتا ئىمزا قويغان دۆلەتلەر 69 بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە يەنە «مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى» نى تۈزدى. بۇ قانۇن - نىزاملاردا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كىرىدىغان تۈرلەر ۋە ئۇلارنى قوغداشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ئېنىق كۆرسىتىلدى، بۈگۈنكى «يەر شارىلىشىش» ۋەزىيىتىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىكى ۋە كۆپ قاتلاملىقىنى قوغداش - ئېچىشنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇش تەشەببۇس قىلىندى، بۇ خۇددى دۇنيادىكى ھايۋانات ۋە باشقا جانلىقلار تۈرلىرىنى قوغداشقا ئوخشاش مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكى تەكىتلەندى. بىرمۇ دۇنيانىڭ مۇشۇ ئەھدىنامىسىغا ئىمزا قويغان دۆلەتنىڭ تولۇق

ھوقۇقلۇق بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك مىراس-لىرىنى قوغداش - ئېچىش ئاكتىپلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ «تارىخىي مۇزېي» غا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تىپىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنى قوغداش دۆلەت ۋە مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، ئوخشاشلا يەنە مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

ئېنگېلس: «ھەربىر مىللەتنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ باشقا مىللەتلەردە بولمايدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىر مىللەتنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسى بولۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنى تولۇقلاپ بېيىتىپ بارىدۇ.»[1] دېگەن. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى پۈتكۈل مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى كۆپ خىللىق ۋە رەڭدارلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇچىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھەقىقەتنى ماھىيىتىدىن تونۇپ يەتكەن دۇنيا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قارىمىقىدىكى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنى 1998 - يىلى 11 - ئايدا ئاچقان 155 - قېتىملىق ئىجرائىيە يىغىنىدا ماقۇللىغان «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى ۋەكىللىك تۈرلەرنى قوغداش ئەھدىنامىسى» نىڭ تۈرتكىسىدە، دۇنيا «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش» قىزغىنلىقى قوزغالدى ھەمدە بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى، ئېلىمىزدە جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ئوبلاست - ۋىلايەت، شەھەر - ناھىيەلەرگىچە «مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقات مەركىزى» ياكى «ئىشخانىسى» قۇرۇلۇپ، يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش»

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان «ئەزىزانە قەشقەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009-يىلى 2 - توم، 21673 - بەتتىكى نەقىلدىن.

خىزمىتى نۇقتىلىق ھالدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلەندى. 2000 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى» قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە جەمئىي بەش تۈركۈم (ئىككى يىلدا بىر قېتىم) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» نى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى ئۈنۈملۈك ئىشلىنىپ، رايونىمىزنىڭ 500 دىن ئارتۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى، دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋەكىللىك ئەسەرلەر قىلىپ بېكىتىلدى، ھەرقايسى كونكرېت تۈرلەرنى ساقلاپ قالغۇچى ۋارىسلارغا دۆلەت مالىيەسىدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى (دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنىڭ ۋارىسلىرىغا يىلىغا 8 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون، ئۆلكە دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋارىسلىرىغا ھەر يىلىغا 3600 يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋارىسلىرىغا بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەمنى شۇ دەرىجىلىك يەرلىك مالىيەدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلىدۇ). ئەڭ مۇھىمى، 2010 - يىلى ئېلىمىزنىڭ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى» تۈزۈلۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى» تۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، بۇ خىزمەت قانۇنىي جەھەتتىن مۇكەممەل كاپالەتكە ئىگە بولدى. نەتىجىدە، «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش» بىر تۈرلۈك ئەل رايى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، شەھەر، يېزا - قىشلاقلارغىچە تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. تۆۋەندە مىسال تەرىقىسىدە قەشقەر شەھەرلىك «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىشخانىسى» تەمىنلىگەن بىرقانچە تىپىك تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنلىرى قوشۇمچە ماتېرىيال سۈپىتىدە بېرىلدى.

قوشۇمچە (1):

# قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ياغاچچىلىق ۋە تامچىلىق كەسپى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى

قەشقەرنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىدە ياغاچچىلىق ۋە تامچىلىق ھۈنەر ـ كەسپى ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. قەشقەرنىڭ تامچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ كەسپى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ھەتتا پايتەخت بېيجىڭدىكى مىللىي ئۇسلۇبتا قۇرۇلغان ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلار، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان جامە ـ مەسچىت ۋە مازارلار، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا، كۆلۈپ قاتارلىق جامائەت سورۇنلىرى، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆيلەر...... نىڭ كۆپچىلىكى قەشقەردىن يېتىشىپ چىققان قولى گۈل ئۇستىكارلارنىڭ جاپالىق مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. بۈگۈنكى كۈندە كەڭ جامائەتچىلىكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئالدى بىلەن ئەنە شۇ قەشقەرنىڭ تامچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ھۈنىرىدە نامايان بولغان. بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەۋاتقان ئىستىقباللىق كەسپلەرنىڭ بىرىمۇ ئەنە شۇ ياغاچچىلىق ۋە تامچىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكىدىن ئىبارەت.

تۆۋەندە بىز قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا مەخسۇس تامچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ھۈنىرى جەھەتتىكى يۇقىرى ماھارىتى بىلەن ئەل ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان ئاتا مىراس ئۇستىكارلاردىن بىرقانچىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

1. ھەسەن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ بەش ئەۋلاد بىناكارلار جەمەتى

ياغاچچىلىق ھۈنىرىدە كامالەتكە يەتكەن ھەسەن ھاجىم 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەر ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرقىدىكى «ئابدۇرازاق قازى غوجام كوچىسى» دا ياشىغان مەشھۇر ياغاچچى ئۇستىكاردۇر. ئۇنىڭ ئوغلى سىدىق ئاخۇن 1850 - يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ئاتا كەسپى ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگەن. سىدىق ئاخۇن ئۇستام تۇردى ئاخۇن ئەنجانى بىلەن بىللە ياغاچچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ شۇ دەۋردىكى تەرەققىياتىنى نامايان قىلغان.

سىدىق ئاخۇن ئۇستا (2 - ئەۋلاد) نىڭ ئوغۇللىرىدىن نەزەر ئاخۇن (1868 — 1954) ئۇستام، توختى ئاخۇن (1877 — 1959) ۋە ئىمىن ئاخۇن (1882 — 1944) ئۇستاملار بىر گۇرۇھ بولۇپ تامچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ساھەسىدە ئالاھىدە نام - شەرەپكە ئېرىشكەن.

ھەسەن ھاجىمنىڭ 4 - ئەۋلادلىرىدىن ئىبراھىم نەزەر (1906 — 1990)، سىدىق ئىمىن (1920 — 1981) ۋە 5 - ئەۋلاد تۇرسۇن ئىبراھىم (1937 - )، نەزەر تۇردى (1954 - )لار ئاتا كەسپكە ۋارىسلىق قىلىپ تامچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ھۈنەر - كەسپى ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان ۋە ئەل ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە نائىل بولغان.

2. مۇسا ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ بەش ئەۋلاد ياغاچچىلار جەمەتى

1 - ئەۋلاد ياغاچچى ئۇستىكار مۇسا ئاخۇن 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر شەھىرى موپىاڭ كوچىسىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئۆمۈر بويى ياغاچچىلىق ھۈنىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى سىدىق ئاخۇن ئۇستا (2 - ئەۋلاد) 1830- يىللىرى تۇغۇلغان بولۇپ، بىر ئۆمۈر ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. سىدىق ئاخۇننىڭ ئاتا مىراس كەسپكە ۋارىسلىق قىلغان 3 - ئەۋلاد كەسپ ئىگىسى ئىمىن ئاخۇن ئۇستا 1852 - يىلى موپىاڭ كوچىسىدىكى قەدىم جايىدا تۇغۇلغان، 10 ياشقا كىرگەنىدىن باشلاپ دادىسىدىن ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. 1872 - يىللىرى ئىمىن ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا ئاخۇنلار ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىگە

بېرىپ ئۇ شەھەردىكى رۇس، ئۆزبېك، تاتار ئۇستىكارلىرى بىلەن بىللە ئىشلەپ، ياغاچچىلىق ساھەسىدە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان، ئەنجاندا ئاكىسى ئابدۇللا كېسەل بىلەن تۇيۇقسىز قازا قىلغاندىن كېيىن، 1879 - يىلى ئەنجاندىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئىزچىل ياغاچچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. ئاڭلاشقا قارىغاندا، قەشقەردە ياۋروپاچە شەكىلدىكى ئۇستى تەرىپى بۆرەكچە ئەگمە قىلىنغان قوش قاناتلىق ئىشىك - دېرىزىلىك ئىمارەتلەرنى ياساش ئىمىن ئاخۇن ئەنجاندىن باشلانغانلىقى مەلۇم. ئىمىن ئاخۇن ئەنجان 1927 - يىلى قەشقەر ئۆستەڭبويى ياغاچچى كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان.

ئىمىن ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئاخۇن 1905 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ دادىسىنىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قەشقەر ھېيتگاھ كىنو - تىياتىرخانىسىدەك چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۇستىگە ئالغان. ئۇ 1950 - يىلى قەشقەر شەھىرى ياغاچچى كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان. بۇ ياغاچچىلىق ئائىلىسىنىڭ 5 - ئەۋلادى (ئىمىن ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئوغلى) ئىمىنجان 1925 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، چېۋەر ئۇستىكارغا ئايلانغان. ئىمىنجان ئۇستام 1951- يىلى قەشقەر شەھىرىدە تەشكىللەنگەن بىناكارلىق ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان كەسپداشلار جەمئىيىتىنىڭ ياغاچچىلىق چوڭ ئەترىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن؛ 1958 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان قەشقەر شەھەرلىك ياغاچچىلىق زاۋۇتىنىڭ رەھبىرى، 1973 - يىلى قۇرۇلغان شەھەرلىك 1 - بىناكارلىق شىركىتى ياغاچچىلىق چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، لايىھەلەش، پىلانلاش، يېڭى نۇسخىلارنى ئىجاد قىلىشتەك تېخنىكىلىق ئىشلارنى بېجىرگەن. ئۇ بۇ ئۆمۈرلۈك كەسپىنى تاشلىماي، مۇشۇ ساھەدە پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلىمەكتە.

3. ئاتاقلىق تامچى مەشۇق ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

تامچى مەشۇق ھاجىم 1850 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭبويى مەھەللىسىدە ياغاچچى كوچىسىدا تۇغۇلغان، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى نامى چىققان مەشھۇر ئۇستا بولۇپ، پىلانلاش، لايىھەلەش

ۋە ھېسابلاش تېخنىكىسىنىڭ ماھىرى ئىدى. مەشۇق ھاجىنىڭ ئىزباسارى ئوسمان ئاخۇن (1871 — 1947) ئۇستا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى توخسۇن ئاخۇن، ئۆمەر ئاخۇن، زۇنۇن ئاخۇن، ئەييۇب ئاخۇن (ئەسلىي ئايۇپ ئاخۇن)، تاھىر ئاخۇن ۋە مەشۇق ئاخۇنلار (3 - ئەۋلاد) مۇ ياغاچچىلىق كەسپىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى ئىدى. ھازىر ئوسمان ئاخۇن ئۇستىنىڭ كەنجى ئوغلى — مەشۇق ھاجىمنىڭ ئوغلى غولامجان ئاتا كەسپكە ۋارىسلىق قىلىپ، ياغاچچىلىق ساھەسىدىكى ئىنچىكە تېخنىكىلىق ئىشلارنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

4. ياغاچچىلىق ساھەسىدىكى تۆھپىكار ھاشىم چوڭ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى

ھاشىم چوڭ ياغاچچىلىق ساھەسىدە مەخسۇس ئىشخانا، ئۆي جاھازلىرى ياساشنىڭ ماھىر ئۇستىسى بولۇپ، 1866 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆرە يارباغ كوچىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ھەتتا ياغاچتىن ۋېلىسىپىت ياساپ مىنىپ سىناق قىلغان. ئۇنىڭ ياغاچچىلىقتىكى يۇقىرى ماھارىتىنى كۆرگەن قەشقەر خەلقى ئۇنى «ھاشىم پەرەڭ» دەپ ئاتاشقان. ئۇ 1930 - يىللاردا ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، «شىنجاڭ رۇس تىلى قانۇن ئىنستىتۇتى» نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ماناس كۆۋرۈكىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى ئۇستىگە ئېلىش بىلەن بىللە يەنە ئىشخانا ئۆيلەرنىڭ جاھازلىرىنى ناھايىتى سۈپەتلىك ياساپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەرىپىدىن شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق ساھەسىنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانى «چوڭ» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە شۇندىن باشلاپ «ھاشىم چوڭ» نامى بىلەن ئاتالغان. ھاشىم چوڭنىڭ ئوغۇللىرىدىن مۇھەممەتخان ئۇستا (1890 - يىلى تۇغۇلغان)، سابىتخان ئۇستا (1900 - يىلى تۇغۇلغان) ۋە ھامىتخان ئۇستا (1902 - يىلى تۇغۇلغان) قاتارلىقلارمۇ ياغاچچىلىق ۋە ئويمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدە داڭ چىقارغان. مۇھەممەتخان ئۇستا يەنە ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇلارنى ياساپ، مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدە تونۇلغان.

5. مەشھۇر ئىش بېشى قۇربان ئاخۇن ئۇستا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى

ياغاچچىلىق كەسپىنىڭ ئىش بېشى قۇربان ئاخۇن 1850 ـ يىلى ئەتراپىدا قەشقەر شەھىرى موپاك كوچىسىدا ياغاچچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەينى زاماندا نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ياغاچچىلىق ئىش تۈرىگە باشلامچىلىق قىلغاچقا، ئەل ئارىسىدا «قۇربان ئاخۇن ئىش بېشى» نامى بىلەن تونۇلغان.

نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇش ـ ئىمارەتلەرگە ئىش بېشى بولغان چېۋەر ئۇستا قۇربان ئاخۇن تەخمىنەن 1920 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن مامۇت ئاخۇن (1894 — 1960) ۋە سابىت ئاخۇن (1917 — 1958) لار ئاتىسىدىن ياغاچچىلىق ھۈنىرى ئۆگىنىپ، بىر ئۆمۈر شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. سابىت ئاخۇن ئۇستىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇللا سابىت ۋە ئابدۇرېشىت سابىتلارمۇ ئەجداد كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، نامدار ياغاچچى ئۇستىكارلىرى بولۇپ يېتىشكەن. ئۇلار ھازىر شەھەرلىك 2 ـ بىناكارلىق شىركىتىنىڭ غوللۇق ئۇستىكارلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، تامچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ئولتۇراق ئاھالە رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە كەڭ ئومۇملاشقان ھۈنەر ـ كەسىپ تۈرى بولغاچقا، ئەلۋەتتە قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزا ـ قىشلاقلىرىدىمۇ كۆپلىگەن ياغاچچىلىق ۋە تامچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان داڭلىق ئۇستىلار بار. ئۇلار ھەققىدە تېخى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى تونۇشتۇرۇشقا ئىمكانىيىتىمىز بولمىدى. كېيىنچە تولۇقلاش پۇرسىتى بولار.

قوشۇمچە (2):

# قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر نەقىشلىق سەنئىتى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى

ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن قارىغانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بىناكارلىق نەققاشلىقى ساھەسىدە يەنىلا قەشقەرنىڭ بۇ ساھەدىكى ئۇستىكارلىرى باشلامچىلىق ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينىغان.

قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەزگىلى 15 ـ ئەسىردىن كېيىن بولغان. قەشقەردە سېلىنغان ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى، 200 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمي ئىمارەتلەر، قەدىمي مەسچىت ۋە قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى بايلارنىڭ قەدىمي ئۆي ـ ئىمارەتلىرىگە ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەنگەن كۆركەم نەقىش نۇسخىلىرىدىن قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار تەبىئەتنى، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان مىللەت بولغاچقا، تەبىئەت گۈزەللىكىگە سىمۋول قىلىنغان ھەر خىل نەقىشلەرنى ئاجايىپ قىزغىن سۆيۈپ ۋە كەڭ تۈردە قوللىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى كەڭ قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى ھازىر بولسۇن، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇر نەقىشلىرى ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتى بويىچە ئۇيغۇر مەسچىتلىرى، ئۆيلىرى، ئىمارەتلىرىگە ئىشلىتىلىپلا

قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا، ئۇيغۇر كۆلالچىلىقىغا، ئۇيغۇر چالغۇلىرىغا، ئۆي جاھازلىرىغا، ئۇيغۇر مەيلىرى، ئات - ئۇلاغ، ئېگەر - جابدۇقلىرىغىچە، ئۇيغۇر پالاسلىرى، كىگىزلىرى، جاينامازلىرى، تەگلىماتلىرى، شىرداقلىرى، ئاياق - ھېجىر تاۋاقلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، مىستىن ياسالغان قازان - قومۇچ، چەينەك - چۆگۈن، ئاپتۇۋا - چىلاپچىغىچە، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىۋاتقان بارلىق نەرسىلەرگىچە ئىشلىتىلگەن ۋە مۇجەسسەملەشتۇرۇلگەن. مەيلى ئۆتمۇشتە، مەيلى ھازىر بولسۇن، ئىشلەپچىقارغان قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىغا پەقەت نەپىس نەقىش نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات سەنئەت بۇيۇملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، قىممىتى ئۇزۇكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر نەقىشلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە ھالقىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىشى، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى يېڭى ھالقىشقا ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 55 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق - نەقاشلىق سەنئىتى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلىندى. قەشقەردە تارىختىن بۇيان ئەل ئارىسىدا مەشھۇر بولغان ناھايىتى نۇرغۇن نەقاشلار ياشاپ ئۆتكەن. بىز پەقەت نام - شەرىپى بىرقەدەر تونۇش بولغان زامانداش نەقاشلاردىن بىرقانچە ئۇستىكارلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلىنىمىز:

1. نامانخان ئۇستا 1877 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيە بازار ئىچى مەھەللىسىدىن سىرچى - نەقاش يۈسۈپ ئاخۇن ئۇستىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

يۈسۈپ ئاخۇن ئۇستا ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ سىرچىلىق - نەقاشلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئەينى دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئۇستىكارلىرىدىن ئىدى. ئۇ قەشقەر، يېڭىسار، سەئىدىيە قاتارلىق

جايلاردا مەدرىسە - مەسچىتلەرنىڭ پېشايۋان - تۈۋرۈك ۋە كايىۋان، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك سىرلاپ، خا، جەگە، هاراق ياغاچلىرىغا تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىپ كۆرگۈچىلەرنى هەيران قالدۇراتتى.

نامانخان ئۇستا سىرچى - نەققاش بولۇش بىلەن بىرگە، سەهنە دېكىراتسىيە ۋە سەهنە ئارتىسلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك زىننىتى قاتارلىق گۈزەل سەنئەت كەسپىگىمۇ ماهىر رەسسام ئىدى. ئۇ 1933 - يىلى قەشقەر دوتەي يامۇلى ئالدىدىكى تامغا تاتار ئالىمى ئەهمەد فەرىد ئابباس سىزغان شىنجاڭنىڭ خەرىتىسىگە ماس كەلتۈرۈپ، هەر خىل رەڭ بەرگەنىدى. 1939 - يىلى 9 - ئايدا ئىش باشلىنىپ، 1940 - يىلى پۈتكۈزۈلگەن هېيتگاه خەلق كۇلۇبىنىڭ سەهنە تاملىرىغا ئاجايىپ ماهارەت بىلەن مەنزىرە رەسىملىرىدىن تاللاپ سىزغان رەڭدار كۆرۈنۈشلەر تاماشىبىنلارنىڭ ئالاهىدە زوقىنى كەلتۈرگەنىدى. كۇلۇب قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، قەشقەر «سانايى نەفىسە» تەرىپىدىن ئوينالغان «غېرىب - سەنەم»، «ئارشىن مالئالان»، «رابىيە - سەئدىن»...... قاتارلىق دىراما - ئوپېرالارنىڭ سەهنە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى لايىهەلەپ ۋە دېكىراتسىيە كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن ئىجادىي سىزىپ چىقىپ، سەنئەتچىلەر ۋە خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، تەشەككۇرىغا سازاۋەر بولغانىدى.

داڭقى يىراق يېزىلارغا كەتكەن نامانخان ئۇستا 1942 — 1943 - يىللىرى سەمەندىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئىشخانا، ئولتۇراق بىنالىرى ۋە ئىشخانا - ئۆي جاهازلىرىنى ياۋروپا پاسونىدا ۋە مىللىي پاسوندا سىرلاپ، تام - تورۇسلىرىنى مەنزىرە رەسىملەر بىلەن بېزەپ، ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىدىكى سىرچىلىق - نەققاشلىق، گۈزەل سەنئەت ۋە رەسساملىق ئۇستىلىرىنىڭ تالانتى، ماهارىتىنى نامايان قىلغان؛ 1974 - يىلى ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ چوڭ رېمونت ئىشلىرىدا سىرچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، شەربەت كۆلى بويىدىكى ياسىداق تاختا مەسچىتنىڭ ئىشىك - دېرىزە، پېشايۋان - كايىۋان، تۈۋرۈك، تورۇسلىرىغا هەر خىل سىر بىلەن نەقىش ۋە مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى

سىزىپ نەمۇنە قالدۇرغان، ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ۋە يېنىدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ سىرچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان. ئۇ يەنە 1954 - يىلى قەشقەر خەلق باغچىسى ئىچىگە سېلىنغان «مەدەنىيەت سارىيى» قۇرۇلۇشىنىڭ سىرچىلىق - نەققاشلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، (ئوغلى ۋە شاگىرتلىرى بىلەن) ئاجايىپ سېھرى كۈچكە تولغان گۈزەل نەقىشلەرنى سىزىپ قالدۇرغان؛ 1955 - يىلى ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قايتا رېمونت ئىشلىرىدا، سىرچىلىق ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلغان. نامى تىللاردا قالغان نامانخان ئۇستا 1955- يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

نامانخان ئۇستىنىڭ ئوغلى، نەتىجىلىك ئىز باسارى مۇھەممەد ئىمىن نامان 1932 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە ئاتىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ سىرچىلىق - نەققاشلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان.

مۇھەممەد ئىمىن نامان ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن بۇ ھۈنەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ نەچچە مىڭلىغان نەپىس، كۆركەم ۋە بىر - بىرىدىن چىرايلىق نۇسخىلارنى سىزىپ، لايىھەلەپ چىقتى، ئۇنىڭ لايىھەلەپ سىزغان نەقىش نۇسخىلىرى بىناكارلىق، كىيىم - كېچەك، ئات - ھارۋا جابدۇقلىرى...... قاتارلىق خىلمۇخىل تۈرلەردە كەڭ قوللىنىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن نامان سىر ۋە بوياقلارنى تەڭشەش، بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇشقا نۇرغۇن ۋاقتىنى ۋە ئەجرىنى سىڭدۈرگەن. ئۇ ھېيتگاھ جامەنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئەرەبچە ھۆسنخەت يېزىلغان ۋىۋىسكا ۋە جامەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پېشايۋان ۋە ئىككى ئىشىك ئۈستىدىكى نەققاشلىق رامكىلارنى سىرلاپ ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

مۇھەممەد ئىمىن نامان قەشقەردە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ئىدارە - جەمئىيەت ۋە شەخسلەر ئولتۇراق ئۆي، ئىشخانا، ئۆي جاھازلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان سىرچىلىق ۋە گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىنى قىلغان.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان بىناكارلىقىنىڭ سىرچىلىق - نەققاشلىق ھۈنەر - سەنئىتى ۋە خەلق گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپە

قوشقان ئاتاقلىق سەنئەتكار مۇھەممەت ئىمىن نامان 1990 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ جانقورغان كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا پەرزەنتلىرى ۋە شاگىرتلىرى ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە.

2. داڭلىق بىناكارلىق نەقىشلىرى ئۇستىسى ئابلىز ئابدۇللا

نەقىش ئۇستىسى ئابلىز ئابدۇللا 1935 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى دۆڭ مەسچىت ئاھالىلەر كومىتېتىدا تۇغۇلغان. ھازىر دۆڭ مەسچىت ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق. 1949 ـ يىلى دادىسى مەرھۇم ئابدۇللا ئىبراھىمدىن ئاتا كەسىپ ئۇيغۇر بىناكارلىق گەج، خىش ئويمىچىلىقى، نەققاشلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ 1949 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىغىچە جەمئىي 14 يىل دادىسىنىڭ كەسپىنى ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىقى بويىچە گەج، خىش ئويمىچىلىقى ۋە نەققاشلىق ئۇستىسى بولۇپ يېتىشكەن. دادىسىنىڭ كەسپىنى يەنە بىر قورساق ئاكا ـ ئۇكىلاردىن ئىبراھىم ئابدۇللا، مەمەت ئابدۇللا، ئىسمائىل ئابدۇللالارمۇ ئۆگەنگەن. بۇ تۆت ئاكا ـ ئۇكا ئۆز ۋاقتىدا قەشقەرنىڭ، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ـ نەققاشلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئابلىز ئابدۇللا ئۇستامنىڭ ھازىر ھۈنەرنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان 18 شاگىرتى بار.

ئابلىز ئابدۇللا ئۇستام 1953 ـ يىلى خەلق باغچىسى ئىچىدىكى مەدەنىيەت سارىيىنىڭ گەج، خىش ئويمىچىلىق، نەققاشلىق ئىشلىرىنى ئۆزى لايىھەلەپ، ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشلىقى بويىچە ئۈلگە ياراتقان.

ئۇ 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچى خەلق سارىيىنى بېزەشكە مۇيەسسەر بولۇپ، سەككىز يېرىم ئاي جاپالىق ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىدىكى يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

ئۇ يەنە 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭ خەلق سارىيى شىنجاڭ زالىنى ياساشقا

قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ نەققاشلىق سەنئىتىدىكى يۇقىرى ماھارىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلغان.

ھازىر ئۇنىڭ شاگىرتى ۋە ئىقتىدارلىق ئىزباسارلىرىدىن چوڭ ئوغلى ئابلىمىت ئابلىز بىلەن كەنجى ئوغلى ئابدۇشۇكۇر ئابلىز ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۈگۈنكى زامان نەققاشلىق ساھەسىدە داڭلىق ئۇستىكارلاردىن بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشلىقى ئابلىز ئابدۇللا ئائىلىسىنىڭ تۆت ئەۋلاد ئاتا كەسپى بولۇپ، ئابلىز ئابدۇللانىڭ دادىسى مەرھۇم 2- ئەۋلاد نەققاش ئابدۇللا ئىبراھىم 1890 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1968 - يىلى 8 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئابدۇللا ئىبراھىم ئۇستام ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشلىق ھۈنىرىنى ئۆزىنىڭ بىر قورساق ئاكىسىنىڭ قېيىنئاتىسى — خوتەنلىك دۆلەت ئاخۇن ئۇستامدىن 15 يىل شاگىرت بولۇپ ئۆگەنگەن. مۇشۇ ھۈنەر بىلەن ئىزچىل 60 يىل شۇغۇللىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئابدۇللا ئىبراھىم ئەينى زاماندا ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنىرىگە ئىنتايىن پىششىق بولۇپ، بۇ ھۈنەرنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان؛ ئۆزى ئىجاد قىلىپ، ئۆزى لايىھەلەپ، ئۆزى سىزىپ، ئۆزى قول تىقىپ ئىشلەپ، نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ياراتقان. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە 120 دىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۈرگەن.

ئابدۇللا ئىبراھىم يەنە ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردىكى 30 دىن ئارتۇق داڭلىق مەسچىتنىڭ نەققاشلىقىنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ ئىز قالدۇرغان. ئاپاق خوجا، ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

1956 - يىلى ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرخانىسى سېلىنغاندا، ئابدۇللا ئىبراھىم ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپى بىلەن بۇ قۇرۇلۇشنى سېلىشقا قاتنىشىپ، ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ نەققاشلىقىنى تەلەپكە لايىق ئىشلەپ پۈتكۈزگەن ۋە ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

1958 - يىلى بېيجىڭ خەلق سارىيىنى يېڭىدىن سالغاندا، ئابدۇللا ئىبراھىم بېيجىڭغا تەكلىپ بىلەن چاقىرتىلىپ، بىر يېرىم يىل تۇرۇپ، بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ نەققاشلىقىنى كاپالەت بىلەن ئۆز ئۇستىگە ئېلىپ، پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، تەلەپكە لايىق

پۈتكۈزۈپ، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

دېمەك، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىچىدە ئابلىز ئابدۇللا بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىنى ياساشقا، دادىسى ئابدۇللا ئىبراھىم بېيجىڭ خەلق سارىيىنى ياساشقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قاتنىشىپ، مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكى — نەققاشلىق بويىچە يۇقىرى ماھارەتنى دۇنياغا نامايان قىلغان.

3. ياغاچ ئويما نەقىش ئۇستىسى ئابلىكىم ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى

ئابلىكىم ئۆمەر 1952 - يىلى قەشقەر شەھىرى قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى قاسقان بازىرى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ياغاچ ئويما نەققاشلىق سەنئىتىدە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان. ئۇ 1984 - يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ ياغاچ مودىلىنى ياساپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. ئۇ ياسىغان بىر دانە نەپىس ئويما نەققاشلىق چوڭ دەرۋازا 1998 - يىلى كۈنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئويمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مىدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ھازىر ئويمىچىلىق ھۈنىرى بويىچە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن 12 نەپەر شاگىرتى بار. بۇ شاگىرتلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى نامايان قىلماقتا.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق توْت يېزا، توْت كوچا باشقارما تەۋەسىدە گەج ئويما، خىش ئويما نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 60 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلار 15 نەپەر، شاگىرتلىرى 45 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن؛ ياغاچ ئويما نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 50 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلىرى 10 نەپەر، شاگىرتلىرى 40 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن؛ سىر نەققاشلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 30 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلىرى بەش نەپەر، شاگىرتلىرى 25 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن. يۇقىرىقىلاردىن داڭلىق ئۇستىلارنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىناكارلىق ساھەسىدىكى نەققاشلىق تېخنىكىلىق تەلپى يۇقىرى، ئەمگەك سەرپىياتى زور، سەنئەت قىممىتى يۇقىرى بولغان ھۈنەر - سەنئەت تۈرىدۇر. شۇڭا، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەقىقەتەن زور ئىستىقبالغا ئىگە. بىزنىڭچە بۇ ساھەدە تۆۋەندىكى ئەمەلىي خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش لازىم، دەپ قارايمىز:

1. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق - نەققاشلىق سەنئىتىنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈپ، شەھەر، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغداش تۈرى قىلىپ تۇرغۇزۇپ، قاتلاممۇقاتلام يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەلپىگە ئاساسەن، قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

2. قەشقەر شەھىرىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق - نەققاشلىق سەنئىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش لازىم.

3. ئۇيغۇر بىناكارلىق - نەققاشلىق سەنئىتى بويىچە تەربىيەلەش مەركىزى قۇرۇپ، نۇقتىلىق ئۇستىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، داڭلىق ئۇستىلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش، داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالىنى ھەل قىلىش لازىم.

4. قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش نۇسخىلىرى ھەققىدە كىتاب تۈزۈپ، نەشر قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ نەقىش نۇسخىلىرىمىزنى ئۆزىمىز قوغداش، نەقىش نۇسخىلىرىمىزنىڭ دۆلەت سىرتىغا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

5. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ياغاچ ئويما، گەج ئويما نەققاشلىق ھۈنەر - سەنئىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇپ، داڭلىق ئۇستىلارغا نام بېرىپ، قەشقەرنىڭ نەققاشلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى مەملىكەت ئىچىگە

ۋە دۇنياغا نامايان قىلىش كېرەك.

6. قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشلىقىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى يالغۇز بىناكارلىق ساھەسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. نەقىش يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە نەرسە بولغاچقا، ئۇنى بىناكارلىقتىن باشقا تۇرلەرگىمۇ كەڭ قوللىنىپ، قەشقەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، قەشقەردە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى يەنىمۇ سەنئەت تۇسىگە، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە قىلىپ، نەققاشلىقنى قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

قوشۇمچە (3):

# قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھۈنەرۋەنچىلىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى

**1. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆلچىمى توغرىسىدا**

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەققىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا ئاتاقلىق مۇزىكا ئۇستازلىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش ئۇستىلىرى بىلەن ئەستايىدىل، تەپسىلىي سۆزلىشىپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى تۈزۈلۈش ۋە چېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، يەللىك چالغۇلار، قىللىق چالغۇلار، چەكمە چالغۇلار، سوقما چالغۇلاردىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ چالغۇلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**1. يەللىك چالغۇلار**

يەللىك چالغۇلار چالغۇنىڭ ئاۋاز كۈچى، ئۇلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى قاتارلىقلار ھاۋا ئېقىمى ۋە ئېغىز شەكلى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان، ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار تۈرىگە كىرىدۇ.

1) نەي: ئەڭ قەدىمكى چالغۇلارنىڭ بىرى. نەينىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەر خىل بولۇپ، سۆڭەكتىن ياسالغانلىرى 20 سانتىمېتىر، ئادەتتىكىلىرى 40 — 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇ يانتۇ تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاۋاز تۆشۈكلىرى بولىدۇ. تۆشۈكلەرنى بارماقلار

بىلەن تولۇق ۋە يېرىم ئېتىش ئارقىلىق خىلمۇخىل پۈتۈن ۋە يېرىم ئاۋازلارنى چىقارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى، ئاۋاز دائىرىسى كەڭ، ئاۋاز تۈسى مۇڭلۇق بولۇپ، كۆپىنچە يالغۇز ئورۇندىلىدۇ. ئوركېستىرنىڭ شوخ، تېتىك، يۇقىرى ئاۋاز قىسمىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. نەينىڭ سەككىز تۆشۈكى بولىدۇ.

2) بالىمان: تۈز تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ. ئۇنىڭ پۈۋلەيدىغان ئۇچى ياپىلاق، توغرىسىغا ياغاچ قىستۇرۇلغان، ئۈستىدە سەككىز تۆشۈكى بولۇپ، بارماقلار بىلەن بېسىپ چېلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئوتتۇرا ئاۋازغا مايىلراق.

3) بۇرغا: ئەڭ قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئاۋاز كۈچى ئەڭ زور، ئەڭ ياڭراق. بۇرغىنىڭ شەكلى ئەگمە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 20 — 30 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، ئۇچىدا بىر دانە پۈۋلەش تۆشۈكچىسى بار. يوغان ئۇچى كاناي شەكلىدە ئىچى ئويۇپ ياسالغان، بارماق تۆشۈكلىرى يوق، پەقەت ئېغىز بوشلۇقى ۋە ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا بېسىمىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان تېيىلما خاراكتېردىكى «نەرە» ئاۋازىنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

4) سۇناي: سۇناي چىلان ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، كىچىك ئۇچىدا قومۇشتىن ياسالغان ئاۋاز چىقىرىش پىپىكى بولىدۇ (ئۇنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ). سۇناينىڭ ئىچ بوشلۇقى چوڭ ئېغىز تەرەپكە قاراپ بارغانسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ. ئۇ نەيگە ئوخشاش بارماق بىلەن بېسىپ پۈۋلەش ئارقىلىق چېلىنىدۇ. سۇناي ئاۋازى ياڭراق چالغۇ بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ناغرا - دۇمباقلار بىلەن قوشۇلۇپ ھەربىي ئىشلاردىمۇ ئىشلىتىلگەن. ھازىرغىچە تەنتەنىلىك مۇراسىملار ۋە توي - تۆكۈنلەردە قوللىنىلىپ كەلمەكتە. سۇناينىڭ ئۇزۇنلۇقى 43 سانتىمېتىر، كانايسىمان ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 8 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە. سۇناينىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە يەتتە، ئاستىنقى تەرىپىدە بىر جەمئىي سەككىز ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ؛ ئاستىنقى

تۆشۈكى ئۈستۈنكى بىرىنچى تۆشۈكنىڭ ئاستىغىراق توغرا كېلىدۇ. ماھارىتى ئۈستۈن چالغۇچىلار ئۈنىڭدا تۇرلۇك تېپىلما ئاھاڭلار ۋە باشقا كۆپلىگەن زىننەت ئاھاڭلارنى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ چالالايدۇ.

5) كاناي: بۇ بۇرغا ۋە سۇنايلارغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ياسالغان چالغۇ. ئۇ ئاۋازىنىڭ بوملىقى، ھەيۋەتلىكلىكى سەۋەبىدىن «نەرە» دەپمۇ ئاتالغان؛ ئىلگىرى تۇرلۇك مۇراسىملار ۋە دىنىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى پائالىيەتلەردە كەڭ قوللىنىلغان.

كانايىنىڭ شەكلى سۇنايغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن خېلىلا ئۇزۇن، ھەجىممۇ يوغان. ئۈنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 — 2 مېتىرغىچە بولۇپ، دەسلەپتە ياغاچتىن، كېيىن مىستىن ياسالغان. كاناي بۇرغىغا ئوخشاش پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ بولۇپ، پەقەت بىرنەچچە تەبىئىي ئاۋازنى چېلىشقىلا بولىدۇ. كاناي ئاۋازىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ياكى بوم - ئىنچىكە بولۇشى ئۈنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئاساسەن قايناق، ھېسسىياتلىق سورۇنلاردا داقا - دۇمباقلارغا تەڭكەش قىلىنىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھۆۋلاش (نەرە تارتىش) لار ئارقىلىق كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە ھەجىمنىڭ كېلەڭسىزلىكى ھەمدە مېلودىيە ئورۇنداشقا بولماسلىقتەك كەمچىلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇ كىلاسسىك چالغۇلار ئارىسىدىن تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىغان، ھازىر پەقەت قىزغىن كەيپىياتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سەھنە قورالى قىلىپ ئىشلىمەكتە.

**2. قىللىق چالغۇلار**

قىللىق چالغۇلار ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن ياسالغان كامانچىنى تارغا سۈركەش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇلار تۇرىدۇر.

1) ساتار: ساتار (بۇرۇنقى ئىسمى سەرتار، يەنى باشلامچى چالغۇ دېگەن مەنىدە) قەدىمكى قىللىق چالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى دولان راۋابى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. پېشقەدەم مۇزىكا ئۈستىسى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئەينى زامانلاردا مۇقام ئورۇندىغاندا، ساتار قول بىلەن چېكىپ چېلىنىدىكەن. مۇشۇلارغا

ئاساسلانغاندىمۇ ئۇنىڭ راۋاب، تەمبۇر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ھەم قىللىق، ھەم چەكمىدىن ئىبارەت قوش ماكانلىق چالغۇ ئىكەنلىكىنى، كېيىنچە مەخسۇس كامانچە بىلەن ئورۇندىلىدىغان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ.

ساتارنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. ئۇ كۆپىنچە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ؛ بىر دانە ئاساسلىق چېلىنىدىغان پولات سىمى ۋە 8 — 12 گىچە سادا قايتۇرغۇچى سىملىرى بولىدۇ؛ سېپىغا كىرىچتىن پەدە باغلىنىپ (ھازىر ئاساسەن سولياۋ قويۇلىدىغان بولدى)، سول قولدا پەدە بېسىپ، ئوڭ قول بىلەن كامانچە سىيرىش ئارقىلىق چېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى سىلىق، مۇلايىم، مۇڭلۇق بولۇپ، مۇقام ئورۇنداشتا ئاساسلىق چالغۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كۆپىنچە مۇقاملارنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە بەزى مۇزىكىلارنىڭ چاچما (ئىختىيارىي) ئۇدارلىق قىسىملىرىدا باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ.

2) غىجەك: غىجەكنىڭ سېپى سۆگەت ياغىچىدىن، بېشى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ؛ سول قولدا تار بېسىپ، ئوڭ قولدا كامانچە سىيرىپ چېلىنىدۇ، باش قىسمىنىڭ ئىچى كاۋاك بولىدۇ. ئىلگىرى غىجەكنىڭ يۈزىگە ئات ياكى ئېشەك تېرىسى كېرىلەتتى، ئۇزۇنلۇقى 1 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئىككى ياكى تۆت تار بېكىتىلەتتى. 1955 - يىلىدىن بۇيان غىجەك تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، بېشىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يىلان تېرىسى كېرىلىدىغان، تۆت تار بېكىتىلىدىغان شەكىلگە كەلتۈرۈلدى. يۇقىرى ئاۋازلىق غىجەكلەرنىڭ ھەجىمى چاققان بولىدۇ، تىزغا قويۇپ چېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەرگە قويۇپ چېلىنىدىغان تۆۋەن ئاۋازلىق غىجەكلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇنداق غىجەكلەر يۇقىرى ئاۋازلىق غىجەكلەرگە قارىغاندا خېلىلا يوغان بولىدۇ.

3) خۇشتار: 1957 - يىلى لوپ ۋە خوتەن رايونلىرىدا ئوخشىمىغان نۇسخىدىكى ئىككى خىل خۇشتار تېپىلغان. بۇ خىل چالغۇ قەدىمكى غىجەك ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەنىكەن. ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە ئەمدىلا بىر ئەسىرچە

ۋاقىت بولغان. ھازىر بۇ خىل چالغۇ قايتا تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلدى. ئۇنىڭ دەستە بېشىغا كىچىك قۇشنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەچكە «قۇشتار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ياغاچ تاراشلىرىدىن چاپلىما شەكىلدە ياسالغاچقا، نەملىك ۋە ئىسسىق - سوغۇققا چىدامىلىق، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، تۆت تارلىق، دەستىسىدىكى تار تاختىسى ۋە تارلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى ئاساسەن ھازىرقى زامان غېجەككە ئوخشىشىدۇ. خۇشتار ئۆزىنىڭ كۆركەم شەكلى ۋە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن مىللىي مۇزىكا ئوركېستىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاماشىبىنلىرىنى جەلپ قىلماقتا. خۇشتارنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە سۈزۈك بولۇپ، ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋاز تۇسىگە يېقىنلىشىدۇ، ساز قىلىنىشى غېجەك بىلەن ئوخشاش.

**3. چەكمە چالغۇلار**

ناخۇن، زەخمەك ياكى بارماقلار بىلەن تارنى چېكىش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىلىدىغان چالغۇلار چەكمە چالغۇلار دېيىلىدۇ.

1) بەرباپ: بەرباپنىڭ يەنە بىر ئىسمى باربىت، خەنزۇچە «پىپا» دەپ ئاتىلىدۇ. «جۇڭگو مۇزىكا تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدا قەيت قىلىنىشىچە، 10 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم، مۇزىكىشۇناس فارابىنىڭ كىتابىدا، بەرباپنىڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ «ئۇد» دەپ ئاتالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بەش تارلىق كۇچا بەرباپى مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىن پۈتكۈل ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا تارقىلىشقا باشلىغان؛ شەرقتە دېڭىز بويلىرىغىچە، غەربتە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيەسىنى بويلاپ ئىران ۋە ئەرەب ئەللىرىگىچە يېتىپ بارغان؛ ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ساقلىنىپ قالغىنى تۆت تارلىق، ياپىلاق، ياغاچ يۈزلۈك، بېشى سوزۇنچاق كەلگەن نۇسخىسى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق، بويى 70 — 80 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە. بەرباپ تەخمىنەن 12 تۈرلۈك ساز قىلىنىدۇ. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقانلىرىنىڭ بىرىنچى تارى a، ئىككىنچى تارى e، ئۈچىنچى تارى d، تۆتىنچى تارى A ئاھاڭغا سازلىنىدۇ. بەرباپ تۈرلۈك مۇڭدا بولۇپ، پەدە سانى ئوخشاش ئەمەس.

2) راۋاب: راۋاب ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان چالغۇدۇر. راۋاب قولاق ئورنى، دەستىسى ۋە راۋاب بېشىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. بېشىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى تەرىپىگە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىپ تۇرغان بىر جۈپ قوچقار مۈڭگۈزى شەكلى ئورنىتىلغان. راۋابنىڭ خەلق ئارىسىدا قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى ۋە ئەڭ قەدىمىي بولغان قويچى راۋابى قاتارلىق خىلمۇخىل نۇسخىلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يېڭىدىن ئىسلاھ قىلىنغان چاپلىما (تالالىق) راۋاب ۋە تۆۋەن ئاۋازلىق باس راۋاب قاتارلىقلارمۇ بار.

(1) قەشقەر راۋابى: ئويما راۋاب دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ بېشى ياغاچتىن ئويۇلۇپ، يۈزىگە تېرە كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، دەستىسىگە كېرىچتىن پەدە باغلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 90 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قەشقەر راۋابى ئادەتتە 6 — 7 سىم تارلىق بولۇپ، بىرلا سىم تار ئاساسىي مېلودىيە ئۈچۈن، قالغانلىرى قوشۇمچە ياكى سادا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھازىرقى زامان قەشقەر راۋابى يەتتە سىم تارلىق بولۇپ، ئاۋازى ياڭراق، زىل كېلىدۇ.

(2) دولان راۋابى: دولان راۋابىنىڭ دەستىسىگە ئادەتتە پەدە باغلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ سىيرىپ چېلىشقا ناھايىتى ئەپچىل، ئۇنىڭ بىلەن بەزىبىر ئالاھىدە مىللىي پۇراقلارنى ياخشى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. دولان راۋابىنىڭ ئۈچ تال ئاساسىي سىم تارىسى ۋە كۆپلىگەن سادا قايتۇرغۇچ سىم تارلىرى بولىدۇ. راۋابنىڭ باش قىسمىدىن سەل يۇقىرىراق ئورۇنغا ئالاھىدە نەقىش ئويۇلغان قىسقا ئىككى مۈڭگۈز ئورنىتىلىدۇ.

(3) چاپلىما راۋاب: تالالىق راۋاب دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ راۋاب ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر راۋابىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنىپ ياسالغان بولۇپ، بېشى دۇتارنىڭكىگە ئوخشاش ياغاچ تالالىرىدىن چاپلاپ ياسىلىدۇ، دەستىسىگە مېتال ياكى سولياۋ پەدىلەر قويۇلىدۇ. چاپلىما راۋابنىڭ جەمئىي بەش سىم تارىسى بولۇپ، ئاۋازى جاراڭلىق، مۇڭلۇق، شەكلى قەشقەر راۋابىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

3) تەمبۇر: تەمبۇر ئۇزۇن دەستىلىك چالغۇ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 سانتىمېتىر، بېشى ئۇزۇنچاقراق، يۈزلۈكى ئادەتتە ئۈجمە

ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. تەمبۇرغا سىم سىپلىنىدۇ ۋە ناخۇن بىلەن چېكىپ چېلىنىدۇ. ئۇ ئىلى، قەشقەر ۋە ئاقسۇ رايونلىرىدا كۆپرەك تارقالغان. تەمبۇر بەش سىم تارلىق بولۇپ، بىرىنچى، ئىككىنچى سىم تارلىرى ئاساسلىق مېلودىيە ئورۇندايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەتقىقاتچىلىرىمىز تەمبۇر ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دەستىسى قىسقا، ئاۋازى ياڭراق بولغان يۇقىرى ئاۋازلىق تەمبۇرلەرنى ياساپ چىقتى. ئۇنىڭ پەدىسى راۋابقا ئوخشاش، يەنى 12 تەكشى ئاھاڭ رېتى بويىچە تىزىلغان بولۇپ، ھازىرقى زامان مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشقا قولايلىق.

4) دۇتار: دۇتار پارسچە قوشتار (جۈپتار) دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تا ھازىرغىچە ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتمەي كېلىۋاتقان بىردىنبىر چالغۇ. دۇتار ئۇزۇن دەستىلىك، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 125 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، بېشى يوغانراق بولۇپ، ئۈجمە ياغىچىنىڭ تالالىرىدىن چاپلىنىپ ياسىلىدۇ، دەستىسىگە كىرىچتىن پەدە باغلىنىدۇ. ئىككى تال ئۈچەي ياكى يىپەكتىن ئېشىلەنگەن (بىرى زىل، بىرى بوم) تار سېلىنىپ، قول بارماقلىرى بىلەن سوقۇپ چېلىنىدۇ، ئاۋازى مۇڭلۇق؛ چالغۇچى ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ناخشا ئېيتىشقا قولايلىق. شۇڭلاشقا، كۆپىنچە تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلار بىلەن بىللە ياكى يالغۇز ئورۇندىلىدۇ.

5) قالۇن: قالۇنمۇ قەدىمكى چالغۇلارنىڭ بىرى. ئۇ ئادەتتە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ؛ ئاۋاز ساندۇقى پەلەمپەي شەكلىدە بولۇپ، ئالدى تار، كەينى كەڭرەك، سول تەرىپى ئەگمە، ئوڭ تەرىپى تۈز بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن تىز ياتقۇزۇلۇپ، ئوڭ قولنىڭ باش، كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرانچى بارماقلىرى بىلەن سىم تارنى ئىلىش، سول قولدا پەدە باسقۇچ ئارقىلىق سىم تارنى بېسىش ۋە سىيرىش ئۇسۇلى بىلەن چېلىنىدۇ؛ ئاۋازى يېقىملىق ۋە تېپىلما ئاھاڭلارغا باي بولۇپ، پەۋقۇلئاددە تەۋرىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ 16 ياكى 18 جۈپ سىم تارسى بولىدۇ، ھەربىر جۈپ سىم تارسى بىر ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ.

6) چاڭ: چاڭ — قالۇن ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان قەدىمىي چالغۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز ساندۇقى قالۇنغا ئوخشاش كەڭ، ياپىلاق بولۇپ،

ئالدى تار، كەينى كەڭرەك ياسىلىدۇ. ئۇ قوش فازىلىق (چوڭراق) قىلىپ، يالغۇز تار سىلىپ، كەينى كەڭرەك ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ قوش فازىلىق (چوڭراق)، يالغۇز فازىلىق (كىچىكرەك) ئىككى خىل نۇسخىسى بار. ئادەتتە ئۈچ ياكى تۆت تال پولات سىم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، بىر ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ. بۇرۇن چاڭنىڭ 8 — 10 گۇرۇپپا ئاۋازلىق شەكىللىرى بولغان؛ كېيىنچە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ 13 — 18 گۇرۇپپا ئاۋازلىق شەكىللىرى مەيدانغا كەلدى. چاڭ ئۇيغۇر ئوركېسترىدىكى ئاساسلىق چالغۇ.

چاڭ ئىككى يېرىم گۇرۇپپا ئاۋاز دائىرىسىگە ئىگە. ئۇنىڭ سازلىنىشى ئۈچۈن، يەتتە ئاۋازلىق باسقۇچلار ئۆز تەرتىپى بويىچە ئۈچ قۇر تىزىلغان. چاڭ بامبۇكتىن ياسالغان بىر جۈپ چوكا بىلەن سىملارغا ئۇرۇپ چېلىنىدۇ، چوكىنىڭ ئۇچىغا رېزىنكە ياكى كىگىز قويۇلغان بولىدۇ، ئاۋازى جاراڭلىق كېلىدۇ.

**4. سوقما چالغۇلار**

سوقما چالغۇلار دېگىنىمىز، قول ياكى چوكا تاياقلار بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان تارسىز چالغۇدۇر. بۇنداق چالغۇلار مۇزىكىنىڭ رىتىمىنى بەلگىلەيدۇ، ئاھاڭغا تەسىرلىك ۋە جانلىق كەيپىيات قوشىدۇ.

1) تەبلىۋاز: بۇ دۇمباق تىپىدىكى ئەڭ قەدىمىي چالغۇ. دۇمباق بولسا خىلمۇخىل چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئاساسىدۇر. بەزىبىر مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرغاندا، دۇمباقنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. كىشىلەر ئەڭ دەسلەپ سىلىندىرسىمان ئويما ياغاچلارغا تېرە كېرىپ، قول بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلارنى چىقىرىشنى بىلگەن؛ كېيىنچە، دۇمباقنىڭ چوڭ - كىچىك، ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق خىلمۇخىل شارائىتلارغا ماسلاشقان نەغمە تەبلىۋازى، جەڭ تەبلىۋازى قاتارلىقلارنى كەشىپ قىلغان. گەرچە تەبلىۋاز ياسىلىش جەھەتتە دۇمباقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىلىندىرىنى ئۇزۇن، ئۈستىنى كەڭ، ئاستىنى تار ياساشتەك ئۇسۇللار بىلەن ئاۋازىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ياڭراقلىقى ئاشۇرۇلغان.

2) ناغرا: بۇمۇ دۇمباق تىپىدىكى قەدىمىي سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى. ناغرا قەدىمكى زامانلاردا ھەشەمەتلىك مۇراسىملار ۋە جەڭلەردە داغدۇغا پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ھازىر ھېيت - بايرام ۋە توي - تۆكۈنلەردە ئىشلىتىلمەكتە. ئۇ ئۈستى كەڭ، ئاستى تار قىلىپ مېتالدىن ياسالغان سىلىندىر قاپنىڭ يۈزىگە ئېشەك ياكى موزاي تېرىسى كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ ھەمدە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك ناغرا دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. چوڭ - كىچىك ناغرىلارنىڭ ئېگىزلىكى 19 — 35 سانتىمېتىر، يۈزىنىڭ دىيامېتىرى 25 — 38 سانتىمېتىر بولىدۇ.

3) داپ: داپ — دۇمباق تىپىدىكى تەرەققىي قىلغان سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاۋازى جۇشقۇن، ئۆزى يەڭگىل، ئىشلىتىشكە ئەپچىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇ قول بارماقلىرى بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان، ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان چالغۇ ھېسابلىنىدۇ. بەزى كىلاسسىك ئۇسسۇل ۋە مەشرەپلەر يالغۇز داپ بىلەنلا ئورۇندىلىدۇ.

داپنىڭ گەردىشى ئاساسەن ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ، يۈزلىكىگە ئات، ئۆچكە تېرىسى كېرىلىدۇ؛ گەردىشى ئىچىگە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق تۆمۈر ھالقىلار ئېسىلىدۇ، ئۇلار داپ چېلىنغاندا جىلدىرلىغان قوشۇمچە ئاۋازلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. داپنىڭ تۈرلىرى چوڭ - كىچىك ھەر خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ ئوخشاشمايدۇ، بەزى ناخشا - ئۇسسۇللاردا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك داپنىڭ گەردىشىگە تۆمۈر ھالقا ئەمەس، كىچىك قوڭغۇراقلار بېكىتىلىدۇ. مۇزىكا ئورۇنداشتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ داپنىڭ دىيامېتىرى 40 سانتىمېتىر، گەردىشىنىڭ كەڭلىكى 5.5 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ.

4) ساپايى: ساپايى دەسلەپتە ياۋا ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغانىكەن. ئادەتتە ئۇ ئىككى تال قىسقا ياغاچ كالتەكنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ، ئۈستىگىرەك ئورۇنغا ئىككى تال چوڭ تۆمۈر ھالقا بېكىتىلىپ ياسىلىدۇ. ھەربىر تۆمۈر ھالقىغا ئۇششاق تۆمۈر ھالقىلار ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇششاق تۆمۈر ھالقىلارنىڭ ياغاچ ساپقا تېگىشىدىغان ئورنىغا ئاۋازنى جاراڭلىق چىقىرىش ئۈچۈن قەلەي بېكىتىلىدۇ. ساپايى

دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46 سانتىمېتىر، چوڭ تۆمۈر ھالقىنىڭ دىيامېتىرى 9 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

5) قوشۇق: قوشۇقمۇ ئۇيغۇر مەشرەپ ۋە مۇزىكىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى. ئۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردە قوشۇقتا ئاپچە ئوخشىمىغان شەكىلدە ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان بىر خىل چالغۇ ئىكەن؛ كېيىنچە، كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق سايمان بولمىغاچقا، ئادەتتە تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قوشۇق ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ چالغۇ «قوشۇق» دەپ ئاتالغان. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان قوشۇقلارمۇ شەكىل جەھەتتىن تاماق قوشۇقلىرىغا ئوخشىتىلىپ ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى سەل يوغان بولۇپ، ئۈستىگە خىلمۇخىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلىدۇ. قوشۇق چېلىشتا، ئوڭ قولدا بىر جۈپ قوشۇقنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، قوشۇقلارنىڭ دۈمبىسىنى بىر - بىرىگە توغرىلايدۇ ۋە سول ئالقان بىلەن بەدەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرى (مۈرە، تىز ۋە باشقا جايلار) غا، يەر ۋە باشقا جىسىملارغا سوقۇشتۇرۇپ، مۇزىكا رىتىمىغا ماس كېلىدىغان ئاۋازلارنى پەيدا قىلىدۇ.

6) تاش: تاش — چاقچۇق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىككى جۈپ ياپىلاق ئېلىپسىمان تاشتىن ئىبارەت. بۇ خىل تاش ھەربىر قولدا بىر جۈپتىن تۇتۇلىدۇ ۋە بارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر - بىرىگە سوقۇپ چېلىنىدۇ. ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا تاش ئىشلىتىشمۇ خېلى ئۇزۇن تارىختا ئىگە.

ئېلىپسىسىمان تاشنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 1.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

## 2. قەشقەر ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ خىلى كۆپ. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۆزىنىڭ كۆپ

خىللىقى، ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقى ۋە جاراڭلىقلىقى، ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى، ياسىلىشىنىڭ ئۆلچەملىك، كۆركەم، سىپتىلىقى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ قىيىن دەپ قارالغان ھەرقانداق بىر كۈيىنى بىمالال چالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىلغار قول ھۈنەر ئۇسلۇبى قوللىنىلىپ، كۆركەم ئۇيغۇر نەقىش نۇسخىلىرى ئىشلىتىلىپ، ئىلمىي ۋە ئۆلچەملىك قىلىپ ياسالغان بولغاچقا، دۇنياغا داڭلىق ۋە دۇنياغا ئورتاق قوللىنىلىۋاتقان مۇزىكا ئاھاڭ ئۆلچەملىرىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، قەشقەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپىدىمۇ ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۆتمۈشتىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆركەم، چىرايلىق، نەپىس ياسىلىپ، ھەربىر خىل چالغۇ بىر خىل ئىنسىل سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. قەشقەرنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپى كەڭ تۈردە بازارغا يۈزلىنىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ساياھەتچىلىك كەسپى ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى مەھكەم ئىگىلەپ، «ئىپلان» تىپىدىكى ۋە خاتىرە بۇيۇم تىپىدىكى چوڭ - كىچىك چالغۇلارنى ياساپ سېتىپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى.

گەرچە يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، گەۋدىلىك ئىككى مەسىلە ساقلانماقتا: بۇنىڭ بىرى، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان داڭلىق ۋارىسلار يېتىشىپ ماڭالماسلىق؛ يەنە بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ خاس چالغۇلىرىنى چالىدىغان ۋارىسلار يېتىشىپ ماڭالماسلىقتىن ئىبارەت.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەردە ئالتە ئەۋلاد 280 يىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش قول ھۈنەرۋەنچىلىكى

بىلەن شۇغۇللانغان مەرھۇم ئەيساخان ئۇستامنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى، شاگىرتلىرى بىلەن ئالتە ئەۋلاد 250 يىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان مەرھۇم سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى، شاگىرتلىرىدىن باشقا، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان ھۈنەرۋەنلەر ئاساسىي جەھەتتىن قالمىغان.

ئىگىلىگەن تەپسىلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەرھۇم ئەيساخان ئۇستام بىلەن مەرھۇم سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ھۈنىرىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن ئۇستىلاردىن پەقەت 15 ئادەم، ھۈنەر قىلىۋاتقان شاگىرتلاردىن 38 ئادەم، جەمئىي 53 ئادەم قالغان. يۇقىرىقى ئۇستىلاردىن بەزىلىرى بىر خىللا چالغۇنى ياسايدىكەن. ھەممە خىل چالغۇنى ياسايدىغانلار ساناقلىقلا ئىكەن. يۇقىرىقى ئۇستىلار ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ خاس چالغۇلىرىنى چالىدىغان ۋارىسلار يېتىشىپ ماڭالماسلىق مەسىلىسمۇ ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا. مەسىلەن، ساتار چالىدىغان، راۋاب چالىدىغان، قالۇن چالىدىغان، بالىمان چالىدىغان ۋارىسلار ئاساسىي جەھەتتىن يوق. يۇقىرىقى تۆت خىل چالغۇنى چېلىشنى بىلىدىغانلارنى پەقەت ھەر دەرىجىلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمەكلىرىدىنلا ئاندا - ساندا تاپقىلى بولىدۇ، شەھەر، يېزىلاردىكى ئاۋام خەلق ئارىسىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ساتار، راۋاب، قالۇن، بالىمان قاتارلىق چالغۇلار بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل چالغۇلىرىمىز بولسىمۇ، يۇقىرى ئىقتىسادىي بىسىم تۈپەيلى، ئېلېكترونلۇق چالغۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇن - سىن بازارلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىشى تۈپەيلى، ئۇنى ئۆگىنىدىغانلار ئاساسەن قالمىدى.

تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق تۆت يېزا، كوچا باشقارما تەۋەسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار ۋە شەھەر ئىچىدىكى تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ئىچىدە قالۇن ۋە ساتار چالىدىغانلار ئاساسىي جەھەتتىن قالمىغان. بالىمان چالىدىغانلارمۇ

ئاساسىي جەھەتتىن قالمىغان. راۋاب چالىدىغانلارمۇ ناھايىتى ئازلاپ كەتكەن. شۇڭا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى ياساش كەسپىدىكى داڭلىق ئۇستىلار ۋە ۋارىسلار كەم بولۇش، ئۈزۈلۈپ قېلىش مەسىلىسىنى ۋە ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى ئۇيغۇرغا خاس چالغۇلارنى چالىدىغان ۋارىسلار كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

**3. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش ھۈنەرۋەنچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر**

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ياساش كەسپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا داڭلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ چالغۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ مىراسنى قوغداپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەسەۋۋۇر - پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ھۈنەر- ۋەنچىلىكىنى ۋە ساتار، قالۇن، راۋاب، بالىمان قاتارلىق تۆت خاس چالغۇنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈپ، شەھەر، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغداش تۈرى قىلىپ تۇرغۇزۇپ، قاتلامموقاتلام يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەلىپىگە ئاساسەن، قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

2. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش كەسپىدىكى داڭلىق ئۇستىلار يېتىشمەسلىك، ۋارىسلار يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، قەشقەر شەھەرلىك نەپىس سەنئەت شىركىتىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم بىر تۈر سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ۋارىسلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئىلگىرى

سۇرۇش لازىم.

3. ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپى، ۋىلايەتلىك سەنئەت سارىيى، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ رولىنى ھەقىقىي تۇردە جارى قىلدۇرۇپ، قالۇن، ساتار، راۋاب، بالىمان ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى نەپىس چالغۇلارنى چالىدىغان خادىملارنى تەربىيەلەپ كۆپەيتىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلق ئىچىدىكى چالغۇچىلارنى تەربىيەلەپ كۆپەيتىش ئارقىلىق، «ئون ئىككى مۇقام» ۋارىسلىرىنى تەربىيەلەش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

4. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر مۇزىكا دەرسى ئۆتكەندە، مىللىي چالغۇلارنى ئىشلىتىشى لازىم. مەكتەپلەر مىللىي چالغۇ چېلىشنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق، ئۆسمۈرلەرنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي چالغۇلىرىنى چالالايدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

قوشۇمچە (4):

# قەشقەر شەھرى كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدىكى قەدىمىي كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە ۋە داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى

ئۇيغۇر كۇلالچىلىقى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى، قەشقەر ئۇيغۇر كۇلالچىلىقى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك بولۇپ، 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئىنسانلار يېمەك - ئىچمەكنى خام يېيىشتىن پىشۇرۇپ يېيىشكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ياغاچ ۋە ساپالدىن ياسالغان ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشكە قەدەم قويغان. ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلالچىلىقمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلىغان. قېزىۋېلىنغان قەدىمىي ساپال بۇيۇملارنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئادىتى، پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا يېڭىلىنىش بولغان. قىسقىسى، قەشقەرنىڭ قەدىمىي ئۇيغۇر كۇلالچىلىقى ھەققىدە ئەينەن، توغرا، تەپسىلىي تارىخىي يازما ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن قەشقەرنىڭ كۇلالچىلىقى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتسە بالىسى ئەجداد كەسپىنى، ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇشنى راۋا ۋە ساۋاب بىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ، بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلدى ھەم ھۈنەر - سەنئىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى.

بۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلە ۋە مىراسخورلار ئەجداد كەسپىنى، ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش بەدىلىگە زىيان تارتىپ،

نامراتلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ كەسىپتىن ۋاز كەچمىگەن. ئەجداد كەسپىنى، ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئەجدادنى ۋە ئاتىسىنى قەدىرلىگەنلىك، سۆيگەنلىك دەپ بىلىپ داۋاملاشتۇرغان.

چاسا كوچا باشقارما گۈزەر ئىجتىمائىي رايونىغا قاراشلىق كوزىچى يار بېشى مەھەللىسى تارىخى ئۇزۇن قەدىمىي مەھەللە. تارىخنامىلەردىمۇ ئېنىق خاتىرىلەنگەن بۇ مەھەللىنىڭ «كوزىچى يار بېشى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى ئۇنىڭ كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كوزىچى يار بېشىنىڭ تۇپرىقى سېغىز تۇپراق بولۇپ، كۇلالچىلىقتا مۇھىم خام ئەشيا بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا كوزىچى يار بېشىغا نۇرغۇن داڭلىق كۇلالچىلىق ئائىلىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. سەئىدىيە، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىكى كۇلالچىلارمۇ كۆچۈپ كېلىپ، كوزىچى يار بېشىغا ئولتۇراقلىشىپ، نەچچە ئەۋلاد ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن 200 — 300 يىل ئىلگىرى قەشقەرنىڭ كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىگە توپلىشىپ كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر 100 — 120 ئەتراپىدا بولغان، ئۆلكە ئازاد بولۇشتىن بۇرۇن 40 — 50 ئائىلىگە چۈشۈپ قالغان. ھازىر بولسا كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدە ئەۋلاد ۋارىس، ئاتا ۋارىس كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدىن 11سى، ھۈنەر - كەسىپ قىلىۋاتقان ئەۋلادلار 17 گە چۈشۈپ قالغان.

ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلالماي يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئىقتىسادنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر كۇلالچىلىقى قەدىمىي ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇسكۈنىلىرى، قەدىمىي ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇسۇلىنى ساقلاپ قالغاچقا، ئانچە تەرەققىي قىلالمىغان، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى 55 يىللىق تەرەققىياتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نەچچە ئەسىر ئۇيغۇر كۇلالچىلىرى ياسىغان نەرسىلەرنى سۆيۈپ، قەدىرلەپ ئىشلىتىپ كەلدى. بۇرۇن

ئۇيغۇر تاماق داستىخانلىرىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۇلالچىلار ياسىغان ساپال تاۋاق، ساپال پىيالە، ساپال چەينەك، ساپال لېگەن، ساپال تەخسە، ساپال ئاپتۇۋا - چىلاپچا، ساپال ئىۆرۈق قاتارلىق نەرسىلەر ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر كۇلالچىلىقىنىڭ سودىسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغان. قەشقەر ئۇيغۇر كۇلالچىلىرى ئۆزىنىڭ كارامەت ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تەبىئىي سېغىز تۇپىغا ھېچقانداق نەرسە قوشماي، سۇ بىلەن مەلھەم لاي ئېتىپ، چوڭ - كىچىك كۈپ، كوزا، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، تەشتەك، ئىۆرۈق، خۇمرا، ياغلىق قاچا، ئاپقۇر، تەخسە، پىيالە، لېگەن، تاۋاق، لوگقا، شامدان، چىراغ، تۈكۈرۈكدان قاتارلىق 70 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قول بىلەن ياساپ، سىلىق - سىپتا ئىشلەپ، ھەر خىل شەكىلدە رەڭ، ھەل بېرىپ، ئاجايىپ كۆركەم سەنئەت بۇيۇمى ۋە ئىشلىتىشچانلىقى ئىگە ئۆزگىچە تۇرمۇش بۇيۇمى قىلىپ ياساپ چىققان.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدا، كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلاد مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان 11 كۇلالچىلىق كەسىپى ئائىلىسىنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قالاق، ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇسۇلى كونا بولسىمۇ، ئىشلەپچىقارغان ساپال بۇيۇملارنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، شەكلىنىڭ زامانغا لايىق ھالدا يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى، قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشتا بۇ كۇلالچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ رولىنىڭ خېلى ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن بۇ ئەنئەنىۋى كەسىپ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك بېسىمى تۈپەيلىدىن تازا راۋاجلانمىغان، كۆپىنچە ۋارىسلار قېرىپ كەتكەن. ئۇلار مۇشۇ بىر خىل ھۈنەرگە تايىنىپ جان باقىدىغان بولغاچقا، تۇرمۇشى يەنىلا قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋېتىپتۇ. ئىشلەپچىقارغان ساپال بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشى دېگەندەك ياخشى ئەمەس. ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى دولقۇنى يېتىپ كەلگەندە، تىجارىتى خېلى ياخشى بولغان بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا تىجارىتى راۋان

يۈرۈشمىگەن. شۇڭا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، دائىملاشتۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنەر - كەسپىنى رەھبەرلىك جەھەتتە قوللاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلەپ، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلاپ، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئاساسىدا يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ۋارىسلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تەدرىجىي كۆپەيتىش لازىم.

## 1. كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدىكى كۇلالچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈچ كۈن تەكشۈرۈش جەريانىدا، كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدىكى 11 كۇلالچىلىق كەسپىي ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلىدى. ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ كۇلالچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىدە كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 17 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 54 ياش، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 92 ياش، ئەڭ كىچىكىنىڭ يېشى 25 ياش بولۇپ، ۋارىسلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتى كۆرۈلگەن. ئومۇمىي ئادەم سانى ئىچىدە يېشى 60 ياشتىن ئاشقانلار ئالتە نەپەر.

كۇلالچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي تارىخىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى — ئەزىز مەمەتئېلىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ئەزىز مەمەتئېلى ئۆزى، ئەزىز مەمەتئېلىنىڭ دادىسى، دادىسىنىڭ دادىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئوغلى قوشۇلۇپ تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1 - ئەۋلاد: چوڭئاخۇن 1835 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1920 - يىلى 85 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بىر ئۆمۈر كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭ چىقارغان.

2 ـ ئەۋلاد: مەمەتئېلى چوڭئام 1887 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1936 ـ يىلى 49 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كەسىپ ۋارىسى ئوغلى مەمەتئېلى كىچىك بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئاتا كەسىپ ھۈنىرىنى ئوغلىغا ئۆگىتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد: ئەزىز مەمەتئېلى 1927 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىر 80 دىن ئاشتى، دادىسىدىن توققۇز يېشىدا يېتىم قالغاچقا، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى كوزىچى يار بېشىدىكى نىزانىكام دېگەن ئۇستامدىن ئۆگەنگەن.

4 ـ ئەۋلاد: ھەسەنجان ئەزىز 1956 ـ يىلى تۇغۇلغان، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى ئەزىز مەمەتئېلىدىن ئۆگەنگەن، ھازىر ئەجدادلىرىنىڭ ھۈنىرىنى ئاساسلىق داۋاملاشتۇرغۇچى بولۇپ قالغان، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى بىرقەدەر پىششىق ئۆگەنگەن ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشقان. ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئائىلىنىڭ كۇلالچىلىق تارىخى 170 يىلغا يېتىدىكەن.

2. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى — تۇرسۇن رۇستەمنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرسۇن رۇستەم ئۆزى، دادىسى، چوڭ دادىسى، ۋارىس ئوغلى قوشۇلۇپ تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: ئىسلام ئاخۇن 1815 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1920 ـ يىلى 105 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىق بىلەن 60 يىلدىن ئارتۇق شۇغۇللانغان.

2 ـ ئەۋلاد: ئابدۇرۇسۇل ئىسلام 1867 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1957 ـ يىلى 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى ئىسلام ئاخۇندىن ئۆگەنگەن، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى 60 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد: تۇرسۇن رۇستەم (رۇستەمنىڭ تاغىسى) 1950 ـ يىلى تۇغۇلغان، دادىسىدىن يەتتە يېشىدا يېتىم قالغان بولغاچقا، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسىنىڭ ئىنىسى رۇستەم ئىسلامدىن ئۆگەنگەن ھەمدە «رۇستەم» فامىلىسىنى قوللانغان. تۇرسۇن رۇستەم كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى

پۇختىـا، سـىلىق ئـۆگـەنگەن ۋە ئەۋلادلىرىنىـڭ بـۇ ھـۈنەرنى يەنىمـۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈستىدە كـۆپ ئـىزدەنگەن، بولۇپمـۇ ئـۆزى ياساپ چىققـان سـاپال بۇيۇملارغـا قانـداق رەڭلەرنـى بېـرىش، مىللـىي ئالاھىـدىلىكنى قانـداق سـاقلاپ قـېلىش جەھەتـلەردە كـۆپ بـاش قاتۇرغان.

4 ـ ئەۋلاد: كىچىك ئوغلى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا، تېخى ھۈنەر ئـۆگەنمىگەن. ئوقـۇش پۈتكۈزگەنـدىن كېيىن ھـۈنەرنى ئـۆگەنمەكچى بولغان. لېكىن بۇ كىچىك ئوغلىنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەنگۈسى يوق ئىكەن.

3. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى — سۇلتان مامۇت ئەپەندىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

سۇلتان مامۇت ئەمەت ئۆزى، دادىسى، ئانىسىنىڭ چوڭ دادىلىرى قوشۇلۇپ تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: ئەمەت چوڭـام (سـۇلتان مـامۇت ئەمەتنىـڭ بوۋىـسى) 1802 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1885 ـ يىلى 83 يېشىدا ئالەمـدىن ئـۆتكەن، 50 يىلدىن ئارتۇق كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

2 ـ ئەۋلاد: ئىمىــن ئەمەت (چــوڭ دادىـــسى) 1868 ـ يىلـى تۇغۇلۇپ، 1948 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد: ئەمەت ئىمىن (دادىسى).

4 ـ ئەۋلاد: سۇلتان مامۇت ئەمەت 1951 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھـازىر ئاتا كەسىپ ۋارىسى بولـۇپ، بـۇ ھـۈنەرنى داۋاملاشـتۇرماقتا، ھېچقانـداق شاگىرت تەربىيەلىمىگەن.

4. بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى — ئابلىز سوپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ئـابلىز سـوپى ئـۆزى، تاغىـسى، تاغىـسىنىڭ دادىـسى، تاغىـسىنىڭ دادىــسىنىڭ دادىـــسى، تاغىـــسىنىڭ بوۋىـــسى بولـــۇپ، بەش ئەۋلاد كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: يۇسـۇپ مـوللا داڭلـىق كۇلالچىلـىق ئۇستىـسى بولـۇپ، 1790 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1868 ـ يىلـى 78 يېشىدا ئالەمـدىن ئـۆتكەن.

ئەينى ۋاقىتتا كوُلالچىلىقنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ قىلغاچقا، تىجارىتى روناق تاپقان.

2 ـ ئەۋلاد: تۇردى يۇسۇپ 1855 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1930 ـ يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. كوُلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى يۇسۇپ موللىدىن ئۆگەنگەن، ئۆمرىدە 50 يىل ئەتراپىدا كوُلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

3 ـ ئەۋلاد: پالتۇ تۇردى 1883 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1958 ـ يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. كوُلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى تۇردى يۇسۇپتىن ئۆگەنگەن.

4 ـ ئەۋلاد: مەممەت پالتۇ 1920 ـ يىلى تۇغۇلغان، قىرىپ كەتكەچكە كوُلالچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنالمىغان، ھۈنەرنى دادىسى پالتۇ تۇردىدىن ئۆگەنگەن.

5 ـ ئەۋلاد: ئابلىز سوپى 1953 ـ يىلى تۇغۇلغان، كوُلالچىلىق ھۈنىرىنى ئانىسىنىڭ ئىنىسى مەممەت پالتۇدىن ئۆگەنگەن. ھازىر ئاساسلىق ۋارىس بولۇپ، كوُلالچىلىق ھۈنىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۈرۈمچى ساياھەت ئىدارىسى ئابلىز سوپىنى 2002 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلىغىچە يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن.

5. بەش ئەۋلاد كوُلالچىلىق ئائىلىسى — تۇردى ھامۇتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

تۇردى ھامۇت ئابلىز سوپى بىلەن نەۋرە ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، تۇردى ھامۇت ئابلىز سوپىغا ئوخشاش بەش ئەۋلاد كوُلالچىلىق ئائىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئالدىنقى تۆت ئەۋلاد تارىخى ئابلىز سوپىنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

تۇردى ھامۇت 1948 ـ يىلى تۇغۇلغان، كوُلالچىلىق ھۈنىرىنى مەممەت پالتۇدىن ئۆگەنگەن، ھۈنەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەچكە ئەھۋالىمۇ خېلى ياخشىكەن.

6. تۆت ئەۋلاد كوُلالچىلىق ئائىلىسى — مەمەتئىمىن ئوبۇلنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

مەمەتئىمىن ئوبۇل ئۆزى، دادىسى، دادىسىنىڭ دادىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئوغلى قوشۇلۇپ تۆت ئەۋلاد كۆلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: چوڭئاخۇن 1835 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1920 ـ يىلى 85 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

2 ـ ئەۋلاد: مەمەتئىبلى چوڭئام 1887 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1936 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد: ئەزىز مەمەتئىبلى 1927 ـ يىلى تۇغۇلغان.

4 ـ ئەۋلاد: مەمەتئىمىن ئوبۇل، 1950 ـ يىلى تۇغۇلغان، كۆلالچىلىق ھۈنىرىنى ئاساسلىق داۋاملاشتۇرۇپ كەلگۈچى ۋارىس بولۇپ قالغان.

7. تۆت ئەۋلاد كۆلالچىلىق ئائىلىسى — مۇھەممەد تۇردىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

مۇھەممەد تۇردى 15 يېشىدىن تارتىپ دادىسى تۇردى موللامدىن كۆلالچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، 60 يىلدىن ئارتۇق ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: موللام قاسىم باي 1806 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1886 ـ يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۆمۈر بويى كۆلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

2 ـ ئەۋلاد: تۇردى موللا 1874 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1944 ـ يىلى 107 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ھۈنەرنى دادىسى موللا قاسىمدىن ئۆگەنگەن، ئۆمۈر بويى كۆلالچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

3 ـ ئەۋلاد: مۇھەممەد تۇردى 1912 ـ يىلى تۇغۇلغان، بىر ئۆمۈر كۆلالچىلىق ھۈنىرىنى قىلىپ قېرىپ كەتكەچكە دەم ئالغان.

4 ـ ئەۋلاد: مەمەتتۇرسۇن مۇھەممەد 1961 ـ يىلى تۇغۇلغان، دادىسى مۇھەممەد تۇردىدىن 15 يىل كۆلالچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن، ھازىر ئاتا كەسپىگە ئاساسلىق ۋارىسلىق قىلغۇچى بولۇپ قالغان، شاگىرت يېتىشتۈرمىگەن.

8. بەش ئەۋلاد كۆلالچىلىق ئائىلىسى — مەخەت قادىرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ئۆزى، دادىسى، دادىسىنىڭ دادىسى، بوۋىسى، ئۆزىنىڭ ئوغلى بولۇپ بەش ئەۋلاد كۆلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: توخسۇن هاشىم ئەسلىي يېڭىسار ناهىيەسىنىڭ بازار ئىچىدىن بولۇپ، 1810 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1885 ـ يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۆمۈر بويى كۆلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز زامانىسىدا داڭ چىقارغان.

2 ـ ئەۋلاد: ناسىر توخسۇن يېڭىسار ناهىيەسىنىڭ يېڭىباغ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، 1855 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1925 ـ يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۆلالچىلىق هۈنىرىنى دادىسى توخسۇن هاشىمدىن ئۆگىنىپ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆمۈر بويى كۆلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

3 ـ ئەۋلاد: قادىر ناسىر 1895 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1987 ـ يىلى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۆلالچىلىق هۈنىرىنى دادىسى ناسىر توخسۇندىن ئۆگىنىپ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كۆلالچىلىق هۈنىرىنى ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ 1947 ـ يىلى يېڭىسارنىڭ يېڭىباغ دېگەن يېرىدىن قەشقەرنىڭ كوزىچى يار بېشىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كۆلالچىلىق هۈنىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان.

4 ـ ئەۋلاد: مەخەت قادىر 1937 ـ يىلى تۇغۇلغان، كۆلالچىلىق هۈنىرىنى دادىسى قادىر ناسىردىن ئۆگەنگەن، كۆلالچىلىق هۈنىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئاتا كەسپىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە.

5 ـ ئەۋلاد: ئۆمەرجان مەخەت (مەخەت قادىرنىڭ ئوغلى)، 1979 ـ يىلى تۇغۇلغان، هازىر دادىسىدىن كۆلالچىلىق هۈنىرىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ.

9. بەش ئەۋلاد كۆلالچىلىق ئائىلىسى — زۇنۇن هاشىمنىڭ ئاساسىي ئەهۋالى

زۇنۇن هاشىم بەش ئەۋلاد كۆلالچىلىقنىڭ ۋارىسى بولۇپ، هۈنەرنى دادىسى هاشىم تىيىپتىن ئۆگەنگەن.

1 ـ ئەۋلاد: زۇنۇن ئاخۇن 1820 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1890 ـ يىلى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، داڭلىق كۇلالچىلىق ئۇستىسى بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇ ياسىغان نەرسىلەرنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەن.

2 ـ ئەۋلاد: تېيىپ زۇنۇن 1846 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1926 ـ يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى زۇنۇن ئاخۇندىن ئۆگىنىپ، ئۆمۈر بويى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

3 ـ ئەۋلاد: ھاشىم تېيىپ 1896 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1971 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى تېيىپ زۇنۇندىن ئۆگەنگەن، ئۆمۈر بويى كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، داڭلىق ئۇستا بولۇپ تونۇلغان.

4 ـ ئەۋلاد: زۇنۇن ھاشىم 1935 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى ھاشىم تېيىپتىن ئۆگەنگەن، دادىسىنىڭ ئاتا كەسپىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ ھۈنەرنى سىلىق ۋە پۇختا قىلغاچقا، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، بازىرى ئىتتىك ئىكەن.

5 ـ ئەۋلاد: تۇرسۇنجان زۇنۇن 1958 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى دادىسى زۇنۇن ھاشىمدىن پىششىق ئۆگەنگەن، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاتىسى بىلەن بىرگە كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

10. ئۈچ ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى — ئۆمەر ئېلىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ئۆمەر ئېلى ئۆزى، دادىسى، چوڭ دادىسى بولۇپ، ئۈچ ئەۋلاد كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1 ـ ئەۋلاد: رېھىم ئاخۇن 1878 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1948 ـ يىلى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

2 ـ ئەۋلاد: ئېلى رېھىم 1935 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1995 ـ يىلى 2ـ ئايدا 60 يېشىدا ۋاپات بولغان، دادىسىدىن كىچىك قالغاچقا، كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى بىر تۇغقانلىرىدىن ئۆگەنگەن.

3 - ئەۋلاد: ئۆمەر ئېلى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ كۇلالچىلىق هۈنىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

11. تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىق ئائىلىسى — مۇھەممەت تۇرغۇن ئەبەسنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1 - ئەۋلاد: تۇردى ئاخۇن ئاكا (چوڭ دادىسى).

2 - ئەۋلاد: مۇھەممەد تۇردى 1912 - يىلى تۇغۇلغان، بىر ئۆمۈر كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، قېرىپ كەتكەچكە هۈنەرنى داۋاملاشتۇرالمىغان.

3 - ئەۋلاد: ئەبەس پالتۇ 1931 - يىلى تۇغۇلۇپ، 2003 - يىلى 11 - ئايدا 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۆمۈر بويى كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

4 - ئەۋلاد: مۇھەممەتتۇرغۇن ئەبەس 1965 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تۇغۇلغان، كۇلالچىلىق هۈنىرىنى دادىسى ئەبەس پالتۇدىن ئۆگەنگەن، تۆت ئەۋلاد كۇلالچىلىقنىڭ ۋارىسى بولۇپ، ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، كوزىچى يار بېشىدا كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 17 نەپەر بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەزىز مەمەتئېلى، 77 ياش
2. ھەسەنجان ئەزىز، 48 ياش
3. تۇرسۇن رۇستەم، 54 ياش
4. سۇلتان مامۇت ئەمەت، 53 ياش
5. مەمەت پالتۇ، 84 ياش
6. ئابلىز سوپى، 69 ياش
7. تۇردى ھامۇت، 56 ياش
8. مەمەتئىمىن ئوبۇل، 54 ياش
9. مۇھەممەد تۇردى، 92 ياش
10. مەمەتتۇرسۇن مۇھەممەد، 43 ياش
11. مەخەت قادىر، 68 ياش
12. ئۆمەرجان مەخەت، 25 ياش

13. زۇنۇن ھاشىم، 69 ياش
14. تۇرسۇنجان زۇنۇن، 46 ياش
15. ئۆمەر ئېلى، 32 ياش
16. ئەنۋەر ئېلى، 34 ياش
17. مۇھەممەتتۇرغۇن ئەبەس، 39 ياش

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 92 ياش، ئەڭ كىچىكىنىڭ يېشى 25 ياش.

**2. قەشقەرنىڭ قەدىمىي كۇلالچىلىق ھۈنىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر**

قەشقەرنىڭ مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكى دۇنياغا داڭلىق. قەشقەرنىڭ كۇلالچىلىقى ھۈنەرۋەنچىلىكى — قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ھەم زورىيىۋاتقان ساياھەت كەسپىنىڭ ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ كۇلالچىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى قۇتقۇزۇش، راۋاجلاندۇرۇش مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولمىسۇن ناھايىتى مۇھىم. قەشقەر كۇلالچىلىق سەنئىتىنىڭ ۋارىسلىرى يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ كېتىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قەشقەرنىڭ كۇلالچىلىقىنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ قۇتقۇزۇش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش زۆرۈر، دەپ قارايمىز:

1. قەشقەرنىڭ كۇلالچىلىق ئىشلىرىنى شەھەر، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرى قىلىپ تۇرغۇزۇپ، قاتلامۇقاتلام يوللاپ، تەستىقلىتىپ، قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

2. دۆلەت مۇۋاپىق دەرىجىدە يەر ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ، قەشقەردە قەدىمىي كۇلالچىلىق مەركىزى قۇرۇش، مەركەز قارىمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش سېخى، كۆرگەزمىخانا، خۇمدان قاتارلىقلارنى سېلىپ، ئەنئەنىۋى ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى ھۈنەر - تېخنىكىلارنى

قوللىنىپ، تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ كۆركەم، تېخىمۇ نەپىس ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

3. كۇلالچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، ۋارىسلارنىڭ ئۇزۇلۇپ قېلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش لازىم.

قوشۇمچە (5):

# يېڭىسار پىچىقى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق يېڭىسار پىچىقى ئۇيغۇر پىچاقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. يېڭىسار پىچىقى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، يېڭىسار بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قاراباش دېگەن مەھەللىدە مەمەت تۆمۈرچى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆمۈرچىلىك ھۈنىرى يىراق - يېقىندا داڭ چىقارغان. ئۇ زېھنى ئۆتكۈر، قولى چېۋەر، ئىشچان ئادەم بولۇپ، تىرىشچانلىقى ۋە كۈچلۈك ئەقىدىسى بىلەن ياساپ چىققان پىچاقلارنى يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر بەس - بەستە سېتىۋېلىپ ئىشلەتكەن. ئىشلىگەن پىچاقلار خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ بولۇپ، تۈز پىچاق، چاسا پىچاق، ئەگرى پىچاق، چىشلىق پىچاق، خەنجەر پىچاق قاتارلىق تۈرلىرى بىلەن يېڭىسار ۋە قوشنا جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈپ بەلبېغىغا ئېسىۋالىدىغان كۆركەم، نەپىس بۇيۇمغا ئايلانغان.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەمەت تۆمۈرچىنىڭ شاگىرتلىرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى، راۋاجلاندۇرۇشى نەتىجىسىدە، يېڭىسار پىچىقى بارغانسېرى تېخىمۇ سۈپەتلىك، تېخىمۇ كۆركەم ياسىلىپ، پىچاقلار دۇنياسىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىچە ھۈنەر - سەنئىتى، تۈجۈپىلەپ ئىشلەنگەن نەقىشلىرى بىلەن پىچاق بازارلىرىدا كۆزنى چاقنىتىپ، يېڭىسار خەلقى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر، سەنئەتكارلار، ساقلىغۇچىلارنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمىغا ئايلاندى.

يېڭىسار پىچىقىنى ئاددىي ھالدا پىچاق دەپ ئاتىغاندىن كۆرە، ئېسىل ئىشلەنگەن گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى دەپ ئاتىغان تۈزۈك. چۈنكى،

40 نەچچە تۈرگە كۆپەيگەن يېڭىسار پىچىقى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم قول ھۈنەر - سەنئەت مەھسۇلاتى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان قازاق، موڭغۇل، زاگزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئاممىبابلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋايىغا يەتكەن ئالاھىدە مىللىي بۇيۇم بولۇپ قالدى.

يېڭىسارنىڭ ھەر خىل پىچاقلىرىغا كۈمۈش، مىس، داتلاشماس پولات، ھايۋانات مۈڭگۈزى، ھايۋانات سۆڭىكى، ياغاچ ۋە ھەر خىل رەڭدىكى ئورگانىك ئەينەكلەردىن تىغ، تۇتقۇچ، دەستە ياسىلىدۇ. پىچاق دەستىسىگە كۈمۈش، قىزىل مىس، ياقۇت، قۇلۇلە قېپى قاتارلىقلاردىن نەقىش ئىشلىنىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغىنى، پىچاقلارغا ئۆزىگە يارىشا ھەر خىل ئېسىل غىلاپلار سەپلىنىدۇ. پىچاق غىلاپلىرىغا كالا خۇرۇمى، قوي خۇرۇمى قاتارلىق يۇقىرى سۈپەتلىك خۇرۇملار ماتېرىيال قىلىنىدۇ. بەزى غىلاپلار كۈمۈش، مىس، ئاليۇمىن ۋە داتلاشماس پولاتلاردىن ياسىلىپ، ئۈستىگە ھەر خىل مىللىي تۈسكە ئىگە نەقىشلەر چېقىرىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھەم چوڭ سۈپەت، ھەم قىممەتلىك بولۇپ، ئىشلىتىش، ساقلاش ۋە دوست - بۇرادەرلەرگە سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىشتىكى قىممەتلىك بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.

يېڭىسار پىچىقىغا ئەلا سۈپەتلىك، ئېلاستىكلىق پولات تاختاي، پولات شار خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ. پىچاق ياسايدىغان ھۈنەرۋەنلەر ماتېرىياللارنى ئوتتا تاۋلاپ، بولقا بىلەن سوقۇپ تىغ ھالەتكە كەلتۈرۈپ، سۇغا چىلاپ سۇغىرىپ تەييارلايدۇ. ئۇنىڭ بىسى ناھايىتى ئۆتكۈر، پىچاقلارنىڭ شەكلى ھەر خىل، تۈرى كۆپ بولۇپ، ئەنئەنىۋى تۈرلىرىدىن ئەگرى پىچاق، تۈز پىچاق، شەمشەر، قۇش تۇمشۇقى شەكلىدىكى پىچاق، قىڭراق، قەلەمتىراش قاتارلىقلار بار. يېڭىسار پىچاقلىرىنىڭ بىسى ياكى ساپلىرىغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە يېزىقلاردا «يېڭىسار» قاتارلىق ماركا ناملىرى چېكىلىدۇ. بۇ ئاساسەن ماركىنىڭ رولىنى ئويناشتىن سىرت، ساختا پىچاقلاردىن پەرقلەندۈرۈش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

يېڭىسار پىچاقلىرى كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى ئوينايدۇ. يېرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، چارۋا ماللارنى بوغۇزلاش، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، گۆشلۈك غىزالارنى، مېۋىلەرنى ئىستېمال قىلىشتا ياردەمچى بولۇش قاتارلىق روللارنىمۇ ئوينايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭىسار ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پىچاقچىلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ھۈنەرۋەن - كاسىپ ۋە دېھقانلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلىدى، شۇنداقلا بۇ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيە، يېزا - كەنتلەردە پىچاقچىلىق بىرلەشمىلىرىنى قۇرۇپ، پىچاقچىلىققا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇردى. ۋاستىچىلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى مەزگىللىرىدىكى يۈرۈشلۈك مۇلازىمەتنى كۈچەيتتى. ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى يېزا (بازار) لاردىكى رەھبەرلەر پىچاقچىلىققا كېتەرلىك مەبلەغ، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ئورنى، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەرگە يېتەرلىك ئېتىبار بەردى، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ پىچاق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا كەڭ يول ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش جەھەتلەردە يولۇققان كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلدى. ھازىر يېڭىسار ناھىيە بازىرى ئىچىدىلا پىچاقچىلىق كارخانىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان پىچاقچىلىق كوچىسى بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، زاكازغا ئاساسەن پىچاق ئىشلەپچىقىرىش يولىغا قويۇلۇپ، پىچاق ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇلۇپ، پىچاقچىلىقنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك ئاساس سېلىندى.

يېڭىساردا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل پىچاقلار ئالاھىدە نەپىس بۇيۇم سۈپىتىدە مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان 12 - نۆۋەتلىك ساياھەت نەپىس ھۈنەر - سەنئەت خاتىرە بۇيۇملىرى سودا يىغىنىدا 1 -

دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە «تۇلپار» خاتىرە مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ مىللىي ئالاھىدە بۇيۇملىرى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك بۇيۇم مۇكاپاتىغا، خەلقئارا سانائەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمە يىغىنىدا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نۆۋەتتە، يېڭىسار پىچىقىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 1 مىليون دانىغا يەتتى، پىچاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا ۋە يەككە تىجارەتچى ئائىلىسى 20 دىن ئارتۇق بولۇپ، مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 400 دىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پىچاق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلارمۇ بار.

يېڭىسار ناھىيەسىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پىچاقلارنىڭ ماركىلىرى ھەر خىل بولۇپ، «بادامگۈلى»، «ئانارگۈلى»، «شەمشەر»، «مىسران»، «يېڭىسار» قاتارلىق تاۋار ماركىلىرىنى رويخەتكە ئالدۇردى. پىچاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش زامانىمىزدىكى يېڭىسار قول ھۈنەرۋەنلىرى ۋە دېھقانلىرىنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھاللىق سەۋىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىكى مۇھىم كىرىم مەنبەسىگە ئايلاندى.[1]

**خۇلاسە**

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ــ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان ئۇنىۋېرسال غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ساھەسى. ئۇ رەڭدارلىققا ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە بولغان كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا ئىختىرا قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ مۇجەسسىمى. ئۇ شەكىل جەھەتتىن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ماددىيلىققا (كونكرېتلىققا) ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كەشىپ قىلىش ۋە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش جەريانلىرىغا ئىنسانىي ئەقىل - ئىدراك ۋە پەم - پاراسەت يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، مۇئەييەن بىر قورال - سايمان ياكى سەنئەت

---

[1] تۇرسۇن پازىل تەييارلىغان «يېڭىساردىكى ‹ئۈچ گۆھەر›» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن ئېلىندى. «قەشقەر» ژۇرنىلى 2005 - يىلى 3 - سان.

ئامىللىرى سىڭگەن كونكرېت بۇيۇم خاراكتېر جەھەتتىن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولىدۇ.

بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسەن قەشقەر رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان، ئەۋلادلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن قول ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتكۈل قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرىنى، ئۇلارنىڭ تېخنىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشنىڭ پۇرسىتى، ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇڭا، خۇلاسە سۈپىتىدە قەشقەرگە خاس قول ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىسخېمىسى قوشۇمچە قىلىندى.

**قوشۇمچە: قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى**

| چوڭ تۈر | تارماق تۈر | مەھسۇلات تۈرلىرى ياكى قۇرۇلمىسى |
|---|---|---|
| 1. ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت قول ھۈنەرۋەنچىلىكى | A ئوۋچىلىق كەسپى | ساداق، چوماق (توقماق)، قاپقان (تۆمۈر قاپقان، توڭگۇز قاپقان، ياغاچ قاپقان)، قىسماق، سوغان، تاختىمۇشۇك، تەپكە، ئوۋ مىلتىقى...... |
| | B بېلىقچىلىق كەسپى | ساچقاق، مانتۇ، گۈلمە (تور)، مانجا، ئىلغا، كېمە (قولۋاق)...... |
| | C چارۋىچىلىق كەسپى | ئېگەر، ئۈزەڭگە، قامچا، تاراق (تارغاق)، قايچا، ناھال (نال)...... |

| | | |
|---|---|---|
| | D دېھقانچىلىق ھۈنەر - كەسپى | كەتمەن، كەكە، گۈرجەك، ئورغاق، ئارا، بوقۇسا، تىرنا، سۈرەم، بەلچە (ئوتىغۇچ)، تۇلۇق، سەكسەن پۇت، غەلۋىر، ئۆتكەمە، سېۋەت، كۈرەك |
| 2. ئاشلىق - ياغلىق دان پىششىقلاش | A يارغۇنچاق | بۇغداي يارمىسى، قوناق يارمىسى، ئارپا يارمىسى، گۈرۈچ يارمىسى، پۇرچاق يارمىسى |
| | B تۈگمەن | كويلا، نور (قوغاچ)، غولۋا، ئاقتا، چاقپەلەك، تاش، خامپا، سۆكەن، تاقىلدىغۇچ، تەگشەك |
| | C سوقا | قول سوقىسى، تەپمە سوقا، سۇ سوقىسى |
| | D جۇۋاز | جۇۋاز كۆتىكى، ئوق، ئوق بۆكى، قىلىچ، قايچا، بويۇنتۇرۇق، ياغ قاپىقى، تاش، تالتۇز<br>قول چىغرىق ۋە تەپمە چىغرىق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. قول چىغرىقى تاپانلىق، پاچاق، ئوق (ئەركەك ئوق ۋە چىشى ئوق) دىن تەركىب تاپىدۇ. تەپمە چىغرىق — پەلتەك، تىزلىق، ئوق، توقماق، تەپكە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| 3. ئۇن تاماقلىرى | A سۇيۇقئاشلار | ئۇگرە، قۇچقاچ تىلى، ئۈزۈپ تاشلانغان ئاش (خولۇپ ئاش)، يۇبدان، سىقماق ئاش، كۆمۈلەك ئاش |
| | B لەغمەنچىلىك | سوزما لەغمەن، ياپىلاق لەغمەن، كەسمە لەغمەن، سېرىق ئاش، قولداما، تۇم لەغمەن |
| | C چۆپ | نېرىن چۆپ، قورۇما چۆپ، ياغلىما چۆپ، شوخلا چۆپ، پالەك چۆپ، ماش چۆپ |
| | D چۆچۈرە | گۆش چۆچۈرىسى، كۆك چۆچۈرىسى، قىزىل بۇغداش چۆچۈرىسى، لويلا چۆچۈرىسى، پىنىنە چۆچۈرىسى، جۇۋاۋا (بەنشىر، سۇ مانتىسى) |
| | E ئۇماچ | ئۇماچ، ئاتىلا، يارما، زاڭ، كۆكباش ئۇمچى، بۇلماق |
| | F مانتا | پېتىر مانتا، بولاق مانتا، ياغ مانتا (قورۇما مانتا، خوشاڭ)، شېكەر مانتا، كۆكتات مانتا، كاۋا مانتا، يۇتازا، هورنان، پۆرە، تۇرمەل |
| | G سامسا | سامسا، گۆشگىردە، پەرمۇدە |
| | K نان | گىردە، توقاچ نان، هەمەك نان، شىرمەن نان، قاتلىما نان، زاغرا، جۆۋەندە نان، گۆشنان |

| | | |
|---|---|---|
| 4. گۈرۈچ يېمەكلىكلىرى | A پولۇ | گۆشلۈك پولۇ، بەتتە پولۇ، بەقەسەم پولۇ، ماش - گۈرۈچ پولۇسى |
| | B شويلا | قورۇما شويلا، ئاق شويلا (خام شويلا)، ئاق ئاش (سۈتلۈك شويلا)، شوۋگۈرۈچ، نورۇز كۆجىسى |
| 5. قۇيماقچىلىق | A قۇيماق | قۇيماق، ھالقا قۇيماق، پىلتە قۇيماق، ساگزا، بوغۇرساق، پېتىر قۇيماق |
| | B پوشكال | ياغ پوشكىلى، تۇخۇم پوشكىلى، قېيىقچا |
| 6. شورپىلار | A شورپا | چوڭ مال شورپىلىرى، توخۇ شورپىسى، باچكا شورپىسى، قىرغاۋۇل شورپىسى…… |
| | B ئۆپكە - ھېسىپ ۋە كاللا - پاچاق شورپىلىرى | كاللا - پاچاق شورپىسى…… |
| 7. قورۇمىلار | A گۆشلۈك قورۇمىلار | قورداق، جەركوپ، جىگەر قورۇمىسى |
| | B گۆش - كۆكتات ئارىلاشما قورۇمىلار | سۇڭپىياز - گۆش قورۇمىسى، مۇچ - گۆش قورۇمىسى، يېسىۋىلەك - گۆش قورۇمىسى، پالەك - گۆش قورۇمىسى ۋە باشقا كۆكتاتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان گۆش قورۇمىلىرى، توخۇ گۆشى، مۇچ قورۇمىسى |

| | | |
|---|---|---|
| | C توخۇم ۋە گۆشسىز كۆكتات قورۇمىلىرى ۋە سوغۇق سەيلەر | توخۇم قورۇمىسى، قىيمىغا ئورالغان توخۇم قورۇمىسى، توخۇم - كۈدە قورۇمىسى، شوخلا - توخۇم قورۇمىسى، توخۇم - مور قورۇمىسى، مۇچ - شوخلا قورۇمىسى، يېسىۋېلەك قورۇمىسى، كاۋا قورۇمىسى، ئۈسۈڭ قورۇمىسى، پالەك قورۇمىسى، قەلەمچە بەرەڭگى قورۇمىسى، يېسىۋېلەك قورۇمىسى، تۇرۇپ قورۇمىسى ۋە باشقىلار. تەرخەمەك توغرالمىسى، لەڭپۇڭ، توغرامچە تۇرۇپ، پىنتوزا، سەي، پىياز- مۇچ- شوخلا ئارىلاشمىسى |
| | D دۇملەمىلەر | گۆش دۇملەمىلىرى، گۆش- كۆكتات دۇملەمىلىرى، كۆكتات دۇملەمىلىرى، مېۋە دۇملەمىلىرى، كۆك- باش، پۇرچاق، كاۋا دۇملەمىلىرى |
| 8. كاۋاپچىلىق | A كۆممە كاۋاپ | قۇمغا كۆمگەن قېرىن كاۋىپى، دوخوپكا قېرىن كاۋىپى، گۈلخان قېرىن كاۋىپى |
| | B قازان كاۋىپى | گۆش قورۇما كاۋاپ، جىگەر قورۇما كاۋاپ |
| | C تونۇر كاۋىپى | |
| | D زىخلىق قاقلىما كاۋاپلىرى | گۆش كاۋىپى، بۆرەك كاۋىپى، جىگەر كاۋىپى، ئۈچەي كاۋىپى، بېلىق كاۋىپى، باچكا كاۋاپ..... |

| | | |
|---|---|---|
| 9. چايچىلىق (چاي تۈرلىرى) | A سۈت چاي | سۈت چاي، قايماق چاي، ياغچاي |
| | B مېغىز چاي | ياڭاق چاي، بادام چاي، مېغىز چاي |
| | C تۇخۇم چاي | تۇخۇم چاي، تۇخۇم - سېرىق ماي چاي |
| | D دورا چاي | گۈلچاي، پىننە چاي، ئېگىر چاي، رەيھان چېيى، بابۇنە چاي، بەدىيان چاي، لاچىندانە چاي، زەپە چاي، ئاپىدىيان چېيى، قوۋزاق-دارچىن چېيى...... |
| | E قەنت چاي | ھەسەل چاي، ناۋات چاي، قەنت چاي...... |
| 10. قىيام - مۇراببالار ۋە تاتلىق تۈرۈملەر | A گۈلقەنتلەر | قىزىلگۈلقەنت، پىننە گۈلقەنت...... |
| | B مۇراببالار | ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرىدىن مۇراببا ئىشلەيدۇ ۋە شۇ مېۋىنىڭ نامى بىلەن ئاتايدۇ |
| | C شەربەتلەر ۋە شىرنىلەر | ھەممە مېۋىدىن شەربەت ياسىلىدۇ. ئۈجمە شىرنىسى، ئۈزۈم شىرنىسى، ئەنجۈر شىرنىسى، قوغۇن شىرنىسى، تاۋۇز شىرنىسى، ئۆرۈك شىرنىسى، بېھى شىرنىسى، شاتۇت شىرنىسى...... |

| | | |
|---|---|---|
| | A ناۋاتچىلىق | ئاق ناۋات (مۇز ناۋات)، سېرىق ناۋات، ئەدرەك |
| 11. قەندالەتچىلىك | B پەشمەكچىلىك | پەشمەك |
| | C ماتاڭچىلىق | يۇمىلاق ماتاڭ، پىلتە ماتاڭ، كۈنجۈت ماتاڭ، ياڭاق ماتىڭى، مېغىز ماتىڭى، كەندىر ماتىڭى...... |
| 12. ئېچىتقۇلار | A سىركىچىلىك | ئۈزۈم سىركىسى، ئاچچىقسۇ (ئاشلىق سىركىسى) |
| | B بوزچىلىق، مەيزاپچىلىق | مەيزاپ، قۇرۇق ئۈزۈم مۇسەللىسى، ھۆل ئۈزۈم مۇسەللىسى |
| | C قېتىقچىلىق، دوغاپچىلىق | قېتىق، سۈزمە، قۇرۇت، پىشلاق، سېرىق ماي، قېتىق دوغاپ، شىرنە دوغاپ، ساراڭ دوغاپ، چۆلە دوغاپ |
| 13. تىككۈچىلىك كەسپى | A باش كېيىم | ئەرلەر دوپپىسى (بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، مەنپۇ دوپپا، سىدام دوپپا، شاپاق دوپپا......)، ئاياللار دوپپىسى (ئالتۇن زەرگۈل دوپپا، مارجان دوپپا، گىلەم دوپپا، ئالتۇن قاداقلىق دوپپا...... قاتارلىق 30 خىلدىن ئاشىدۇ). تۇماق (ئاق تۇماق، سالۋا تۇماق، كۆلا تۇماق، سەرپۇش تۇماق، يېڭىسار تۇمىقى، سۆسەر تۇماق، قاما تۇماق، قۇلاقچا...... |

| | | |
|---|---|---|
| | B تاش كىيىملەر (كۆڭلەك، چاپان، ئىشتان) | ئەرلەر كۆڭلىكى، ئاياللار كۆڭلىكى، ئەرلەر چاپىنى، ئاياللار چاپىنى، باللار كىيىملىرى (يازلىق، قىشلىق دەپ ئايرىلىدۇ). يىپ رەخت كىيىملەر، يۇڭ رەخت كىيىملەر، يىپەك رەخت كىيىملەر، كەندىر تالالىق رەخت كىيىملەر، سۇنئىي رەخت كىيىملەر، جۇۋا (تۈرى كۆپ) |
| | D ئاياغ كىيىملەر | ئۆتۈك، مەسە - كالاچ، بەتىنكە، تۇپلەي، ساپما كەش، سەندەل كەش، پوپۇچ، دەپسەن (پىما) |
| 14. بىناكارلىق | A تامچىلىق | ئىش تۈرى كۆپ خىل |
| | B ياغاچچىلىق | ......... |
| | C نەققاشلىق | گەج ئويما نەقىشلىرى، رەڭلىك سىزما نەقىشلەر، ياغاچ ئويما نەقىشلەر، پەنجىرە، توقۇلما نەقىشلەر، خىش توقۇلما نەقىشلىرى، كاھىش نەقىشلىرى |
| | D جاھازچىلىق (ئۆي جاھازلىرى) | ئورۇندۇق، ئۇستەل، ساپا، ئىشكاپ - جاۋەن، كات، ساندۇق، سەندەل، لىمتاق، دېرىزە، ئىشىك، دەرۋازا، لوك (ياغاچ قۇلۇپ)، تەكچە، بۆشۈك |

| | | |
|---|---|---|
| 15. يىپ ئىگىرىش، تانا - ئارغامچا ئېتىش | A يىپەك تارتىش | ئەتلەس يىپى، شايى يىپى، دەييارە يىپى، بەقەسەم يىپى |
| | B يىپ ئىگىرىش | ئاتقۇچىلىق، پاختا چۆرۈش، چاق ئىگىرىش |
| | C يۇڭ يىپ ئىگىرىش | يۇڭ رەخت يىپلىرى، يىكچاق ئىگىرمىچىلىكى (زىلچا - گىلەم يىپى، پالاس، يۇڭ پوتا - سەيناق يىپلىرى) |
| | D شوينا - تانا، ئارغامچا تالاش | تاناپ، چىگە شوينا، يۇڭ شوينا، قىل شوينا، يىپ تانا، يىپ ئارقان، يۇڭ ئارقان، چىگە ئارقان |
| 16. توقۇمىچىلىق | A يىپەك توقۇمىچىلىق | ئەتلەسچىلىك، دەييارچىلىق، شايىچىلىق، بەقەسەمچىلىك، كىمخابچىلىق(ئارىلاشما)، دۇخاۋىچىلىق |
| | B بۆزچىلىك | ماتا، سەرگەز، ھەمىرزەك، چەكمەنچىلىك، يىپ داستىخان، يىپ ياغلىق، داكىچىلىق |
| | C يۇڭ توقۇمىچىلىق | يۇڭ چەكمەن، يۇڭ شارپا، يۇڭ رومال، پوپايكا، يۇڭ پوتا، گىلەم، يۇڭ پالاس |
| | D سۇنئىي تالالىق رەخت توقۇمىچىلىقى | گۈللۈك، سىدام رەختلەر |
| 17. بوياقچىلىق | A يىپەك بوياقچىلىقى | يىپەك يىپ بوياقچىلىقى، سىدام بوياش، گۈللۈك بوياش |

| | | |
|---|---|---|
| | B يىپ رەخت بوياقچىلىقى | شاخار بوياقچىلىقى، ئۇشتەرلىك چىغرىق باسما بوياقچىلىقى، قېلىپ باسما بوياقچىلىقى، سەرگەز- چىلىك، تامغا باسما بوياقچىلىقى، قايناتما بوياقچىلىق |
| | C يۇڭ بوياقچىلىق | يۇڭ يىپ، رەخت بوياقچىلىقى |
| 18. يۇڭ پىشۇرمىچىلىق | A كىگىزچىلىك | سىدام كىگىز، گۈللۈك كىگىز تەگلىمات (شىرداق) |
| | B كىگىز قالپاق | |
| | C يۇڭ جايناماز | مېھرابلىق، مېھرابسىز |
| | D يۇڭ پايپاق | ئەرەنچە، ئايالچە |
| | E پىمىچىلىق | چۇشىنكا، باچكىنا |
| 19. كۆن - خۇرۇمچىلىق | A كۆنچىلىك، خۇرۇمچىلىق | كۆن - خۇرۇم، بىشۇ، چەم |
| 20. تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك، قۇيمىچىلىق | A تۆمۈرچىلىك | «ئاق ئىش»، «قارا ئىش» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ؛ «ئاق ئىش» تۈرىگە رەندە تىغى، ھەرە تىغى، ئۇسكۇنە، تىغچىلىق (پىچاق، ئۇستىرا، قىلىچ، قايچا)، ئۇشكە قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق تۆمۈر بۇيۇملار ۋە ئۇلارنى ياسايدىغان ئەسۋابلار كىرىدۇ. كەتمەن، ئورغاق، بولقا، بازغان، مىخ، ناھال، كىشەن، ئېگەر- جابدۇق، ھارۋا، تۇگمەن، جۇۋاز جابدۇقلىرى، قورۇلۇش سايمانلىرى قاتارلىق 150 خىلدىن ئارتۇق بۇيۇملار «قارا ئىش» تۈرىگە كىرىدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| | B مىسكەرلىك | مىستىن ياسالغان تۇرمۇش مۇلازىمەت بۇيۇملىرى (ئاپتۇۋا- چىلاپچا، جىمبىل قازان، چۆگۈن، چەينەك، لېگەن، تامغا، داچەن پۇل، جام قاتارلىق 100 خىلدىن ئارتۇق بۇيۇم |
| | C قۇيمىچىلىق | قازان، داڭقان، تاۋا، ساپان چىشى، چويۈن مەش، هارۋا قازنى، چويۈن هاۋانچا، كولدۇرما...... قاتارلىق چويۇندىن قۇيۇش ئارقىلىق ياسالغان بۇيۇملار |
| | D تۆنىكىسازلىق (قاڭالتىرچىلىك) | تۆنىكىدىن ياسالغان چېلەك، تۇڭ، مەش، كاناي، ساماۋار، لېس، پېچىنە - پىرەنىك قېلىپى، چوك- كىچىك داش...... قاتارلىق قاڭالتىر بۇيۇملارنى ياساش |
| | E زەرگەرلىك | ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلاردىن هەرخىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش كەسپى. م: تاج - قاداق، بىلەزۈك، ئۈزۈك، زىرە - سىرغا، هالقا، چاچ ئاسقۇ، بويۇن ئاسقۇ (مېداليون) قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى...... |
| 21. كۆلالچىلىق | A لايدىن ياسالدىغان تۇرمۇش مۇلازىمەت بۇيۇملىرى | ئىدىش، كۆپ، ئۈرۈق، چۆگۈن، هەر خىل تەخسە، ئاپتۇۋا- چىلاپچا، قاچا - قومۇچ...... قاتارلىقلار |

| | | |
|---|---|---|
| | B ساپالدىن ياسىلىدىغان چاقچۇق زىننەت بۇيۇملىرى | تۇرى كۆپ |
| | C لاي ھەيكەللەر، مودىللار، لاي قورچاقلار | ئادەم، ھايۋان، ئۇچار قانات ۋە باشقىلارنىڭ لاي ھەيكەللىرى، فارفۇر، مودىللار، قورچاقلار |
| 22. چالغۇچىلىق (چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش) | A پۈۋلىمە چالغۇلار | نەي، بالىمان، بۇرغا، قوۋۇز، سۇناي، كاناي |
| | B قىللىق چالغۇلار | غىجەك، خۇشتار، ئىسكىرىپكا، ساتار |
| | C چەكمە چالغۇلار | بەرباپ، راۋاب، تەمبۇر، دۇتار، قالۇن، چاڭ |
| | D سوقما چالغۇلار | داپ، تەبىلىۋاز، ناغرا، ساپايى، قوشۇق، تاش، دۇمباق |
| 23. باللار ئويۇنچۇقلىرى، تەنتەربىيە سايمانلىرىنى ياساش | A باللار ئويۇنلىرىغا ئائىت قورال - سايمانلار | يەرلىك مىللىي باللار ئويۇنلىرى سايمانلىرى |
| | B مىللىي تەنتەربىيە تۈرلىرىگە ئائىت سايمانلار | دارۋازچىلىق بۇيۇملىرى، ئىلەڭگۈچ، سارغايدى بۇيۇملىرى قاتارلىقلار |
| 24. تۇرمۇش مۇلازىمىتىگە ئائىت باشقا ھۈنەر- كەسپلەر | A قاسساپلىق | |
| | B ساتىراشلىق | |
| | C شامچىلىق | |
| | D سوپۇنچىلىق | |
| | E باققاللىق | |

قوشۇمچە (6):

# چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى[①]

## پەخىردىن ھېسامىدىن

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خېلى كۆپ چەت ئەل ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىنى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان شىنجاڭ رايونىغا ۋە شۇنداقلا بۇ رايوندىكى مەدەنىيەتنىڭ ئىختىراچىسى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىگە قاراتتى، ئۇلار ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز بۇ ماقالىمىزدا ھازىرغا قەدەر ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىكى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ باشقا تارماقلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر ئاز. شۇنداقتىمۇ بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ بىرقەدەر گەۋدىلىكلىرى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالىمنىڭ تەتقىقاتى تونۇشتۇرۇلدۇ:

1. گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس ئا. لېكوك. ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ

---

① «مىراس» ژۇرنىلى 2001 - يىللىق 3 - سان.

باشلىرى بىرقانچە قېتىم گېرمانىيەنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن. ئۇ بۇ بىرنەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىگە دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا 1916 - ، 1928 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ كىتاب نەشر قىلدۇرغان. بىرىنچى كىتابى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ نەپىس قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ (ئاساسلىقى زىننەت بۇيۇملىرى) رەسىملىك ئالبومى ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى كىتابلىرىدا ئاپتور كۇچا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىملىرى (يەنى تىككۈچىلىك ھۈنىرى)، دولانلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى (جۈملىدىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكى) ۋە تۇرالغۇ ئۆيلىرى (بىناكارلىق) توغرۇلۇق بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.[1]

2. شۋېتسىيەلىك ئالىم گ. ياررىڭ. گۇننار ئالفېرد ياررىڭ داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىم، ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ياررىڭنىڭ ئىلمىي دىسسېرتاتسىيەلىرى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان. ئۇ ئاسپىرانتلىقنى پۈتكۈزۈش ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىشقا تەييارلىق قىلىش مەقسىتىدە 1929 - يىلى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، رۇسىيە تەۋەسىدىكى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ.[2] ئۇ يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئەينى دەۋرلەردە شىنجاڭدا زامانىۋى سانائەت تېخى تىكلەنمىگەن شارائىتتا ئۇيغۇرلاردا يېزا - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇر تىلىدا ھۈنەر - سەنئەتكە دائىر سۆزلۈكلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ ئەھۋال ياررىڭنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياررىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئاساسلىق ھۈنەر

تۈرلىرىدىن تىككۈچىلىك، تۇماقچىلىق، دوپپىچىلىق، باپكارلىق، سەرگەزچىلىك، بوياقچىلىق، موزدۇزلۇق قاتارلىقلارغا دائىر بايانلارنى توپلاشقا كىرىشىدۇ. دۆلىتىگە قايتىپ، ئارىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، 1992 - يىلى «باش كىيىمدىن ئاياغ كىيىمگىچە» دېگەن نام بىلەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھۈنەر تۈرلىرىگە دائىر توپلىغان بايانلارنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ كىتابتا ھەربىر ھۈنەر تۈرىگە دائىر بايانىنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇرچە قوليازمىسى، ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيەسى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. ھەربىر ھۈنەر تونۇشتۇرۇلغاندا، ئۇ ھۈنەرنىڭ ماتېرىيالى، ھۈنەر قورالى، ئىش تەرتىپلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇلاردىن سىرت، كىتابتا يەنە شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا تارتىلغان ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى سۈرەتلەر بېرىلگەن. بۇ كىتاب ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ يۇقىرىقى ئاساسلىق تۈرلىرىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەھۋال توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

1978 - يىلى گ. ياررىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىككىنچى قېتىم جۇڭگوغا كېلىپ، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەردە زىيارەتتە بولىدۇ. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ سەپەر جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كىتابتىن ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بەزى تۈرلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا يۈرگۈزگەن بەزى مۇلاھىزىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئاپتور بۇ كىتابتا ئىش مەشغۇلاتى جەريانىدا مۇھىت بۇلغىمايدىغان، تەبىئىي نەرسىلەر ماتېرىيال قىلىنىدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ نەپىس ئىشلەنگەن ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قارىشى كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى زور ئېچىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بەزى ھۈنەر تۈرلىرىدە ئىلمىيلىكى يۇقىرى بولغان ئەنئەنىۋى تېخنىكىلارنىڭ ھازىر ئىشلىتىلىشتىن قالغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ.

مەسىلەن، بوياقچىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرى ئۈزۈم، ئۆرۈك، ئانار، شاپتۇل، زاراڭزا قاتارلىق ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى، قوۋزاقلىرىدىن پايدىلىنىپ، مۇھىتنى بۇلغىمايدىغان تەبىئىي بوياق ئىشلەشتىن ھازىر خىمىيەۋى بوياق ئىشلىتىشكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرستىدۇ. شۇنداقلا ھازىرقى زامانىۋى تېخنىكىلارغا قارىغاندا، تېخىمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى ھۈنەر - تېخنىكىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ③.

3. فىرانسىيە ئالەم مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى، فىرانسىيە ئىنستىتۇتى ئاسىيا تەتقىقات ئورنى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئەزاسى، پىروفېسسور مونىك مىللاردمۇ ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتى جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مىللارد خانىم فىرانسىيەنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى غەربىي رايون ئارخېئولوگىيە ۋە سەنئەت مۇتەخەسسىسى بولۇپ، 1973 - يىلى «قەدىمكى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى» نى ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى شەرھلەيدىغان ئاز ئۇچرايدىغان مۇھىم ئەسەر. بۇ كىتابقا ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيە - ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىن تاپقان ۋە توپلىغان ماتېرىياللار، خەرىتە ۋە رەسىملەر كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور قەدىمكى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدىكى بۇ ئەسىرىدە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ كۆزنىكى بولغان ھۈنەر - سەنئەت ئۈستىدىمۇ توختالغان. كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، تىككۈچىلىك، ياغاچ ئويمىچىلىق، ساپالچىلىق، تۆمۈرچىلىك قاتارلىق ئاساسلىق ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئاپتورنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگىكى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىك تارىخىنى، بولۇپمۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

4. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى د. ئى تىخونوف ئۆزىنىڭ «10 — 19 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئىگىلىكى ۋە

ئىجتىمائىي تۇزۇمى» ناملىق كىتابىدا، ئەينى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر هۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتكەن. ئاپتور ئەينى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلاردا هۈنەرۋەنچىلىكنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، هۈنەر ماھارىتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، شۇ دەۋرلەردە بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان ئۇيغۇر هۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىدىن كەشتىچىلىك، ساپالچىلىق، ياغاچ ئويمىچىلىق، قاشتاش ئويمىچىلىقى، گىلەمچىلىك قاتارلىقلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن. تىخونوف ئۇيغۇرلارنىڭ گىلەمچىلىك هۈنەر - سەنئىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ گىلىمى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ناھايىتى داڭلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ گىلەم توقۇش تېخنىكىسى ھەقىقەتەن يۇقىرى بولۇپ، بۇ گىلەملەر يۇڭ ۋە يىپەكتىن توقۇلغان. گىلەمچىلىكنىڭ كۆلىمىنىڭ ھەرقانداق بىر قول هۈنەر تۈرىنىڭكىدىن چوڭ بولۇشى، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ۋە ماھارەتنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. گىلەم ئايرىم ئائىلىلەردىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يېزا - كەنت دائىرىسىدە توقۇلاتتى. گىلەم توقۇغۇچىدىن شەكىل چىقىرىش، رەڭ تاللاش، ھەربىر شەكىل ئۈچۈن گىلەمدە شۇنچىلىك چوڭلۇقتا ئورۇن بەلگىلەش قاتارلىقلارنى بىلىش تەلەپ قىلىناتتى. گىلەم توقۇغۇچى — ئادەتتىكى توقۇغۇچىلا ئەمەس، بەلكى بىر سەنئەتكار. ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتى قانچە يۇقىرى بولىدىكەن، ئۇنىڭ گىلەملىرى شۇنچە ياخشى توقۇلغان بولىدۇ ۋە بۇ گىلەملەرنى ناھايىتى تېز ھەم قىممەت باھادا ساتقىلى بولىدۇ» ④ تىخونوفنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر هۈنەرۋەنچىلىكىگە بەرگەن يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ باھالىرى قەدىمكى ئۇيغۇر هۈنەر - سەنئىتىنى چۈشىنىشىمىزدە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

5. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ل. ئا. چىۋىر. تارىخ پەنلىرى دوكتورى، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ داڭلىق ئايال مۇتەخەسسىسى ليۇدمىلا ئاناتولىيېۋنا چىۋىرمۇ ئۇيغۇر هۈنەرۋەنچىلىكى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي

ئەمگەكلىرىدىن «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى، «ئۇيغۇر ۋە قوشنا مىللەتلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك، موزدۇزلۇق قاتارلىق ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار بىلەن مەركىزىي - ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقە ۋە ئۆزئارا تەسىرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان «19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر» ناملىق كىتابى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇمىراق بولغىنى «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى بولۇپ، ئاپتور چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئاپتور چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە بىرقەدەر تونۇشلۇق بولغان ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىدىن قاشتاش بۇيۇملىرى، گىلەم، يىپەك رەختلەر، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن قىلىنغان زىننەت بۇيۇملىرى، مېتال بۇيۇملار قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتور ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلاردا توقۇمىچىلىق (پاختا، يىپەك، يۇڭ توقۇمىچىلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مېتال بۇيۇملار (مېتال تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى) نى ياساش، ساپالچىلىق، ياغاچ ئويمىچىلىق ۋە كۆنچىلىك قاتارلىق ئاساسلىق ھۈنەر- سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ ⑤. ئاپتور يەنە بەزى قىممەتلىك رەسىملەرنى قىستۇرما قىلىدۇ. چۈشىرىنىڭ بۇ ئىزدىنىشلىرى بىزنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتى تەتقىقاتىمىزدا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

6. قازاقىستانلىق مۇتەخەسسىس ر. ئو. كەرىموۋا. تارىخ پەنلىرى كاندىداتى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئىلمىي خادىمى رىسالەت ئوسمانوفنا كەرىموۋامۇ ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «19 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەمەلىي

سەنئىتى» ناملىق ماقالىسى بار. بۇ ماقالىدە ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، مېتال بۇيۇملارنى ياساش، توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك، ساپالچىلىق، چالغۇ ئەسۋابلارنى ياساش، قاپاق سەنئىتى، كەشتىچىلىك قاتارلىق تېپىك ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاپتور يەنە ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ بۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسى توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان: «9- ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي سەنئىتى» (ھۈنەر - سەنئەت ئادەتتە ئەمەلىي سەنئەت نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ) مۇرەككەپ بولغان تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىسى بولغان ھەرقايسى مىللەتلەر سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. 19 - ئەسىردىكى ئەمەلىي سەنئەتتىن قەدىمكى ئەنئەنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ»⑥.

«قازاقىستان مۇزېيلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئۇيغۇر سەنئىتى» —— ر. ئۇ. كەرىموۋانىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت تېمىسىغا بېغىشلانغان يەنە بىر ئىلمىي ئەمگىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىسىدا ئاپتور قازاقىستان دۆلەتلىك مەركىزىي مۇزېي، ئا. كاستېيېۋ نامىدىكى دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيى، تالدىقورغان ئوبلاستىنىڭ ياركەنت شەھىرىگە جايلاشقان بىناكارلىق سەنئىتى مۇزېيى —— ياركەنت مەسچىتى (بۇ قۇرۇلۇشنى ئۇيغۇر ئۇستىلار بىنا قىلغان) قاتارلىق قازاقىستاننىڭ ئۈچ چوڭ مۇزېيىدىكى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بۇ مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىككۈچىلىك، مېتالچىلىق، توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك، ساپالچىلىق، چالغۇ ئەسۋابلارنى ياساش، قاپاق سەنئىتى، بىناكارلىق قاتارلىق

هۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ خىلمۇخىل هۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ هۈنەر - سەنئەتكە باي ۋە ماهىرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان جانلىق پاكىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ماقالىدا ئاپتور ئۇيغۇر هۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئاپتور گىلەمچىلىك هۈنىرىنىڭ مەهسۇلى بولغان ئۇيغۇر گىلەملىرىنىڭ تارىختا خەلقئارا بازارلاردا گىلەملەرنىڭ ئالدى هېسابلىنىدىغان پارس گىلەملىرى بىلەن ئوخشاش سانىلىپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ⑦.

ر. ئو. كەرىمووۋانىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۇيغۇر هۈنەرۋەنچىلىكىنى ئومۇمىي جەهەتتىن سۈرەتلەپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر هۈنەرۋەنچىلىكى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن مەلۇمكى، بۇ جەهەتتىكى تەتقىقات ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ باشقا تەرەپلىرى (مەسىلەن، تىل - يېزىق، ئىقتىساد ۋە باشقا جەهەتلەردىكى تەتقىقاتلار) ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا سېلىشتۇرغاندا ئاز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ جەهەتتىكى تەتقىقاتلار ئاساسەن تونۇشتۇرۇش، بايان قىلىش ئۇسۇلىنى ئالغان. ئۇيغۇر هۈنەر - سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ مۇهىم نۇقتىسى بولغان ئۇيغۇر هۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى (ئۇيغۇرلارنىڭ هۈنەر ئېڭى، هۈنەر - سەنئەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئېستېتىك قارىشى، هۈنەر ئادەتلىرى ۋە باشقىلار) ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۆپ ئەمەس.

هۈنەرۋەنچىلىك خۇددى ئەينەككە ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئالاهىدىلىكى ئايرىم شەخس ياكى ئالاهىدە سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت - سەنئەتتە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. هۈنەرۋەنچىلىك بۇ خىل تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى هېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر مىللەتنى، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيتى ۋە ئىجادىيىتىنى چۈشىنىشتە ھۈنەرۋەنچىلىك ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنىكى بولغان ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى جاھان ئەھلىگە كەڭ تونۇشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

**ئىزاھاتلار:**

① ل. ئا. چىۋىر: «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر»، «نائۇكا» نەشرىياتى، موسكۋا، 1990 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 17 ـ بەت.

②③ گۇنار ياررىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ ، 219 ـ بەت.

④ د. ئى. تىخونوف: «10 — 19 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى»، «نائۇكا» نەشرىياتى، موسكۋا لېنىنگراد، 1966 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 214 ـ بەت.

⑤ ل. ئا. چىۋىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» (ماقالىلەر توپلىمى)، موسكۋا، 1984 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 178 ـ بەت.

⑥ ر. ئو. كەرىموۋا «19 — 20 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەمەلىي سەنئىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە، 41 ـ بەت.

⑦ ر. ئو. كەرىموۋا: «قازاقىستان مۇزېيلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) «خەۋەرلەر»؛ 1994 ـ يىلى 6 ـ سان، رۇسچە، 21 ـ بەت.

قوشۇمچە (7):

# ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - كەسپ رىسالىلىرى[1]

## سۇگاۋارا (ياپونىيە)

شىنجاڭنى ساياھەت قىلغاندا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتىدىغىنى — بوستانلىقلاردىكى بازارلارنى ئايلىنىش بولسا كېرەك. يەرلىك كاسىپلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ دوپپا - تۇماق، چالغۇ ئەسۋاب، ھۈنەر بۇيۇملىرى، مەززىلىك كاۋاپ، خۇش پۇراق دورا - دەرمەك سېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى يېپەك يولىدىكى ساياھەتنىڭ كۆزى بولۇپ، ئۇ چەت ئەل سەيياھلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ.

بۇنداق بازارلاردا ھەرخىل تىجارەتچىلەر بىلەن بىرگە يەنە كىتابپۇرۇشلارمۇ چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى بازار مەركىزىدىكى مەسچىت - خانىقالارغا يانداپ سېلىنغان بولۇپ، بۇ دۇكانلار مەسچىت قۇرۇلۇشىغا سېلىشتۇرغاندا ۋەيرانە ئۆيدەك كۆرۈنىدۇ. بۇلاردىن سىرت يەنە ھەر ئەتىگىنى ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ، يايمىچىلاردەك ئاددىيلا كىتابچىلىق قىلىدىغانلارمۇ بار. كىتاب دۇكانلىرىدا ئۆلچەمسىز كىتابلاردىن باشقا يەنە رەسمىي نەشرىياتلاردىن چىققان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى، دىنىي قوللانمىلار، يىغىۋېلىنغان كونا كىتابلار، ئىنگلىيە، پاكىستان، تۈركىيەلەردە نەشر قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەر، يەنە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان تاش باسما كىتابلار، تۈركچە «قىسسەسۇل ئەنبىيا» لار بار. بۇ كىتابخانىلارغا كىرىشكىنىمدە كىتابپۇرۇشلار تەكەللۇپ بىلەن كىتابلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. كىتابلار ئىچىدە ئالقانچىلىك كېلىدىغان، تۈپلىنىشى قوپال كىتابچىلار

---

[1] «مىراس» ژۇرنىلى 2004 - يىللىق 1 - سان.

دىققىتىڭىزنى تارتىدۇ. بۇ كىتابچىلار ئاساسەن ئۇزۇنلۇقى 13 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9 سانتىمېتىر كېلىدىغان يانچۇق كىتابچىلىرىدىن ئىبارەت. باشقا نەشىر بۇيۇملىرىغا سېلىشتۇرغاندا، قولدا يېزىپ كۆپەيتىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ كىتابچىلار «رىسالە» دەپ ئاتىلىدىغان، دېھقانچىلىق، ياغاچچىلىق، قويچىلىق، ئاشپەزچىلىك دېگەندەك كەسپلەر ھەم بۇ كەسپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، كاسپلار دىققەت قىلىدىغان پەرھىزلەر، ئىش ئۈستىدە ئوقۇيدىغان ئايەتلەر تونۇشتۇرۇلغان كەسپىي قوللانمىلاردۇر. بۇ رىسالىلەردە ھەرقايسى كەسپلەرگە دائىر ئۇششاق ئەمەلىي ئىشلاردىن تارتىپ مەشغۇلاتنىڭ مەزمۇنىغىچە بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي تۇرمۇش تەرتىپىنى چۈشىنىشتە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نۇرغۇن قىزىقارلىق مەلۇماتلار بار.

مەن شىنجاڭدا ئوقۇۋاتقاندا، يەنى 1994 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بوستانلىقلىرىنى ئايلىنىپ، ھەرقايسى شەھەر - بازارلارنىڭ كوچا - كويلىرىدىكى كىتابچىلاردىن جەمئىي 23 پارچە رىسالە سېتىۋالغانىدىم. تۆۋەندە مەن بۇ رىسالىلەرنىڭ مەزمۇنى، مەزمۇن ئارقا كۆرۈنۈشى، تىلى، قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بۇ رايوندىكى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلماقچىمەن①.

## رىسالە دېگەن نېمە؟

ئەرەبچىدىكى «رىسالە» سۆزى ئەسلىدە «خەۋەر، تاپشۇرما» مەنىسىدە بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزنىڭ «خەۋەر»، «خەت - چەك»، «خاتىرە» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار. بۇ سۆز 9 - ئەسىردىن باشلاپ «كىتاب» مەنىسىدە، 11 - ئەسىردىن باشلاپ «ماقالە» (بۇيۇم، ماقالە بىلەن مەنىداش) مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. پارسلاردا بۇ سۆز تەسەۋۋۇپ بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، تەسەۋۋۇپ ئەقىدىلىرىگە ئالاقىدار كىتابلارغا ئاساسەن «رىسالە» دېگەن نام بېرىلىدۇ. ئوسمانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىيەدە دەرۋىشلەرنىڭ كۆلاسىغا يۈگىلىدىغان دەستارمۇ «رىسالە» دەپ ئاتىلىپ، بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچە،

پارچە مەنىسىگە يەنە بىر مەزمۇن قوشۇلغان. 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئاساسەن «ھەپتىلىك ياكى ئايلىق ژۇرنال» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ②.

ئوتتۇرا ئاسىيادا «رىسالە» سۆزى يۇقىرىقى مەنىلەردە ئىشلىتىلگەندىن سىرت، مەلۇم ھۈنەر ھەققىدىكى كىتابچە دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ③. بۇ خىل رىسالىلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسلىرى، مىللەتشۇناسلىرى تەرىپىدىن مۇسۇلمان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھۆججەت سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنغان. كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك ئۈزۈكچىلىكتىن كېيىن، يەنى 980 ـ يىللىرى سوخارېۋالار تەرىپىدىن قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخى، روھىيەت تارىخىنىڭ تارىخىي ماتېرىيالى سۈپىتىدە قايتىدىن قولغا ئېلىندى④.

شىنجاڭدىمۇ رىسالىنىڭ مەنىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنىسى بىلەن ئوخشاش⑤. خامادا ماسامى ئەپەندى شىنجاڭدىن تېپىلغان تۈركچە قولىيازمىلارنى تونۇشتۇرغان ماقالىسىدا قولىيازمىلار ئارىسىدا رىسالىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ، سانكىت ـ پېتېربۇرگ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ئولدېنبۇرگ توپلىغان 30 خىل ھۈنەر ـ كەسىپكە دائىر 40 رىسالىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى، فىرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى كۇتۇپخانىسىدا گرېنارد توپلىغان سەككىز پارچە رىسالىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان «ئەشنافنامە» دېگەن رىسالىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتىنى تەكىتلىگەن⑥. بىراق خامادا ئەپەندى شىنجاڭدىن تېپىلغان رىسالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي رولى ھەققىدە بىر نېمە دېمىگەن.

خامادا ماسامى ئەپەندى كۆرسەتكەندەك، ھازىر دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى كۇتۇپخانا، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلىنىۋاتقان، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن يىغىۋېلىنغان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار ئىچىدە نۇرغۇن رىسالە بار. سانكىت ـ پېتېربۇرگ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى، فىرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى

كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىغا يەنە شىۋېتسىيە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى⑦، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى⑧، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى كۇتۇپخانىسى⑨ قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان بىرمۇنچە رىسالىنى قوشساق بۇ سان تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.

مەن يىغقان، ھازىرمۇ بازاردىن يىغىۋالغىلى بولىدىغان رىسالىلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھۆسنخەتچىلەپ يېزىلغان⑩، مانا بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا قوليازما مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى ھېلىھەم داۋاملىشىۋېتىپتۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەن سېتىۋالغان، ھازىرمۇ تاپقىلى بولىدىغان رىسالە 23 پارچە (13 خىل كەسىپنىڭ) بولۇپ، ئولدېنبۇرگ توپلىغان 30 خىل رىسالىگە قارىغاندا خېلىلا ئاز. ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، رىسالە سېتىۋالىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ئازىيىپ كەتكەن. 1994 - يىلى كۇچا، ئاتۇش، قەشقەر ۋە خوتەنلەرنى ئايلاندىم، بىراق بۇ شەھەرلەردە ھازىر رىسالە ساتىدىغان ئادەم قالماپتۇ.

### رىسالىلەرنىڭ تىلى

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قوللىنىلىۋاتقان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىسى بويىچە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىن تارتىپ گېزىت - ژۇرنال، دەرسلىك ۋە باشقا نەشر بۇيۇملىرىغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان ئورتاق تىلدۇر ⑪. رىسالىنىڭ ئىملاسى «گېزىت يېزىقى» دەپ ئاتالسىمۇ ⑫، گېزىت، دەرسلىكلەر تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا قەدىمىرەك بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىغا يېقىن ۋە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. رىسالىلەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىشلىتىلمەيدىغان خ، د، ف، س، غ قاتارلىق ھەرپلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. دېمەك، بۇ رىسالىلەر ھازىرقى زاماندا پۈتۈلگەن بولماستىن، بەلكى ئەسلىي چاغاتاي تىلىدا پۈتۈلۈپ، ھازىرقى كىشىلەر تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلگەن رىسالىلەردۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رىسالىلەردە قەشقەر دىيالېكتىنىڭ ئېغىز تىل ئالاھىدىلىكى كۆچلۈكرەك. مەسىلەن، رىسالىلەردىكى «ي» نىڭ «ج» غا، «ق»نىڭ «غ» غا نۆۋەتلىشىشى قەشقەر دىيالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر ⑬. بۇنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ چوڭ ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن چاغاتايچە قولىيازمىلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈگەندە، ئۆرۈگۈچىنىڭ شۇە ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭغا سىڭىپ كىرگەن.

ئەمدى رىسالىلەردە قانداق كونكرېت مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى «قويچىلىق رىسالىسى»نى مەركەز قىلغان ھالدا بايان قىلىمىز.

1) كەسپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر رىۋايەتلەر

مەن سېتىۋالغان رىسالىلەر بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم دەپ باشلىنىدۇ، بىرنەچچە جۈملە ئەرەبچە ئايەتتىن كېيىن ھەرقايسى كەسپلەرنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن قانداقسىگە ئاتا قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. تەڭرىنىڭ يارلىقىنى جىبرىئىل ئادەم ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن شۇ خىل ھۈنەرگە ئېرىشكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. جىبرىئىل بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە غايىۋىلەشتۈرۈلىدۇ.

«ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالادىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا پەرمان بولدىلەر، جىبرىئىل ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بېھىشتىن بىرمۇنچە قوي ئېلىپ بەرگىل دەپ، ئاللاتائالانىڭ ئەمر - پەرمانى بىلەن بېھىشتىن بىرمۇنچە قوينى ئېلىپ چىقىپ بەردىلەر. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام خۇشال بولۇپ، ئاللاتائالاغا شۈكۈر - سانا ئېيتىپ قوي باقتىلەر».

باشقا رىسالىلەرمۇ مۇشۇنداق باشلىنىپ، شۇ ھۈنەرگە مۇناسىۋەتلىك دىنىي رىۋايەتلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، «ياغاچچىلىق رىسالىسى» دە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى رىۋايەت قىلىنسا، «قويچىلىق رىسالىسى» دە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ياقۇب، ئەييۇب، مۇسا ئەلەيھىسسالامغىچە ھەممىدە قوينىڭ مەيدانغا كېلىشىگىچە بولغان مۆجىزىلەر سۆزلىنىدۇ:

«ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرى ماللىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن قۇدۇققا ئېلىپ كەلدى. ئول قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا تاش

قويۇلغانىدى. تاشنى 40 ئادەم جەمئىي بولسا تەۋرىتەر ئىدى. كۆردىلەركى، ئىككى قىز بىرمۇنچە قويلىرىنى بېقىپ يۈرۈر ئەردىلەر. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ھال سورىدىلەر، ئۇلار ئېيتتىلەركى، بىزنىڭ ئاتىمىز بىر قېرى كىشىدۇر، بىزلەر ئاجىز، سۇ تارتقىلى كۈچىمىز يەتمەيدۇر، خەقلەردىن قالغان سۇدا قويلىرىمىزنى سۇغىرىمىز. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلارغا رەھمىسى كېلىپ ماللىرىنى ناھايىتى ياخشى سۇغىرىپ بەردى، بۇ ئاجىزەلەر قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆيلىرىگە باردىلەر».

رىسالىدە تونۇشتۇرۇلغان رىۋايەتلەر «كىتابى مۇقەددەس» (ئىنجىل - تەۋرات) نىڭ كونا تەرجىمىسىدىكى بايانلار بولۇپ «قۇرئان كەرىم» دىمۇ پەلەستىنگە ئالاقىدار بۇ رىۋايەتنىڭ ۋارىيانتى بار. بۇنىڭدىن رىسالە تۈزگۈچىلەرنىڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن رىۋايەتلەر (بولۇپمۇ رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» سى قاتارلىق) دىن پايدىلىنىپ ھەر خىل كەسىپلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان رىۋايەتلەرنى تاللىۋېلىپ، رىسالە تۈزىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

رىسالىلەردىكى بايانلار يۇقىرىقى مىسالدىكىدىن باشقا يەنە «ئىمامى جەفىرى سادىق رەھنامائى مۇۋاپىق رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئانداغ رىۋايەت قىلدۇرلەركى»[14]، دەپ باشلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئىمامى جەفىرى سادىق 12 ئىمام مەزھىپىدىكى 6 - ئەۋلاد ئىمامدۇر[15]. بۇ شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر قانۇنشۇناس بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رىسالىلىرىدە بۇنداق قىياپەتتە مەيدانغا چىقىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك.

ئادەتتە ئۇيغۇرلار ئىمامى ئەزەمنىڭ مەزھىپى، يەنى ھەنەفىيە مەزھىپىگە ئىشىنىدۇ[16]. لېكىن ئالىملار ئۇيغۇرلاردىكى ئىسلامىيەتتە «ئىسلامغا يات بىرقانچە مەدەنىيەتنىڭ ساقىندىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئاساسەن شىئە مەزھىپىنىڭ ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ‹ئىماملىق، ئاشۇرا› دەك يېگانە شىئەچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇراسىملارنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى» كۆرسىتىپ ئۆتكەن[17]. بۇنداق شىئەچە ئامىللارنىڭ بۇگۈنكى كۈندە غەيرىي نەشر بۇيۇملىرىدا ئۆز

ئېپادىسىنى تېپىشى، نىيىدا ئىمامى جەفىر سادىق مازىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى[18]، بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

## رىسالىلەردىكى پەرھىزلەر

ھەربىر كەسىپ رىسالىسىدە پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت دېگەن ئەمەللەر بار. رىسالىلەر «ئەر سورىسىلاركى» دېگەن سۆز بىلەن باشلىنىپ سوئال - جاۋابلىق شەكىلدە بايان قىلىنىدۇ.

«قويچىلىق رىسالىسى»، «قوي قەيەردە پەيدا بولغان» دېگەن سوئال بىلەن باشلىنىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ئاللاغا ھەدىيە قىلغانلىقى، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن كېيىن قوينىڭ ئادەمنىڭ ئورنىغا قۇربانلىققا يەتكۈزۈلگەنلىكىدەك مەشھۇر ئەپسانە تونۇشتۇرۇلغان، ئاندىن قويچىلىق كەسپىنىڭ شەرىئەتتىكى ئورنى چۈشەندۈرۈلگەن.

«ھەق سۇبھانەۋەتائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا پەرمان قىلدى، پەرز بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە تەلىم بەردى، سۈننەت بولدى. بەس، مەلۇم بولدىكى، قوي باقماق ھەم پەرز، ھەم ۋاجىپ، ھەم سۈننەتتۇر. رىسالە ساقلىماق مۇستەھبدۇر».

بۇ نەزەرىيە بارلىق رىسالىلەردە ئاساسەن ئوخشاش. ئادەتتە ئەرەب تىلىدا پەرز، ۋاجىپ سۆزلىرى ئوخشاشلا دىنىي مەجبۇرىيەت دەپ تەرجىمە قىلىنىپ مەنىداش ھالەتتە قوللىنىلىسىمۇ، پەقەت بىردىنبىر ھەنەفىيە مەزھىپىدىكىلەر پەرزنى «قۇرئان كەرىم» ياكى ھەدىستە ئېنىق كۆرسىتىلگەنلىرىنىلا پەرز دەپ بىلىدۇ [19]. ئەمما مەن سېتىۋالغان رىسالىلەردىكى ئاللانىڭ ئەمرى پەرز، جىبرىئىلنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئۆگەتكىنى ۋاجىپ بولۇشتەك سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى نەزەرىيەسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ نەزەرىيەنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە كېيىن مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

كەسپلەردە قانداق پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ھەم چەكلىمىلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدە «قويچىلىق رىسالىسى»نى مىسال ئالساق، ئۇنىڭدا

مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

پەرزلەر: 1) رىسالىنى پاكىز ساقلىماق؛ 2) بەش ۋاق ناماز ئوقۇماق؛ 3) كىيىملەرنى پاكىز كىيمەك؛ 4) مال باقىدىغان كىشى دائىم تاھارەت بىلەن تۇرماق؛ 5) راستگۇي بولماق؛ 6) ھالالخور بولماق؛ 8) شەرىئەت ئىشلىرىنى مەھكەم تۇتماق.

ۋاجىپلار: 1) ئاتا - ئانىنى خۇش قىلماقلىق؛ 2) مال باقىدىغان كىشىگە ياخشى مۇئامىلە قىلماقلىق؛ 3) ئالىملارنى دوست تۇتماقلىق؛ 4) كىشىلەرگە خۇشخۇي بولماقلىق.

سۈننەتلەر: 1) ئۇستازلارنى پېشقەدەم بىلمەكلىك؛ 2) ئۇستازىنى ياد قىلماقلىق؛ 3) ئالىملارنى دوست تۇتماقلىق؛ 4) كىشىنىڭ ھەققىدىن يىراق تۇرماق؛ 5) پەرزەنت، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەزىز كۆرمەكلىك؛ 6) مالنى ئوتلاقتا ئېلىپ بارۇردا ئۇستازىنىڭ ھەققىگە دۇئا - تەكبىر قىلماق؛ 7) مال ئارىسىدىن ئۆتمىگەي؛ 8) مالنى ناماقۇل ئېيتمىغاي؛ 9) مال ئارىسىدا ئولتۇرۇپ قالمىغاي؛ 10) يېتىملەرگە رەھىم - شەپقەت قىلغاي، مېلى ھېسابىغا يەتسە 40 تىن بىرىنى زاكات بەرگەي.

بىدئەتلەر:

1) يالغان سۆزلىمىگەي؛ 2) مال بېقىشنى تەرك قىلمىغاي؛ 3) مالنى ئەزىز كۆرگەي؛ 4) قويغا تاياق سالمىغاي؛ 5) مالدار كىشىلەر بىر- بىرىدىن خېرىدار تىلىمىگەي؛ 6) قوينى ساتۇر بولسا، ھەددىدىن ئارتۇق باھا قويمىغاي؛ 7) بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلمىغاي؛ 8) قوينىڭ يۇڭىنى مەينەت يەرگە تاشلىمىغاي؛ 9) رىسالىسىز قوي باقمىغاي.

رىسالىنىڭ بۇ قىسمىدىكى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت سۆزلىرى يەنە «چىن دىلىدىن قوبۇل قىلىش» مەنىسىگىمۇ ئىگە بولۇپ، كەڭرەك دائىرىدە ئىشلىتىلگەن. ئۇنى نوقۇل دىنىي مەنىدە چۈشىنىش تەسرەك. «قويچىلىق رىسالىسى» دا تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىقى پەرز، ۋاجىپلار ھەنەفىيە مەزھىپىدىكى پەرقىقە ماسلاشتۇرۇلغانمۇ؟ سۈننەتلەر مۇھەممەد پەيغەمبەردىن قالغان سۈننەتلەرمۇ؟ بۇ ناھايىتى گۇمانلىق. باشقا

رىساللەردىكى بايانلار بۇ گۇمانلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

رىساللەردىكى پەرز ۋە پەرھىزلەر ئۇيغۇر خۇنەرۋەنلىرىگە ناھايىتى مۇۋاپىقلاشقان ئەمەلىي ئەخلاق ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنى پاك تۇتۇشتىن باشلاپ، ئاتا - ئانا، دوست - بۇرادەر، ئۇستاز ۋە خېرىدار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا تېگىشلىك ئەخلاق تۇرىدۇر.

كەسىپلەرنىڭ ھىماتچى پىر - ئەۋلىيالىرى

«قويچىلىق رىسالىسى» دە «ئەگەر سورىسىلار كىم، قوي قەيەردىن پەيدا بولغان؟» دېگەن سوئالغا ئۇلاپلا ئادەم، ئىبراھىم، ياقۇپ، ئەييۇب قاتارلىق پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە زەنگى بابا، سەدىر ئاتا، ھاكىم ئاتا، چولپان ئاتادىن باشقا يەنە ئارىلاپ پەرقلەندۇرۇش تەس بولغان «پىر - مۇرشىد» لارنىڭ «دائىم پاكلىق بىلەن قوي باقىدىغان»لىقى سۆزلىنىدۇ.

«قويچىلىق رىسالىسى» دە جەمئىي سەككىز ئەۋلىيا تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، باشقا رىساللەردىكى ئىسىملارمۇ ئاساسەن بۇنىڭدىن كەم ئەمەس. «ياغاچچىلىق رىسالىسى» دە 18 ئەۋلىيا - ئەنبىيا تىلغا ئېلىنغان. «ئاشپەزچىلىك رىسالىسى» دە 6666 پىر - مۇرشىد ئاشپەز ئىدى، دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاران 21 كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. «ناۋايچىلىق رىسالىسى» نىڭ بېشىدا ناۋايچىلىق قىلغان پىر - مۇرشىدلار 7033 كىشى دېيىلگەن، ئاخىرىدا ئادەم، نوھ، ئىبراھىم ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرلەرنى ساناپ ئۆتكەن ⑳، لېكىن پىر- مۇرشىد قاتارىدا پەقەت 18 كىشىنىڭ ئىسمىنىلا تىلغا ئالغان ㉑. بۇلار ئاساسەن ئانچە نام - شەرىپى يوق ئادەملەر بولسىمۇ، ئەنجانى، كاشغەرىي، يەركەندى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەر ناملىرىنى ئۆزىگە نىسبەتە قىلغان كىشى ئىسىملىرىدىن بىرقانچىسى بار. «ناۋايچىلىق رىسالىسى» دە ناۋاي ئاتالغان پىر - ئەۋلىيالارنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈر بويىچە ئاتالغان: «شەرىئەت پىرلىرى» قاتارىدا ئادەم، نوھ، ئىبراھىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملار؛ «تەرىقەت پىرلىرى»

قاتارىدا ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىق خەلىپىلەر؛ «ھەقىقەت پىرلىرى» قاتارىدا جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسرافىل، ئەزرائىل قاتارلىقلار؛ «مەزھەپ پىرلىرى» قاتارىدا ئىمامى ئەزەم (ئىمام ھەنەفى)، ئىمامى شافى، ئىمامى مالىك، ئىمامى ھەنبەل قاتارلىق فىقھشۇناسلار؛ «شەيقەتچى پىرلار» قاتارىدا ئاتا - ئانا، موللا، ئۇستاز قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان. ئەڭ ئاخىرىدا «مەرىپەت پىرلىرى» قاتارىغا (جالالىدىن) رۇمى، شەمسىدىن تەبرىزى، قاسىم ئەنۋەرى، ئاتارۇلى، ھاپىز شىرازى قاتارلىق مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئەۋلىيالار تىزىلغان ㉒.

«قويچىلىق رىسالىسى» دە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

1) مالنى قوتانغا سولىغاندا؛ 2) مالنى قوتاندىن چىقارغاندا؛ 3) قويلارنى قوزىسىغا قوشقاندا؛ 4) ماللارنى ئوتلاققا ئېلىپ چىققاندا؛ 5) ماللارنى ئوتلاقتىن ھەيدىگەندە؛ 6) ماللارنى ساغقاندا؛ 7) قازانغا سۈتنى قۇيغاندا؛ 8) قاچىغا سۈتنى ئۇسقاندا؛ 9) سۈتتىن قېتىق ئۇيۇتقاندا؛ 10) مالنىڭ يېغىنى ئايرىۋالغاندا؛ 11) مالنىڭ يۇڭىنى قىرقىغاندا.

ئايەت ئوقۇلىدىغان ئورۇنلار شۇ كەسىپنىڭ ئىش تەرتىپىگە ئاساسەن مەيدانغا چىققان، دەپ ئويلاپ، باشقا كەسىپلەردە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرمۇ ئاساسەن يۇقىرىقى تەرتىپتە كۆرسىتىلگەن. ئايەت ئوقۇش سەممىيەتلىك تەلەپ قىلىدۇ.

رىسالىلەر كىتابچىدىكى ئىشلارغا رىئايە قىلىش كېرەكلىكى سۆزلىنىپ ئايەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

«بۇ رىسالە ئىچىدىكى ئەمەللەرنى ئوبدان قىلسا خۇدايىتائالا دۇنيالىرىغا بەرىكەت بەرگەي، ھالالغا سەرپ قىلغىلى نېسىپ قىلغاي، يېگەن لوقمىسى ھالال بولۇر، مال باققان كىشى پاكلىق بىلەن بۇ رىسالىنى تۇتقاي، رىسالە ئىچىدىكى ئەدەپ - ئەركام ۋە ئەھكام - قائىدىلەرنى بىلمەك لازىم. ئاللاتائالا بىسيار بەرىكەت بەرگەي، جېمى بالا - قازالاردىن ئەمىن قالغاي».

رىسالىنىڭ كەينىگە رىسالىنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ تارقاتقۇچىنىڭ ئەسكەرتىشى قىستۇرۇلغان.

**خۇلاسە**

مەن شىنجاڭنىڭ كوچا - كويلىرىدىن سېتىۋالغان رىسالىلەرنىڭ تىلى چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇسلۇبىغا يېقىن بولۇپ، قەشقەر شىۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. رىسالىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئالتە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) كەسىپلەرنىڭ پەلەستىندىن تارقالغانلىقىغا دائىر رىۋايەت؛ 2) كەسىپلەرنىڭ ئاللا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغانلىقى؛ 3) ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان پەرز ۋە پەرھىزلەر؛ 4) كاسىپلار ئېسىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان ھىمايىچى ئەۋلىيالارنىڭ تىزىملىكى؛ 5) ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر؛ 6) تۆگۈنچە رىسالىلەردىكى ئىمامى جەفىرى سادىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىدىكى شىئە ئامىلىدۇر.

شۇڭا، مەشھۇر سوپى - ئىشانلارنى ھىمايىچى ئەۋلىيا - ئەنبىيا قىلىپ كۆرسىتىشتەك تەسەۋۋۇپ ئامىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللاردۇر. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ھەرخىل ئىنكاسىدۇر، يۇقىرىدىكى شۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئورۇمچى شىۋىسىنى ئۆلچەم قىلىش سۈنئىي مەزھىپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان يېزىق مەدەنىيىتىدىن رىسالىلەرنىڭ ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

مېنىڭ رىسالىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىم مۇشۇنچىلىك. لېكىن كېيىنگە قالدۇرۇلغان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ھەرقايسى ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان چاغاتايچە قوليازمىلارنى تەكشۈرۈش، ھازىرقى نۇسخىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق رىسالىلەردىكى باغلىنىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆزگە ئىسلام ئەللىرىنىڭ مۇشۇنداق رىسالىلىرىنى سېلىشتۇرۇشمۇ زۆرۈر. رىسالىلەرنىڭ ھازىرقى

ئوبوروتى، ئۇلارنى كۆچۈرۈپ، كۆپەيتىپ ساتقۇچىلار ھەققىدىمۇ تەتقىقات يۈرگۈزۈش زۆرۈر.

**ئىزاھلار:**

① ماقالىدىكى نەقىللەرنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا «ئىسلام قامۇسى»نىڭ 1982 - يىلىدىكى ھىببۇن نەشرىدىن پايدىلاندىم.

② «ئىسلام قامۇسى» (يېڭى نەشرى) لېيدىن 1995 - يىلى نەشرى، 8 - توم، 532 - ، 545 - بەتلەر.

③ «ئۆزبېك سوۋېت قامۇسى» 9 - توم، 1977 - يىلى تاشكەنت نەشرى، 286 - بەت.

④ خانېدا ماسامى، مىئۇرا تورۇلار تۈزگەن «ئىسلام شەھەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات - تارىخى ۋە كەلگۈسى»، توكيو 1991 - يىلى نەشرى 268- ، 292- ، 293 - بەتلەر ۋە نەقىللەر.

⑤ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 3 - توم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى، 276 - بەت (6).

⑥ خامادا ماسامى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان تۈركچە ۋەسىقىلەر»، كيوتو 1990 - يىلى نەشرى، 107- ، 109- بەتلەر.

⑦ شىنمېن ياسۇشى: «شىۋېتسىيەدە ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار» - «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا تەتقىقاتى» 11 - سان، 65 - بەتتىن 78 - بەتكىچە.

⑧ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى» 1989- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 540 - بەتتىن 554 - بەتكىچە.

⑨ 1994 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ مەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە بىر يىل تۇرغان.

⑩ «مالچىلىق رىسالىسى» 32 - بەت.

⑪ 1983 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»، 3- ، 5- بەتلەر.

⑫ «مالچىلىق رىسالىسى» (8)، «تىككۈچىلىك رىسالىسى» (16)، «ياغاچچىلىق رىسالىسى» (22).

⑬ مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، 76-، 81-، 156-، 157- بەتلەر.

⑭ «قويچىلىق رىسالىسى» دە ئىمام جەفىرى سادىققا دۇرۇت ئوقۇلغان، لېكىن بۇ بايانىنىڭ باش - ئاخىرى ماسلاشمىغان، بۇ بەلكىم كۆچۈرگۈچىنىڭ خاتالىقى بولسا كېرەك.

قويغا ئائىت رىۋايەتلەر «مالچىلىق رىسالىسى» دە بايان قىلىنغىنى بويىچە بولغاندا دۇرۇت ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇلۇشى كېرەك.

⑮ «ئىسلام قامۇسى»، 1965 - يىلى لېيدىن - لوندون نەشرى، 2 - توم، 374 -، 375 - بەتلەر.

⑯ ساگۇچى تورۇ: «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە تەتقىقات» توكيو 1995 - يىلى نەشرى، 33 - بەت.

⑰ خانېدا ئاكىرا: « ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە تەتقىقات»، كيوتو 1982 - يىلى نەشرى 17-، 20- بەتلەر؛ ساگوچى تورۇ «18-، 19- ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، كيوتو 1963 - يىلى نەشرى، 549-، 551 - بەتلەر.

⑱ ئىمام جەفىرى سادىق ئەمەلىيەتتە مەدىنىگە دەپنە قىلىنغان، ىراق نىيىدىمۇ ئىمام جەفىرى سادىق مازىرى دېگەن مەشھۇر مازار بار. ساگۇچى تورۇنىڭ «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىنىڭ «ئىمام جەفىرى سادىق مازىرىنىڭ تارىخى» دېگەن بابىغا قاراڭ، 118-، 128- بەتلەر.

⑲ «ئىسلام قامۇسى»، 2 - توم 790 - بەت.

⑳ «ناۋايچىلىق رىسالىسى»، 3-، 4- بەتلەر.

㉑ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا 7033 مۇرشىدنى تىزىشنىڭ كونا نۇسخا بىلەن زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنى دېمەي بولمايدۇ.

㉒ «ناۋايچىلىق رىسالىسى» 12 - بەتتىن 16 - بەتكىچە.

قوشۇمچە (8):

# پايدىلانغان مەنبەلەر

1. ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.
2. ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكتەپ تارىخىدىن تېزىسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.
4. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكتەپ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» (1)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.
5. ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.
6. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى.
7. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئەزىزانە قەشقەر» (1)، (2)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى.

本书以可靠而证实的第一手资料来系统，详细的介绍维吾尔族生产和生活，居住，交通，服饰，饮食，乐器，纺织等手工艺的发展，分类及其一些典型的物质手工艺品及民俗手工艺品的制作和装饰方法。

**图书在版编目（CIP）数据**

喀什噶尔手工艺 ：维吾尔文 / 阿布都克力木・热合曼，阿迪力・穆罕默德编著. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2012.7

（《喀什噶尔》系列丛书 ；26）

ISBN 978—7—5373—2707—7

Ⅰ. ①喀… Ⅱ. ①阿… ②阿… Ⅲ. ①手工艺—介绍—喀什地区—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①J52

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2012) 第 144923 号

责任编辑：热孜万古丽・阿布力米提
特邀编辑：塔依尔・塔力甫
责任校对：热孜玩古丽・阿布来提

《喀什噶尔》系列丛书 —（26）

**喀什噶尔手工艺**

编著：阿布都克力木・热合曼
阿迪力・穆罕默德

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 9.25 印张 2 插页
2012 年 7 月第 1 版 2012 年 7 月第 1 次印刷
印数：1— 3000 定价：29.00 元

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998－2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ



ISBN 978-7-5373-2707-7

9 787537 327077 >

（民文）定价：29. 00 元